
# تارىم

AltunOq

1

1992

www.uyghurkitap.com




كۆزگە كۆرۈنگەن
تالانتلىق شائىر مەھەممەتجان
سادىق بىر نەچچە شېئىرىي توپلام،
«ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئى-
رىي رومان، ئون نەچچە داستان
ۋە باللادىلارنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ
«چىن مۇھەببەت» داستانى 1-
نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق
مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى
مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان. ئۇ
جۇشقۇن ئىلھاملار ئىلكىدە داۋام-
لىق ئىجاد قىلماقتا.

ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.



ئۇ ياش ئەدىبلەر بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىدا زىيارەتتە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

1

AltunOq

1992

42- يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

# بۇستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئە. تۇردى.............. ئاھ، ناخشا (پوۋېست).............................. 16
ت. ئابدۇغوپۇر .............. يىراقتىكى يۇلتۇز (ھېكايە)........................ 64
ق. ھەجەت..................... مەڭگۈلۈك ياشلىق (ئەدەبىي ئاخبارات)............... 79
س. ھاشىم................. ئاخىرقى قارار (فانتازىيىلىك ھېكايە)............... 88


## شېئىرلار


م. سادىق.............. ياپلاق ناخشىلىرى.................................. 4
ئا. خېۋىر.............. ئىككى شېئىر..................... ......... 7
ئا. مەخسۇت.............. كېلىمەن ئۇپۇقتىن تاڭلارنى باشلاپ................ 9
م. ئەبەيدۇللا.............. چۆل ناخشىلىرى..................................... 12
م. زايىت.............. قاغىلىقتا تۇغۇلغان غەزەللەر.......................... 14
ئا. تۇنىياز.............. ........ دەملەر جىلۋىسى................................ 70
ئا. ھەسەن.............. تارىم تۇيغۇسى ....................................... 74
ت. مۇھەممەتئىمىن .............. شېئىرلار........................................ 75
ھ. رەجەپ .............. ئىككى شېئىر.......................................... 77
م. ئەھەد.............. بۇ ـــ سايرام.......................................... 78
غ. قۇربان.............. ئىككى شېئىر......................................... 110
ن. يۇنۇس.............. مەن سەھەرنىڭ ئامراق كۆيچىسى........................ 111
ئا. ئالىم .............. گۈزەللىك ـــ يەردە.................................... 113
ئا. ھوشۇر.............. غەزەللەر........................................... 114
ئا. تۇرسۇن.............. ئىككى شېئىر....................................... 116
م. مېھمان.............. بىر نۇر كېلەر...................................... 116
ئا. قارى.............. ئۇستاز مېھرى......................................... 117
ئا. ئىدرىس .............. ئېزىقان سەيياھ..................................... 117

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئوبزورچى ماقالىسى...... ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى... 118

م. شاۋۇدۇن...... بالىلار ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى...... 122

س. سەلەي...... ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدا...... 126

ز. تاھىر...... «رەڭدار قۇيۇن» نىڭ رەڭدارلىقى نەدە...... 136

ھ. قاسىم...... ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم بىرقانچە مۇناسىۋەت... 140

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

موپاسسان...... مۇھەببەت: بىر ئوۋچىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۈچ بەت (ھېكايە)...... 149

## جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە

ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى باھادىر ئەدىب...... 155

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

3 ــ نۆۋەتلىك بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر...... 158

نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «تارىم» مۇكاپاتىغا ئەسەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش...... 160

* * *

بۇ سانىنىڭ مۇقاۋىسىنى ئا. ئەمەت، قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنخەتلىرىنى م. ئايۇپ، ت. نازىرى، ئابلىمىتلار ئىشلىگەن.

uyghurkitap.com

مۇھەممەتجان سادىق

# يايلاق ناخشىلىرى

## بۇ مېنىڭ تاغلىرىم

زۇمرەت سۇ،
سۇپسۈزۈك ھاۋا،
گۈل ـ گىياھ،
قارىغاينىڭ
پۇرىقى ئىپار.
خام قايماق،
سارىماي، قىمىز.
ئاھ، تېخى پاقلان گۆشچۇ،
ئېگىلگەن قامىتىم چىنار.
روھىم چېچەكلىمەكتە
چېچىپ خۇش پۇراق،
ئېچىلغان ئەتىرگۈل گويا يۈرىكىم،
تېنىمدە باھار!
قىزارماقتا قان تېمىپ
ئىككى مەڭزىمۇ،
گويا بەشكېرەم باغلىرىدا
مەي بولغان ئانار...
بۇندا ئىلھام جۇشقۇنلايدۇ،
كۆڭلىدا
مۇھەببىتىم
گۈل سۈيۈپ ئاققان ناخشىدەك!
بۇ مېنىڭ تاغلىرىم،
بۇ مېنىڭ يۇرتۇم!

بارمىدۇ يەنە بىر دىيار
ئالەمدە ماڭا ئەڭ گۈزەل،
ئەڭ ياخشىدەك!؟

## قىز قوۋاردا

چوغ رەڭلىك بۆكىگە ئۈكە قادىغان
چوغلۇقتەك گۈزەل جانان تۇلپار ئۈستىدە.
كېلىدۇ ياندىشىپ ئاق قالپاق كىيگەن
بوز يىگىت،
ياندۇ شەپەق ھۈسنىدە.
يورۇتۇپ ئېتىنى بارار ئىككىسى،
چېچەكلار پەرىگە قىران يۈرىكى.
بېشىنى بىر يانغا سەل ـ پەل قىيشايتىپ،
كېلىدۇ قىزارغان تاغنىڭ پۈرىكى.
ھايالىق كۆزلىرى چاچار ھارارەت،
چاقنايتتى يالقۇنى گۈل ـ گىياھلاردا.
تىكىلگەن كەينىدە قالغان سانسىز كۆز
ۋە ھەممە بۇركۈتلەر تىك قىيالاردا...
ئويۇننىڭ ئادىتى بويىچە يىگىت
سالمىدى پەرىزات بويىنغىمۇ قول.
سۆيمىدى بېشىنى قايرىپ يۈزىگە،
توختىماي كۆڭلىدىن گۈل چاچقان ئوغۇل.
ئويالغان قىز جىمجىت باراتتى ئاڭلاپ،
تەپ چاچار ئالەمگە چوغلانغان مەڭزى.

تۆكۈلەر كۆزىدىن يايلاقتا خىيال،
يىغەمدۇ ئاتىنىڭ ھۆكۈمران لەۋزى؟!
زادى ھەي، كىم ھاكىم قىز تەقدىرىگە،
تاغلاردا مۇھەببەت ئاچامدۇ چېچەك؟!
كۈتەمدۇ ھەسرەتتىن چېچى ئاقىرىپ،
ئاھ، بېلى مۈكچەيگەن جانىنى كېلىچەك!؟
ئاخىرقى پەللىگە كەلدى، يىگىتنىڭ
سۆزلىرى، ئېيتقىنا تۈگىگەنمىدۇ؟!
جاراڭلىق كۈيلەرنى ياڭرىتار، تارنى
قىز قەلبى ئۆزىگە يۆگىگەنمىدۇ؟!
ئۇ قاچار،
ئەمدىكى نۆۋەت ئاشۇنداق،
باياتىن گۈل چېچىپ كەلگەن يولىغا.
گۈزەل قىز قامچىسى ئوينا ھاۋادا،
يۆگىشەر يىلاندەك دۈمبە ـ غولىغا...
يالقۇنلۇق،
خىيالچان كۆزلىرى ئۇنىڭ
تىكىلەر گۈزەلگە نېمىدۇر كۈتۈپ.
قاچ، دېدى ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك،
تولۇنئاي قارىغاي كەينىگە ئۆتۈپ...
ئېگىردى شۇنداق بىر،
قىران يۈرىكى
قامچىسىز مىڭ پارە بولدى تىلىنىپ.
ئۇچتى ئات،
ئۆزىگە كۆرمەستىن راۋا
يەنە بىر سۆزلەشنى قىزغا يېلىنىپ...
بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇچماقتا
ئىككى ئات،
ھاۋادا قىزنىڭ قامچىسى.
بولمىدى،
ئاقارمۇ قىران يۈزىدىن
مۇھەببەت قان بولۇپ
قانىنىڭ تامچىسى؟!
ئاسماندا كۈلەر كۈن،
چۈشتى تۆۋەنگە
جانانىنىڭ قامچىنى تۇتقان قوللىرى...
بىلمىدىم، قانداقچە ئاياغلىشاركىن
ئەمدىكى سۆزلۈپ ياتقان يوللىرى؟!

## ئىنسان قەدرى

سەن مېنى سايىغا تولا چىلىما،
پەرزەندىم تومۇزدا كۆيگىنىم ياخشى.
مەنمۇ بىر ئادەمدەك كېرىپ مەيدەمنى،
خاماندا شاھانە كۈلگىنىم ياخشى!
قەدرى-قىممىتىڭنىڭ زەررىسى ئالتۇن،
بىلگەندە ئۆزۈڭنىڭ بىر شاھلىقىنى!
ياشىساڭ سايىدەك،
كەلمەس ئورنىغا
بىلگەندە ئۆمرۈڭنىڭ بىر ئاھلىقىنى!

## مۇھەببەت سۈرىتى

ياتىمەن يانپاشلاپ يېشىل تۆپىدە،
ئالدىمدا شاھ سۈرەت،
مەپتۇن كۆزلىرىم.
بىلمىدىم، ئوخشىتىپ سىزالارمىدۇ
ئۆزۈمدەك قوپال ۋە رەڭسىز سوزلىرىم؟!
تۆكۈلگەن شەپەقتىن ئېرىمەكتە تاغ،
قىزىرىپ ئوتقاشتەك گۈلگۈن بىر رەڭدە.
ئۈستىدە ئاق، سېرىق، قىزغۇچ بۇلۇتلار،
مۇھەببەت ئىلاھى كۆيەر بۇ دەمدە.
تاغ باغرى قارىغاي،
گويا ئۇنىڭدىن
ئۆرلەيدۇ چوغ رەڭلىك ھاياجان ئوتى.
ئاستىدا ياپيېشىل بىپايان ئوتلاق:
بىھېساپ، رەڭمۇرەڭ گۈل-چېچەك يۇرتى.
بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرار ئىككى ئات.
يېمەي ئاھ، گۈللەردىن يايراۋاتقاندەك.
ئۈستىدە ئولتۇرار سۇلۇ ۋە كۆرپەش،

www.uyghurkitap.com

بىر ـ بىرىگە قەلبىمنى سايراۋاتقاندەك.
تاغ گۈزەل،
گۈل گۈزەل،
مۇھەببەت گۈزەل،
ئىككى ياش سۈرىتى چاچار يالقۇن ـ ئوت.
كۆيەتتى ئاھ، گۈلخان يېشىل تۆپىدە،
ناخشىدىن ياڭرايتتى قەلبىمىدىكى يۈرت.

## جاسارەت

بىلمىدىم،
سېغىنىمىدۇ،
پىخسىقمىدۇ
ۋە ياكى جانغا ۋەھىمە.
چىقماقتا ئەنە، پۇرقىراپ،
يا، بۇ ھارپىسىمۇ بىر گۈزەللىكنىڭ.
سەزدىمۇ قارلىغاچلار بىر خۇشاللىقنى،
ئوينايدۇ سامادا شۇڭغۇپ،
چۇرقىراپ...
چاقنايدۇ ئوت قىلىچلىرى
ئۆرلىگەن قارامتۇل بۇلۇتنىڭ
دولقۇنلانغان باغرىدىن.
جاراڭلىتىپ تاغۇ ـ تاشنى
ياڭرايدۇ گۈلدۈرلىگەن سادا
ئەرشتىكى دۇمباق ـ ناغرىدىن...
بىر تال
ئىككى تال...
تامچىلاپ بېرىپ
تۆكۈۋەتتى سۈزۈك مېھرىنى
يايلاق ـ دالاغا...
گويا سۇغا چۈشكەن گۈزەللەردەك
يۇيۇنماقتا گۈل ـ گىياھلار...
چۈشەمدىكىن
ئاپتاپ چىقىپ شادىيانە ساماغا؟!

## گېنېرال تۇرغان يەر

ئىككى ساي قوشۇلغان ئاشۇ تۇمشۇقتىن
بىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ
ئىزى ئۆچتىمۇ!؟
بىلمىدىم، قارىغاي،
يېشىل ئارچىلار
شۇ قۇتلۇق تۇپراقتىن
ياشناپ ئۆستىمۇ؟!
بۇ يەردە بىر زامان گېنېرال تۇرغان
ساپماستىن يېپىنغان شىنىل يېڭىنى.
ئۇ، يىغان يۈزىنى ئويغاق بۇلاقتا،
كۈتتۈپ ئاھ... ئەل ـ يۇرتنىڭ پارلاق تېڭىنى...
كېچىلا بېگىز ۋە ئارا تۇتقانلار
ئۆتكەن بۇ جىلغىدىن
مىلتىق كۆتۈرۈپ.
كەتمىگەن كۈن ۋە تۈن بادام قاپاقلىق
خەرىتە يېنىدىن،
مىختەك ئولتۇرۇپ.
ياپيېشىل بۇتۇمشۇق بېشى ئاچالنىڭ①
تۇرىدۇ كۆكسىنى قۇياشقا تۇتۇپ.
قارىغاي ئارىلاپ ئاقار تاغ سۈيى،
يۈرىدۇ سەركەردە خۇش خەۋەر كۈتۈپ...
گېنېرال تۇمشۇقى تۇرار ھېلىمۇ،
ئۇ يەردە پونكىتى يېشىل ئورماننىڭ.
گۈل كۆرۈپ ئىزىدا شادلاندى يۈرەك،
گېنېرال ئولتۇرغان ئۇلۇغ گۈلخاننىڭ...

## قاراۋۇل

ئۆرلىگەن كۈچانىڭ سوپۇنىدەك تىلك
قاتىمۇقات تاغلارنىڭ ئۈستىدىن چوققا.
چوققىدىن قارىساڭ ئالدىڭدا ئاچال،
سىڭىدۇ كۆز نۇرۇڭ تاغ ۋە ئۇپۇققا...
بىر زامان چوققىغا كېلىپ ئادەملەر،

① جاي ئىسمى.

سېغىنغان، خۇدادىن سائادەت تىلەپ...
ئاخىرى كەلگەن بۇ تاغلار ئىچىگە،
تىلقىدىن باتۇرلار تىغىنى بىلەپ...
شۇ ئېگىز چوققىغا قويغان قاراۋۇل،
مىلتىقى ئۇچىغا قونغان تولۇن ئاي.
جەڭچىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان قۇياش،
كۆيلىگەن شادلىنىپ ناخشىسىنى ساي...
مىلتىقنى چىڭ تۇتۇپ كۈن-تۈن قاراۋۇل
كۆز يۇمماي قارىغان تاغ-ئىدىرلارغا.
بېرىدۇ سەگەكلىك تۈن ئارامنى،
دوستلىرى ئۇخلىغان ئاق چېدىرلارغا...
ئالدىمدا دۈشمەن بار،
قالار ئايرىلىپ

قۇياشتىن گۈزەل تاڭ،
يۇمۇلسىلا كۆز.
كەيندە جانجان قېرىنداشلىرى،
كەيندە يېڭىلا كۆلگەن دالا ـتۈز...
هازىرمۇ شۇ تاغ بار،
شۇ چوققىمۇ هەم،
ئاستىدا كۆيلەيدۇ ناخشىسىنى ساي.
كۈندۈزى كېلىدۇ ئۈستىگە قۇياش،
كېچىسى تەبەسسۇم قىلىپ تولۇن ئاي...
بۈگۈن شۇ چوققىنىڭ ئىسمى قاراۋۇل،
تۇرار ئۇ يىراققا كۆز تىكىپ هامان.
بىر زامان ئۈستىدە تۇرغان ئەزىمەت
جەننەتنىڭ ئىچىدە يۈرەر شادىمان...

ئابلىكىم خېۋىر

## نەسرى شېئىر

### مەغرۇر بۇلۇت

بۇلۇتقا ئوخشايسەن، تەنها ئاق بۇلۇت،
شايىدەك يېپىلىپ تۇرىسەن ماڭا.
تۇتاي دەپ قول سۇنسام تۇتالمايمەن هېچ،
قولۇمنى شايىغا ئورايسەن يانا.

چۈشۈمگە ئوخشايسەن، كۆرۈش مېنىڭدىن،
يېقىن يولاتمايسەن مېنى هېچ قاچان.
گۈڭگا شېئىرلاردەك غۇۋادۇر يۈزۈڭ،
سىرلىق ئاق پەردىگە ئورالغان هامان.

بۇلۇتتىن چۈشكەن بىر سايىگە ئوخشاش،
مەن ماڭسام ماڭىسەن، تۇرسام قاتىسەن.
قېنى چېچەكلەر ۋە ئۇ ئاسان ۋىسال،
بى رەهىم يىپرىڭغا مېنى چاتىسەن.

يا باغلان بېلىمگە پوتا بوپ مەيلى،
يا سىرتماق سال ماڭا، بىراق سۆرەپ كەت.
يا مېنى كۆكلەتكىن باغرىڭنى ئېچىپ
ۋەياكى جاننى ئال بىر يولى تۈگەت.

### سۈزۈك سۇ تەكتىدە ياتقىرىغان تاش

بۇلاق مۆلدۈرلەيدۇ ئاهۇ كۆزىدەك،
چىمەنلەر شۇ كۆزگە خۇددى كىرپىك قاش.
بۈدۈر چاچ بەئەينى ئىنچىكە ئېقىن
سۈزۈك سۇ تەكتىدە ياتىرار بىر تاش.
سۈزۈك سۇ تەكتىدە ياتىرىغان تاش،
ئۈستىدە ئوينايدۇ جىلۋىگەر قۇياش.
مۇهەببەت بېغىشلاپ باغ-باغ ئېتەر ئۇ،
ئاشۇ تاش بەختىيار، ۋىسالغا يولداش.
تاش بىلەن قۇياشنىڭ ئارىسى قانچە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يادىمدا قالماپتۇ ئاشۇ چوڭ بىر سان.
بىلمەيمەن مۇساپە بەك يىراق، لېكىن
ھەممىسە ۋىسالدىن تاش يايرار ھامان.
قارىسام شۇ تاشنىڭ پۈتۈن جىسمى نۇر،
گاھ قىزغۇچ، گاھ ئاقۇچ رەڭگە كىردى.
شۇ تاشنىڭ بەختىگە چالغاندەك چاۋاك،
يالپۇزلار شىلدىرلاپ سادا بېردى.
مېنىڭدىن كۆلگەندەك جىمىرلايدۇ سۇ
مىڭ-تۈمەن يۇلتۇزنى بېتىگە يىغىپ.
مېنىڭدىن كۆلگەندەك يالتىرايدۇ تاش،
قۇياشنىڭ قويىندا ئىبغىناپ يېتىپ.
سىلەرگە كۆپ مەندە ئەڭ ياخشى تىلەك،
مۇھەببەت ئەھلىگە كۆڭلۈم بېغۇبار.
گويا كى شەبنەمدە يۇيۇلغان چېچەك.
سۇزۇك سۇ تەكتىدە يالتىرىغان تاش،
ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمەيدۇ ساڭا.
قاچانكى، قاي سەھەر شۇ تاش ئاسماندىن
بۇلاققا چۈشكەن ۋە ئوت چاچقان ماڭا.
كېيىن شۇ ئوت مېنى باغرىغا ئالغان،
كېيىن شۇ ئوت مېنى قىلدى بەختىيار.
بۈگۈنكى شۇ تاشتەك ئېرىتكەن مېنى
قۇياشتەك مۇھەببەت كۆرسىتىپ دىدار.
كېيىن كۆرگەن چۈشلەر، كېيىنكى شادلىق،
كېيىن شۈبھىلەرگە يول بەرگەن دەزلەر،
كېيىن تارتقان دەردلەر ئېيىپ كەلدى مېنى،
شۇ بۇلاق ۋە بەلكى كۆڭلۈمنى بەزلەر...
شورلۇق پېشانەمنى سۆزلەيمەن تاشقا،
بىراق تاش چۈشەنمەس كەچمىشلىرىمنى.
ئالدانىدىم دېمەيمەن، ئۆزۈمگە كايىپ،
تەقدىر خاتاسى دەپ ئەتمىشلىرىمنى.

* *

ياش ئانا يۈزىدە غەزەپ بولۇتى،
كۆزلەردىن يانىدۇ ئۆچلۈك چاقمىقى.
ياش ئانا كۆزىنى زورلايدۇ ياشقا،
قان يۇقى قەدەھتەك ئىككى چانىقى.
ياش سىرغىپ تامچىلار مەڭزىدىكى بۇۋاق
ئالەمدىن بىخەۋەر ياتىسەن تېخى.
بىلمەيسەن ئالەمگە سەن ئاچقاندا كۆز،
ئاناڭنى باسقانتى ئۇۋاللىق تېغى.
بىلمەسەن تاردىن ئۆتتى ئاي-پەسىل،
قىرغاقنى كۆرسەتمەس جېدەل دەرياسى.
زادىلا كار قىلماس تەرسا ئاتاڭغا،
يېلىنىش، نەسىھەت، قەسەم داۋاسى.
باغرىنى ساڭا بىر ئاچمىدى ئاتاڭ،
مەڭزىنى مەڭزىڭگە ياقمىدى ئاتاڭ.
ئاتىلىق شادلىقى ئۇنىڭدىن يىراق،
كۆندەشلىك يولىدىن قايتمىدى ئاتاڭ.
چېچەكمۇ چېچەكلەرنى يېشىپ كەتكۈچە
بەلكى ئاقىرىدۇ كاتېپنىڭ چېچى.
چەكمۇ تۆگۈنلەرگە ئۆرۈپ بىر پېچاق
ئايرىيدۇ ئىككىگە، بۇ كاتىپ ئىشى.
بوۋاقنىڭ جەننىتى ئانا قۇچىقى،
بالىنى ئايرىماڭ ئاشۇ جەننەتتىن.
ئانا مۇھەببەتنى يۆتكەپ بوۋاققا،
سوت بېرەر بىر ئۆمۈر جاپا ـ مېھنەتتىن.
ئاتا غالىب كېلەر بەلكى جېدەلدە،
ئارتۇق زورۇقۇشلار بىكاردىن ـ بىكار.
يېگى بىر ۋىسالدىن باي بولار، بىراق،
ئەخلاق گادايلىقى ئېتەر ئۇنى خار.

* *

سۇزۇك سۇ تەكتىدە يالتىرىغان تاش،
زۇۋان سۇردى سۇدىن كۆتۈرۈپ ھەم باش:
سېنىڭ سىرىڭ ماڭا تامامەن ئايان،
ئەمدى ئۆز سىرىمنى قىلاي ساڭا پاش.
مەنمۇ بىر چاغلاردا سەندەك قىز بولغان
تالايلار باش قويغان ئېتەكلىرىمگە.

مەغرۇر نەزەرىمنى ئاسمانغا باغلاپ،
قۇياشنى جور كۆرگەن ئىستەكلىرىمگە.
قۇياش بىر يىگىتكە ئايلانغان كەبى،
بىر نۇر پەيدا بولدى مەھەللىمىزدە.
كۆپ ئۆتمەي نۇرلاردىن ياسالدى ھۇجرا،
نۇردەك ئاتلار چاپتى ھەر چەللىمىزدە.
بىراق، قۇياش كىمگە نۇر بەرمەس، دەيسەن،
نۇر يىگىت ھەر كىمگە ياققانىنى كۆردۇم،
بەزىدە ئۆزۈمگە ھەي، يۈرە، دېدىم،
بەزىدە ئۆرتەندىم، تىرىكلا ئۆلدۈم.
قانچە ئاسان يەتكەن بولسام ئۇنىڭغا،
ئۇنى شۇنچە ئاسان كەتكۈزدۈم قولدىن.
قۇياشقا يىغلىدىم، يەرگە يىغلىدىم،
ئادالەت تىلىدىم ھەتتا ئوڭ ـ سولدىن.
تولا ياش تۆككەنگە قۇرۇيدىكەن تەن،
تاشلاندۇق قاپاقتەك خارلاندى سۆيگۈ.
يا داڭگال، يا تاشقا ئايلانسام دېدىم،
جىسمىمدىن ئاشۇنداق يىتكۈچە سەزگۈ.

سەن بۇلاق بويىغا چىققان بىر سەھەر،
بىر يىگىت ئاتقان تاش يادىڭدا، بەلكى.
ئاشۇ تاش دەل مەن شۇ، شۇ چاغدىن بېرى
قۇياشقا باغلاندى كۆڭلۈمنىڭ ئەركى.
ئىشەنگىن، يىگىتنىڭ قەسەملىرىگە،
ئاسانلا ئېرىدىك ئاگا بېرىلىپ.
ئۇ يىگىت بۇلاققا ئېيتسا ئەرزىنى،
مەن سېنىڭ، دەپ سالدىڭ باغرىڭ ئېزىلىپ.
سەن مېنى بەختلىك دېسەڭ ئەگەردە،
تاش بولۇپ چۈش قېنى سۇنىڭ تەكتىگە،
مەندە يوق كۈندەشلىك ھالاكەت، سەۋدا،
تاش قانداق ئولتۇرسۇن تاشنىڭ بەختىگە؟!
تاشنىڭ قىسمىسىنى ئاڭلاپ سۇ بولۇپ،
قىسمەت كۆزلىرىدىن ئاقتىم تامچىلاپ.
بىر بوۋاق ياتىدۇ چىمەندە ئەنە،
يىغىسى ئەقلىمنى قالدى قامچىلاپ.
ياق مەن شۇ بوۋاقنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن،
ئەرتىسى ئۈچۈنمۇ ھايات قالىمەن.
ھاياتنى سۆيۈشتىن ئۇلۇغ مۇھەببەت
يوق، دېگەن چوقانىنى ئەمدى سالىمەن.

*     *

سۈزۈك سۇ تەكتىدە يالتىرايدۇ تاش،
ياش ئانا كۆزىدىن قۇرۇپ كەتتى ياش.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# كېلەمەن ئۇيۇقتىن تاڭلارنى باشلاپ

## كېلەمەن تاڭلارنى باشلاپ

كېلەمەن ئۇيۇقتىن تاڭلارنى باشلاپ،
ھەر ئىزدا چاقنايدۇ ئىجاد، ئىنتىلىش.
ھەر جۈپ كۆز سەتھىدە چاقنايدۇ سۆيگۈ،
ھەر قەلب قەسرىدە بەخت ـ ئاسايىش.
ھەر تاڭنىڭ پەيزىدۇر بۈندا باشقىچە،
ھەر زەررە نۇر بېرەر ئىقبالدىن خەۋەر.
تۇغۇلار ھەر تاڭدا ئۇلۇغۋار خىسلەت،
ئۈمىدلەر چوققىسى: قېنى ياماش دەر.

كېلمەن ئۇيۇقتىن تاڭلارنى باشلاپ،
تەبىئەت كۆزىدىن ئېلىپ ئۇيقۇنى.
ھەر كۆلكە بېغىشلار ئالەمگە شادلىق،
شادلىقلار تۇغدۇ پۈتمەس تۇيغۇنى.

كېلمەن ئۇيۇقتىن تاڭلارنى باشلاپ،
دالىلار، باغلارغا چىلىلاپ باھارنى.
چىرايلىق گۈل دەستە ئېلىپ كېلمەن،
نۇر كەبى باغاشلاپ ئالتۇن دىيارنى.

ھەر چېچەك باغرىدىن تۆكۈلەر ئىپار،
سابالار قىيغىتار ياپراقلار ئارا.
قىرغاقلار ۋەسلىدە تاڭنىڭ جىلۋىسى،
دەريالار لېۋىدە ياڭراق بىر سادا.

كېلمەن ئۇيۇقتىن تاڭلارنى باشلاپ
ئانا تەبىئەتنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ.
ئىزدىسەڭ سەن مېنى ۋەتەن كۆكسىدە
ھەر چېچەك لېۋىدە تۇردىمەن چاقناپ.

## سېنىڭ خىيالىڭ

تېنىمگە جان، كۆزۈمگە نۇر، ۋەتەن سېنىڭ خىيالىڭ،
جاھان باغى ئارا تەنھا ھەر تال گۈلۈڭ، نىھالىڭ.

كەزدىم جاھان بازارىنى ئوڭۇمدا ھەم چۈشۈمدە،
لېكىن ماڭا باھار، بەخت بولدى ۋەتەن ۋىسالىڭ.

مېنى سۆيگۈ ۋادىسىغا ئاشنا قىلدى، بەنت قىلدى،
تىنىق كۆكتە يانغان قۇياش، يۇلتۇزۇڭ ھەم ھىلالىڭ.

يۈرىكىمگە زەمزەم بولۇپ، ياشارتتى جان - تېنىمنى
ۋۇجۇدۇڭدىن سىرغىپ ئاققان ئابى كەۋسەر زىلالىڭ.

قانات بولدى سابالىرىڭ، پەرۋاز قىلدىم ساماغا،
گۈزەللىكتە يېگانىسەن، زەپمۇ گۈزەل جامالىڭ.

بۇلبۇل ناۋا قىلار سېنىڭ چىمەنىڭدە چاڭىلداپ،
قايسى دىلنى مەپتۇن قىلماس مەزمۇت قەدەم، كامالىڭ.

## يۇرتنى سېغىنىش

تەشنالىقتا لېۋىم چاك - چاك يېرىلىپ،
كەلدىم يۇرتۇم بىر چۆمۈچ سۇ بەر ماڭا.
تۈننى تاڭغا ئۇلاپ سۆزلەي ھىجرانىمنىڭ
دەردلىرىنى قەدىردانىم مەن ساڭا.

ئېغىر ئىكەن ئانا يۇرتنىڭ ھىجرانى،
كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ كەتتى، ئاقمىدى.
دوستلىرىمغۇ ھال سوردى كېسەل دەپ،
لېكىن مېنىڭ يۈرىكىمگە باقمىدى.

كەلدىم يۇرتۇم قۇچىقىغا لېۋىم چاك،
بىر چۆمۈچ سۇ سوراپ سەندىن ئىچەي دەپ.
قۇرۇپ كەتكەن كۆز ياشلىرىم تۆكۈلسۇن،
قۇچىقىڭدا شامدەك ئېرىپ كېتەي دەپ.

## قار

قار توزۇتۇپ گىـرگىرەر بوران،
تىنىقلىرىم مۇز بولۇپ قاتار.
يۈزلىرىمگە ئۇرىدۇ نەشتەر،
باسالمايدۇ ئىزلىرىمنى قار.

چىرقىرايدۇ، ئۇچىدۇ قايان،
قۇچاقلىشار سۈكۈت بىلەن ئۇ.
تىنىچ ئۇيقۇغا كېتىدۇ بوران،
قار لېۋىدە بىر يېڭى تۇيغۇ.

چارچىدىمۇ، ئالدىمۇ ئارام،
چۈشلىرىگە كىردىمۇ باھار.
يىلىلىق سۆيگۈ ئاھۇ كۆزىدە
تىلىكى ساپ، قەلبى بەختىيار.

## يولدا

يولغا چىقماس مەقسەتسىز ھېچ كىم،
يۈرمەس يىگىت ساندىلىپ ھەريان.
مەن شۇ يولدا كېلىمەن ھەر كۈن،
يۈرىكىمدە ئەتكى جاھان.

مەن بۇ يولدا يۈرىمەن ھەر كۈن،
كۆرۈنەرمەن ساڭا خاتىرجەم،
مەنزىللەرگە تەشنا، ئالدىراش،
ماڭا ھەمراھ شادلىق بىلەن غەم.

مەن بۇ يولدا يۈرىمەن ھەر كۈن،
ماڭا ھەمراھ ھــەر خىل ئادەملەر،
مەن بىلمەيمەن ئۇلارنى زىنھار،
ھەر مەقسەتتە باسقان قەدەملەر.

مەن ئۆزۈمگە كۆرمەسمەن راۋا
جاھان ئىشى، جاھان غېمىنى.
ئاۋارىمەن ئىجاد، ئەمگەكتە
تولدۇرالماي ھايات كېمىنى.

قەدەم ئىزىم ئاشۇ يوللاردا
شۇ تۇپراقتىن ئالىمەن نەپەس.
مەن بۇ يولدا كېلىمەن ھەر كۈن
يۈرىكىمدە بىر ئىزگۈ ھەۋەس.

## ھايات لىرىكىسى

سېھىرلىك خىياللار ئىلكىدە شۇ دەم،
ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغا كۆزۈم تىكىمەن،
ئۈمىد ساھىلىدا كېزىمەن تەنھا،
ئەجرىمدىن ئۈپۈققا گۈللەر چېكىمەن.

جۈپلەشمەس كىرپىكلەر تاڭلار ئاتقۇچە،
قاناتلىق خىياللار كېزەر دۇنيانى.
ئاي كەبى يۈز ئاچار ئىلھام پەردىسى،
زۇۋانغا كەلتۈرۈپ بۇلبۇلگويانى.

باھار چەشمىلىرى ۋادىلار بويلاپ،
جۇشقۇن ئاھاڭلاردا دىلنى قىلار مەست.
پەسىللەر خىسلىتى، كۆركى ئۆزگىچە،
ھەممىگە بار مەندە مۇھەببەت ھەۋەس.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

# چۆل ناخشىلىرى

(سىكىل)

## دالا گۈلى

ياۋا گۈل دەپ ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ سىنى،
ئېيتقىنا، بىر ئاڭلاپ باقاي نۇقسانىڭ نەدە؟
گۈلۈك ئەمەس، يەلتىزىڭغا نەچچىنى سۆيەي،
نۇقسان بولسا ئەگەر راستىن ئۆسكىنىڭ چۆلدە.

باغ - ۋاراننى تالاشىدىڭ گۈلۈكنى پەش قىپ،
ماكان بولۇپ كەلدى ساڭا دەشتى - چۆل دائىم.
كۈنگەيلەردە، قاپتاللاردا ھاياتلىق تېپىپ،
ئۆستۈڭ چاڭقاپ، بورانلاردىن يېمەي غەم - ۋايىم.

قېيىدىمىدىڭ ئېقىنلارغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ،
بولۇپ كەلدى سىرداش ساڭا يامغۇر ھەم بۇلۇت.
زىمىستانغا پەرۋا قىلماي تاشلارنى يېرىپ
بوي تارتسەن قىيادىمۇ چوققىدەك مەزمۇت.

داۋراڭ قىلىپ نام - ئاتاقمۇ قىلمايسەن تەلەپ،
يوقتۇر بەلكىم ئارزۇلىرىڭ - مەقستىڭ بۆلەك.
خۇشلۇقۇڭ شۇ ئانا يەردىن بىر ئورۇن ئالساڭ،
بېزەپ تۇرساڭ ئەتراپىڭنى ئېچىپ گۈل - چېچەك...

ياۋا گۈل دەپ ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ سىنى،
ئېيتقىنا، بىر ئاڭلاپ باقاي نۇقسانىڭ نەدە؟
ئاشۇ قەيسەر غوللىرىڭغا نەچچىنى سۆيەي،
نۇقسان بولسا ئەگەر راستىن ئۆسكىنىڭ چۆلدە!

## سايرا، بوز تورغاي

سايرىغىن بوز تورغاي، سايرا مەست بولۇپ،
كەڭرى بىر سەھنىدۇر ساڭا بۇ ئاسمان.
سەن ئۇندا تېخىمۇ مەغرۇرسەن، شادسەن،
كۈيلەيسەن ساداقەت، پاكلىقنى ھامان.

كۈمۈشتەك يالتىراق ماۋۇق پەيلىرىڭ
چاقنايدۇ قۇياشنىڭ نۇرىدا بالقىپ،
كەۋسەردەك كۈيلەرگە كۆمۈسەن بىزنى،
بۇلبۇللار چەك قويغان نۇقتىدىن ھالقىپ.

مۇقەددەس ساقلايسەن ئاشيانىڭنى سەن،
تۇرىسەن ئالەمنى كۈيلەرگە چېتىپ،
باھاردىن تاكى قىش ـ زىمىستانغىچە
تۈگىمەس سەن بەرگەن كەۋسەرنى تېتىپ.

بۇ خىسلەت ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ سەندە،
بار ئۇندا ۋاپا ھەم ئاتەشتەك كۆيۈش.
نەقەدەر گۈزەل ھەم نەقەدەر ئېسىل
سەندىكى مۇھەببەت، سەندىكى سۆيۈش.

سايرىغىن، بوز تورغاي پەرۋاز قىپ كۆكتە،
ئامەتلىك ماكاندۇر ساڭا بۇ كۆك ئاسمان.
سەن ئۇندا تېخىمۇ مەغرۇرسەن، شادسەن،
كۈيلەيسەن ساداقەت ـ پاكلىقنى ھامان.

## ئانا چۆل

تۇرىسەن بەئەينى چۈش دۇنياسىدەك،
ئاجايىپ سىرلىق بىر تۇيغۇغا پېتىپ.
بولىمەن تۈگىمەس خىياللارغا غەرق،
بىپايان باغرىڭغا باقسام كۆز تىكىپ.

تىلسىمۇ چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلۈكلەر،
ئېيتقىنا ياسىدىڭ سەن ئۇنى كىمگە؟
كېچىدە نۇر بەرگەن يۇلتۇزغا، ئايغا
ۋە ياكى قوينۇڭنى يىلىتقان كۈنگە!؟

شاخ ئايرىپ ئۆسۈشكەن قويۇق يۇلغۇنلار
تۇرىدۇ بىپايان باغرىڭنى بېزەپ.
توغراقلار سەن قويغان قاراۋۇلمۇ ـ يا؟
تۇرىدۇ كۆكسىنى بورانغا تەڭلەپ.

دېڭىزنى چۈشەيسەن، چاڭقايسەن ھامان،
ئاشىقلار ھالىغا ئوخشايدۇ بۇ ھال.
پارلايدۇ كۆزۈڭدە ئۈمىد قۇياشى
مەڭدەيدۇ ئىزدىتقۇ بولۇپ بۇندىن لال.

شۇنچىلىك ھېسابسىز باغرىڭدا بۇ قۇم،
نېمە دەپ ساقلىدىڭ ئەسىرلەپ ئۇنى؟
دېدىڭمۇ بىر كۈنى تۇغۇلسا ئىنسان،
مارجان قىپ بوينىغا ئاسىدۇ بۇنى؟

بۇ ئۆزۈڭ ئۆتكەندە كۆپ كۆرگەن بىر چۈش،
ئوڭۇڭدا كۆپ ئىزدەپ بولغان خوپ ئادا.
تاڭ قىلىپ جاھاننى ئاڭلىغىن ئەمدى
چىقماقتا قوينۇڭدىن مەن كۈتكەن سادا.

## بۇلاق

ئەسىرلەپ ئۈن ـ تىنسىز سۈكۈتكە چۆكۈپ،
چۈش كۆرۈپ قىشمۇ ياز چۆلنىڭ قوينىدا،
ئوخچۇيدۇ بىر بۇلاق زېمىننى سۆيۈپ،
قەدىمىي قۇملۇق بىر يارنىڭ بويىدا.

زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلىرى ئۇنىڭ.
چىقىدۇ بۇلدۇقلاپ زېمىن كۆكسىدىن.
پاكلىقى سۈپسۈزۈك ئاسمانغا تەققاس،
قېلىشماس تەمى ھەم ئانا سۈتىدىن.

ئاقار ئۇ قۇملارنى قۇچاقلاپ مەھكەم،
بارمايدۇ سۇلىرى ئەمما ئۇزاققا.
ياشارتىپ سۆكسۆكتە ئەتراپلىرىنى،
سىڭىدۇ ئۈن ـ تىنسىز ئانا تۇپراققا.

قايسى كۈن، قايسى چاغ، قايسى زاماندىن،
قايسى زات كولىغان بولغىمىدى ئۇنى؟

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەۋجۇتلۇق ھېسسىنى يوقاتقاچ تامام،
ئېنىق دەپ بىرەلمەس ئۆزدىمۇ بۇنى.

ۋە لېكىن ئۆتمۈشنىڭ ئۇنتۇلمىقى تەس،
قەلبىمدە بار ئۇنىڭ قىزىق ھېكايەت.
بۇ يەردە بۇرۇن بىر بوستان بولغان دەپ،
سۆزلەيدۇ ئۇ ساڭا ئۇزۇن رىۋايەت.

## قەدىمىي يول

بۇ زېمىنىنىڭ كۆرگەن چۈشىمۇ
جىمجىت ياتقان چۆل ـ جەزىردە،
بويلىرىدا يەلپۈنسە توغراق،
ئوقار يۇلغۇن مۈڭلۈق قەسىدە.

ئۇچۇپ كەتكەن ئۆكۈمۇ ئۇنىڭ،
ئەسىرلەرنىڭ ھېسابى ئىزدا.
ئىزناسىمۇ يوقالغان ھەممە
گاھى يەرلەر كۆمۈلۈپ قۇمدا.

پەللىسىمۇ ئېنىقسىز پۈتكۈل،
نەدىن كېلىپ، باردۇ نەگە؟
بۇ تېپىشماق تېپىلماس بەلكىم،
ئايان ئەمەس سىرى ھېچكىمگە.

لېكىن، ئېنىق بۇندا بىر نەرسە:
ئۇندىن بىزنىڭ ئەجدادلار ماڭغان.
شۇڭا ئۆچمەي بۇ غالىب ئىزلار
قۇياش بولۇپ مەڭگۈگە يانغان.

ماھمۇت زايىت

# قاغىلىقتا تۇغۇلغان غەزەللەر

1

مەن سېنى قىلدىم زىيارەت قاغىلىق،
قوزغىدىڭ دىلدا ھارارەت، قاغىلىق.
چىقتى ئالدىمغا تەجەللى بەر ھايات،
كۆيلە! دەپ قىلدى دالالەت، قاغىلىق.
ئاقتى قەلبىمدە ھاياجان ماگمىسى،
تاپقىنىڭغا بەخت ـ ئامەت، قاغىلىق.
گۈللىنىپتۇ كەڭ خالاستان ۋادىسى،
ئورنىغاچ ئەلدە ئادالەت، قاغىلىق.
بەشئېرىق، چاۋاغ، چىپان، سىرىغاتا①
باغ كەبى ئاپتۇ قىياپەت، قاغىلىق،
بوپتۇ ئاۋات تاغ، بازار، سەھرالىرىڭ،
جانلىنىپ سودا ـ تىجارەت، قاغىلىق.
ياشنىغاچ ئىرپان، ھۈنەر، سەنئەت، ئىجاد،
ئەل تېپىپتۇ قۇت ـ كامالەت، قاغىلىق.
قىلدى ئىزھار تۇرمۇشىڭنى داستىخان،
يار ئىكەن ئەلگە ھالاۋەت، قاغىلىق.
ئالدى ماھمۇت نەزمىگە سەندىن بۈگۈن
يېڭىچە ئىلھام، ماھارەت، قاغىلىق...

2

تۇرۇپ قالدىم كۆرۈشكەن چاغدا ھەيھات،
ئىدى ئۇ ئەسلى دېھقان بەكمۇ نامرات.
جاپالىق ئەمگىكى ئۇچقان شامالغا،
چېكەتتى ياش تۇرۇپ غۇربەتتە پەرياد.
بۈگۈن ئۇ باشقا ئادەم، باشقا دۇنيا،
چىرايىدا خۇشاللىق، قەددى شەمشاد.
چىقىپتۇ ئەجرىدە تۈنجى داۋانغا،
بولۇپ مەردلىك، ئەقىل بابىدا پەرھات.
ئۇنىڭ ئىلكىدە يەر، خومدان، تراكتور،
قوتاندا قوي، ئېغىلدا جىق كالا ـ ئات.
گويا خاقان سارايى باغۇ ـ ھويلا،
سۇپا، شىپاڭ ۋە تامدا زىلچە قات ـ قات.
كېلىنچەك قەسىردە ئۈچتى خىيالىم،
كۆرۈپ دوستۇمنى بۇنداق باي ـ باياشاد.
چۈشەندىم بولسا دەۋران تىنىچ، ئىناق ئەل
تاپاركەن بەخت ـ ئىقبال يۇرت ۋە ئەۋلاد.
تۈزۈپ سورۇن مېنى ئۇ قىلدى مېھمان،
دېدى: ماھمۇت، كېلىپ تۇر بۇندا پات ـ پات...

① قاغىلىقتىكى يېزىلار.

3

ئىدى ئۇ نەۋقىران نوتا، چىنار بوپتۇ،
چېچىغا قونغىنى گويا كى قار بوپتۇ.
ئىناق ئۆتكەن ئىدۇق داشۆدىكى چاغدا،
كى ئايرىلغانغا ئوتتۇز قىش-باھار بوپتۇ.
بولۇپ باغۋەن تۆكۈپتۇ تەرىنى بۇندا،
ئۇنىڭ تۆھپە بېغى گۈل-لالىزار بوپتۇ.
ئاڭا ياتكەن قېرىش، چارچاش تېخى ياپپاش،
كۆزى بىر ئوت يۈزى-مەڭزى ئانار بوپتۇ.
ئۆتۈپتۇ كۆپ مۇشەققەت تېغىدىن ھالقىپ،
ئىرادە، ئېتىقاد، غايە، مادار بوپتۇ.
سىنىپ-مۇنبەردە دەرس سۆزلەپ، بېرىپ
تەلىم،
تالاي ئەۋلادقا ئۇستاز، غەمگۇزار بوپتۇ.
ئۇنىڭ تەربىيلىگەن شاگىرتلىرى ئەمدى
يۈرۈش كارۋانىدا — سەپتە قاتار بوپتۇ.
تېپىپ ئەجرى بىلەن يۈكسەك شەرەپ-ھۆرمەت،
ھاياتى مەنىلىك ھەم بەختىيار بوپتۇ.
سۆيۈپ قالدى بۇ يۇرتنى دىلىدىن ماموت،
زامان باغۋەنلىرىگە كەڭ دىيار بوپتۇ...

4

ئەل ئىشەنگەچكە ساڭا ئوغلى بىلىپ،
سايلىشىپتۇ يۇرتىغا باشچى قىلىپ.
دىلدا شادلىق — ئىپتىخارىم ئۇردى جۇش،
ئىش-ئىزىڭنى ئاڭلىغاچ بۇندا كېلىپ.
ياخشى ئاتقا قامچا لازىم بولمىغاي،
چاپىدۇ مەنزىلگە تېز تىزگىن سېرىپ.
ئەل ئۈمىدى يەردە قالماپتۇ بۈگۈن،
ئالغا ئۆرلەپسەن ئېغىر يۈكنى ئېلىپ.
قوزغىتىپ يۇرتنى قىلىپسەن ئىسلاھات،
كۈچ ۋە ئەقلىڭنى تولۇق ئىشقا سېلىپ.
قەد كۆتۈرمەكلىك يولى بوپتۇ راۋان،
تۈگىگەچ تۈمۈر تاۋاق، كونا قېلىپ.
دوست ۋە سىرداشلار ئىدۇق بىز ئەسلىدە
يات ئىدى ساڭا تەمەننا ھەم پىرىب①
پاك، دىيانەتلىك ئىكەنسەن ھېلىمۇ،
خىسلىتىڭ چاقناپتۇ ئەلدە نۇر بېرىپ.
يۇرتنى گۈللەت، تېخىمۇ ئۆسكىن يەنە،
كۈيلىگەي ماموت سېنى داستان قىلىپ...

5

دەمسىنا كىم؟ قاغىلىقنىڭ قىزى بۇ،
ھۆسنى بابىدا پەرىنىڭ ئۆزى بۇ،
ئويلىما كەچتە چىراغىمۇ پارلىغان؟
شۇ پەرىنىڭ تولۇن ئايدەك يۈزى بۇ.
بىر نىگاھى قىلسا باغرىڭنى كاۋاپ،
دېمىگىن يالقۇن، گۈزەلنىڭ كۆزى بۇ.
زەپمۇ سۇمباتلىق، قولى ئالتۇن گويا،
ئىش ۋە مەردلىكتە زامان يۇلتۇزى بۇ.
سورىدىڭ: جەننەت بولۇپتۇ يۇرت چۆلى
شۇ گۈزەل چەككەن رىيازەت ئىزى بۇ.
ئويلىدىڭ: بۇ جاي ئىكەن زۇمرەت دېڭىز
نە دېڭىز، قىزنىڭكى باغ-ئېتىزى بۇ.
پاك، ۋاپادار، مەرد يىگىتنىڭ يارىمەن،
شۇ نىگارنىڭ چىن سەمىمىي سۆزى بۇ،
ئەيىبلىمەڭلار، ئاڭا قالدىم باغلىنىپ،
كۈيچى ماموتنىڭ ۋىسال كۈندۈزى بۇ...

6

كۈي-مۇقامنىڭ قاغىلىق بىر خەزىنىسى،
ئۆكسۈمەس قىش-يازدا مەشرەپ-بەزمىسى.
يېڭى كەلگەنلەر دېگەي قالتىس ئىكەن،
بۇندىكى تۇرمۇش، ئۆمۈرنىڭ مەززىسى.
ئۆزگىچە ئالدىم ھۇزۇر شۇ يۇرتتا مەن،
ئەسلى بولغاچ كۈي-مۇقام پەيۋەندىسى.
كۈتتۈۋالدى، راسلىدى سورۇن ماڭا،
تۇردىكام② ئوغلى، تەجەللى نەۋرىسى.
كەلدى خىل رەققاس، مۇزىكانت، ناخشىچى
ياقتى كۆڭلۈمگە ئۇسسۇلى، نەغمىسى.
ئاردىلاپ مۇشائىرە زەپ قىزىدى،
بەردى زوق دىلغا شېئىرنىڭ پەيزىسى.
ياڭرىدى شاد كۈلكە-چاقچاق تاڭغىچە،
ئاپىرىن ھىسام ئىكەنغۇ ھەممىسى.
ئويلىدىم: بۇنداق كۆڭۈللۈك بەزمىلەر
توق-باياشات، تىنچ ھاياتنىڭ بەلگىسى.
بەردى رىغبەت دوست-قەلەمداشلار ماڭا،
توختىماس ئۆمرىدە ماموت نەزمىسى...

① ھېيلە-مىكىر.

② مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا (قاغىلىقتا تۇغۇلغان).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەت تۇردى

# ئاھ، ناخشا

(پوۋېست)

## بىرىنچى باب

### ئايچېچەك

«تالانت ئىگىسى تۇسقۇنلاردىن خالىي
بولالمايدۇ. چۈنكى تۇسقۇنلار تالانت
ئىگىسىنى يارىتىدۇ.»
— رومەن روللان



1

سەھنە ئۇنىڭ ماكانى، ئىپتىخارى ۋە دۇن-ياسى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ يەردە تۇرۇپ ئېيتقان بۇنداق لەززەتلىك، يېقىملىق ۋە نەپىس ناخشىسىنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەم تەسىرلەنمەي، ھاياجانلان-ماي، چاۋاك ئۇرماي تۇرالمايتتى!

چاۋاك يەنە كۆتۈرۈلدى، ناخشىچى زىلۋا، ئەۋرىشىم بەللىرىنى ئېگىپ مۇلايىمغىنا سالام بەر-دى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئالقىش ساداسى يەنە ئۇزۇن-غا سوزۇلدى. ئانچە-مۇنچە ئىسقىرتقان، تۇۋلىغان ئاۋازلارمۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن ئاڭلىنىپ قالدى. ناخشىچى ئىلاجىسىز باشقا بىر ناخشىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەييارلاندى. مۇزىكانتلار پائۇزا ئۇردى. ناخشىچىنىڭ ياڭراق، سۈزۈك، يېقىملىق ئاۋازى سەھنە تەرەپتىن ئاستا-ئاستا لەيلەپ كەلدى:

ئاي كۈلۈپ نۇرانە كېزەر جاھاننى،
تولۇن ئاي يۈزىدە يارنىڭ سىيماسى.
يارىمنى كۆردۈم مېنى ئۇنىڭدىن،
شۈكلاشقا بىلىنمەس ھىجران ياراسى!

ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكى ھەرىكىتى، سىياقى خۇددى ئېچىلىۋاتقان رەڭگارەڭ گۈللەرگە، نۇر چاقناپ تۇرغان مەرۋايىتقا ئوخشاش جەزىبىلىك ئىدى. ئۇنىڭ بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئەركىلىتىپ، مەغرۇرلىنىپ ئېيتقان ناخشىسى گويا ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنى، ئۇنىڭ تىك چوققىلىرىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قەيسەر بۈركۈتلەرنى، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريالارنى، بۈك-باراقسان ئورمانلىقلارنى، شېرىن مېۋىلىك باغلارنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى ۋە كىشىلەرنى شۇ يەرلەرگە بېرىپ، بۇ خىل تەبىئىي گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانغاندەك يېقىملىق ھېسسىياتقا چۆمدۈرەتتى.

ناخشىچى ھەقىقەتەنمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى، بۈگۈن ئۇنىڭغا ئامەتلىك كۈن بولدى، باھالىغۇچىلارمۇ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، مەردلىك بىلەن نومۇر كۆرسەتتى. ئۇ خۇشال ئىدى، خۇشاللىق ئۇنى ئاسماندەك يۈكسەكلىككە، ئوتلۇق قۇياشنىڭ سۇبھى پەيتىدىكى تارام-تارام ئالتۇن نۇرلىرى ئىچىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەيتتى، يۈرىكى تىپچەكلەيتتى.

قىزىل دوخاۋا پەردە يېپىلىپ بۈگۈنكى تاللاش مۇسابىقىسىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلگەندە، ناخشىچى سەھنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، ئەتراپقا چېچەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى، كۆڭلى كىمنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كىشى پەيدا بولدى. ئوتتۇز بەش ياش چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، چاچلىرى شالاڭ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت دەل ناخشىچى ئىزدەۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى.

— قالتىس ئېيتتىڭىز، ئايچېچەك، سىزنى تەبرىكلەيمەن! — دېدى يىگىت ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ، — مەن سىزگە بۇرۇنلا ئىشەنگەن!

— بۇمۇ سىزنىڭ غەلىبىڭىز، ئەكرەم ئاكا! — دېدى ناخشىچىمۇ ھاياجانلىق تىن ئېلىپ، — سىز ئىجاد قىلغان ئېسىل، يېقىملىق مۇزىكا بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئاۋازىم قانچىلىكتى!

— ياق، ياق، ئايچېچەك، — دېدى كومپوزىتور ئەكرەم ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن بۇرۇنلا سەزگەن، سىزنىڭ نەپىسلىك ئىسسىق ئاۋازىڭىزدا بىر خىل سېھرىي كۈچ بار. سىز ناخشا ئېيتسىڭىز تورغاي، تۇمۇچۇق، بۇلبۇل، كاككۇكلارمۇ سىزگە جور بولىدۇ. سىز ناخشىنى بەزىدە تاغ سۇلىرىنىڭ گۈركىرىشىدەك مەردانە دولقۇنلىتالايسىز؛ بەزىدە بۇلاق سۈيىنىڭ بۇلدۇقلىشىدەك يېقىملىق مەرغۇللىتالايسىز! ئەمدى مەن سىز بىلەن تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشىمەن!

ئايچېچەك ئاكىلىق ھېسسىياتتا، ئىچكۈيەرلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇنداق سەممىي سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق ھاياجانلاندى، يۈزىگە يېقىملىق كۈلكە يېيىلدى، ئىچ-ئىچىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرى خۇددى ئىككى تامچە شەبنەم سۈيىدەك كۆز چانىقىدا پارقىراپ قالدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇلارنىڭ يېنىغا گۈلناز ئىسىملىك، ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان بىر

www.uyghurkitap.com

ناخشىچى كېلىپ گەۋدىسىنى كەردى. ئۇ بويىنىنى ھەممىشە تەمبۇرنىڭ دەستىسىدەك تۈز تۇتۇپ يۈرۈدىغان غادالڭ چوكان ئىدى. شۇ تۇرقىدا، ئۇنىڭ ئەپتىدىن بىر نەرسىگە تىت-تىت بولۇۋاتقانلىقى، نېمىگىدۇر چىدىيالمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. راست، ئۇنىڭ ئاغزى كۈلۈپ تۇرغان بىلەن يۈرىكى قاتتىق يىغلاۋاتاتتى. بۈگۈنكى تاللاش مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلمىدى، نومۇرى چۈشۈپ كەتتى، ناخشىسىمۇ تاماشىبىنلارغا ياقماي، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇ قەددى-قامەتلىك، چىراي شەكلى كېلىشكەن ئايال بولسىمۇ، لېكىن، كۆڭلى-كۆكسى تار، ئەقلى ناقىسراق ئىدى. شۇڭا ئۇ كېلىپلا ئۇلارغا نەشتەردىنى تىقتى:

— سېنى تەبرىكلەيمەن، ئايچېچەك! — دېدى ئۇ ئىچى تارلىق بىلەن سوغۇق ھىجىيىپ، — لېكىن بەك كېرىلىپ كەتمە! چاۋاك دېگەن بەزىدە قولنىڭ ئالقىنىدىن چىقسا، بەزىدە دۈمبىسىدىنمۇ چىقىپ قالىدۇ! ئىشقىلىپ، سايرىغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل بولىۋەرمەيدۇ، خوش، مەن كەتتىم!

ئۇ ئېگىز پاشىنىلىق، مېغىزرەڭ تۇپلىيىدىن تاس-تاس ئاۋاز چىقىرىپ كېتىپ قالدى. شۇ ھالەتتە ئۇنى ئارتىسلارغا خاس نازاكەت بىلەن ئىرغىڭىپ ماڭدى دېگەندىن كۆرە، بويىنىنى شاپتۇل قىلىپ، غىتتاڭشىپ كەتتى، دېگەن تۈزۈك ئىدى.

گۈلنازنىڭ قوپال، تەنىلىك گەپلىرىدىن ئايچېچەكنىڭ دىلى قاتتىق پۇچۇلدى. تېخى ھېلىلا غەلىبە تەنتەنىسىدىن كۈلۈپ، ئېچىلىپ تۇرغان ئوماق چىرايى بىردىنلا خىرەلىشىپ، ئالا-سېرىق بولۇپ كەتتى. بۇنى سەزگەن ئەكرەم دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ئايچېچەك، ئۇ ئايال ئاچچىق يۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. ھاياتتا مۇنداق بىر ھەقىقەت بار: بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، نام چىقارغان كۈنى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ھۇجۇمغا، تىل-ئاھانەتكە ئۇچرىشىنىڭ باشلىنىش چېغى بولىدۇ!

ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى بىمەھەل ئۈزۈلدى. كۈتۈلمىگەندە، ئۇلارنىڭ يېنىغا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قۇربانوۋ كەلدى. ئۇ غەلىتە تۈرلىنىپ قالغان ئادەم ئىدى: بېشى قاپلاننىڭكىدەك يوغان، تۇمشۇقى كىرپىنىڭكىدەك ئۇچلۇق، بويىنى ھاڭگىتنىڭكىدەك ئۇزۇن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ياسىنىۋالاتتى. شۇ تاپتا ئۇ چاچلىرىنى مايلاپ، ئۆتكۈر پۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ، كۆزىگە ئامېرىكىنىڭ قارا گەردىشلىك كۋارتىس ئەينىكىنى تاقىۋالغانىدى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئايچېچەك، بەك ياخشى ئېيتتىڭىز! — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ نازۇك، يۇمشاق بارماقلىرىنى چىڭ قىسىپ، — ئەمدى ئىشەنچىم كامىلكى، سىز بۇ قېتىم غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش كۆرىكىدە چوقۇم بىرىنچىلىكنى ئالىسىز!

— رەھمەت، قۇربانوۋ ئاكا، — دېدى ئايچېچەك سەل-پەل قورۇنۇپ، — ئىشەنچىڭىزگە رەھمەت! لېكىن ئاشۇرۇۋەتتىڭىز.

— ياقەي!... ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمىدىم، — دېدى قۇربانوۋ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، — ياخشى خوراز تۇخۇمىدا چىللار، دېگەن گەپ بار. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ناھايىتى خۇش ئاۋاز بۇلبۇل ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىقاچان كۆرسەتكەن.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر توپلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئارتىسلار ئىدى. بىر نەچچە قىز ئايچېچەكنى تەبرىكلەپ، قۇچاقلاپ سۆيدى. بىر نەچچە مۇزىكانتلار ئۆزلىرى بىلەن ئوبدان ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. يەنە بىر مۇنچە تاماشىبىنلارمۇ يىراقتىن ئايچېچەككە قاراپ ھەۋەسلەندى، زوقلاندى. شۇ تاپتا ئايچېچەك خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئوماق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك قاپقارا بولاق كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقنايتتى.

ئۇ سىرتقا چىقتى. مانا، راھەتبەخش سالقىن كېچە، ئاسماندا تولۇن ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇنىڭدىن تۆكۈلگەن نۇر بىلەن تۈن چىراغلىرىنىڭ كۈمۈش رەڭ شولىسى قوشۇلۇپ، شەھەرنى يورۇق، ئازادە ۋە شادىمان ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. بايا مانا شۇ يەردە سەلدەك ئېقىپ، لۆمشۈپ تۇرغان ئادەملەر توپى بارا-بارا ئازىيىپ، شالاڭشىپ، كەڭرى مەيدان بوشاپ قالغانىدى. ئايچېچەك سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئەمدى چوڭ يولغا بۇرۇلاي دەپ تۇرۇۋىدى، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن قۇربانوۋنىڭ يۇمشاق ئاۋازى ئۇنى يولدىن توختاتتى:

— مەن سىزنى ماشىنام بىلەن ئاپىرىپ قوياي، ئايچېچەك، بۈگۈن كۆپ چارچىدىڭىز!

— رەھمەت قۇربانوۋ ئاكا، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئايچېچەك نېمىدىسىندۇر قىسىلغاندەك بولۇپ، — ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن.

لېكىن قۇربانوۋ ئۇنى قويۇۋەتمىدى:

— تۈزۈت قىلماڭ، خان قىز، مانا، ماشىنىمۇ كەلدى، قېنى چىقىڭ!

سىرلىرى يالتىراپ تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك پىكاپ غىرىلداپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. قۇربانوۋ پىكاپنىڭ ئالدى ئىشىكىنى ئېچىپ، ئايچېچەككە تەكەللۇپ قىلدى:

— قېنى، مەرھەمەت، بىمالال چىقىۋېرىڭ!

ئايچېچەك ئامالسىز قالدى، قۇربانوۋ ئۇنى يامان يەردە قىسماققا ئالغانىدى. ئۇ قورۇنۇپ، ئوڭايسىزلىنىپ، ئالدى-ئارقىسىغا نەچچە قاراپ، ناھايىتى تەسلىكتە ماشىنىغا چىقتى-يۇ، ئىختىيارسىز يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

قۇربانوۋ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا قاڭتىيىپ ئولتۇرۇپ، ئايچېچەكنى گەپكە سېلىشقا باشلىدى:

— شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن يولدىشىڭىز ئۆيدە يوق دەڭ، ھەي، ئېسىت!... سىزنىڭ بۈگۈنكىدەك خۇشال كۈنلىرىڭىزدە، ئۇنىڭ ئۆيدە بولمىغىنى يامان بوپتۇ. سىزنى ئەلۋەتتە تەبرىكلەپ، قۇتلۇقلاپ، خۇشاللىقىڭىزغا، غەلىبىڭىزگە ھەمدەم بولۇشى كېرەك ئىدى-دە!

www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئايچېچەك خاتىرجەم ھالدا، — يولدىن كەلگەندىن كېيىن تەبرىكلىسىمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئۇنىڭ مېنىڭ كەسپىمنى سۆيۈپ، قوللىغانلىقىمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەبرىكلەش!

— مۇنداق دەڭ... — دېدى قۇربانوۋ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، — گەرچە بىرىڭلار تاغدا، بىرىڭلار باغدا بولساڭلارمۇ تۇرمۇشۇڭلار خېلى مەنىلىك ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، قايىلمەن، قايىلمەن! لېكىن مۇنداق تۇرمۇش ھەرقانچە مەنىلىك بولسىمۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، ھامان بىر يەردىن دەز كەتمەي قالمايدۇ! چۈنكى ھەر ئىككىڭلار ياش ـ دە! خوش، مۇنداق بولسۇن ئايچېچەك، — قۇربانوۋ ئەمدى قارماققا يەمچۈك ئىلىشقا باشلىدى، — سىز ھازىر ئەلگە تونۇلۇۋاتىسىز، ناخشا چولپانلىرىنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالاي دېدىڭىز، ئەمدى سىزنى ئاسراپ، قىيىنچىلىقىڭىزنى ھەل قىلماسلىق بولمايدۇ. مەن ئېرىڭىزنى يۆتكەشكە ۋەدە بېرەي، قاتناش شىركىتىدىن بىزنىڭ سىستېمىغا يۆتكەپ كېلىپ، ھەممىشە سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرىدىغان بىر ئىشقا قويايلى، قانداق دەيسىز؟

ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولغان تەقدىردە، يالغۇز ئايچېچەكنىڭلا ئائىلە يۈكى يېنىكلەپ قالماي، بەلكى ئېرىمۇ يولنىڭ ئازابىدىن، غېرىپ ـ غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيتتى.

ئايچېچەك تۇرۇپلا يەنە ئويلىنىپ قالدى: قۇربانوۋ راستىنلا شۇنداق قىلارمۇ؟ بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا بۇنداق غەمگۈزار قىياپەتكە كىرىپ قالدى؟ بۇ ئىشنىڭ كەينىدە بىرەر شۇم غەرەز بارمۇ ـ يوق؟ توۋا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ـ ھە؟ بىر ئادەم ياخشى كۆڭۈل بىلەن ياخشىلىق قىلاي دېسە، نېمە ئۈچۈن بىھۇدە گۇمانخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە، دىيانىتىگە شەك كەلتۈرىمەن!؟

ئايچېچەك ئەنە شۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن قۇربانوۋغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. پەقەت قۇربانوۋنىڭ ئۆزىدىن گەپ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىلا ئاندىن:

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، جۈيجاڭ! — دەپ قويدى.

قوڭغۇر رەڭ پىكاپ ئايچېچەكنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يولنىڭ چېتىگە كېلىپ توختىدى. ئايچېچەك پىكاپتىن ئالدىراپ چۈشتى ۋە ئۆي تەرەپكە كېتىۋېتىپ:

— رەھمەت قۇربانوۋ ئاكا، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى.

— توختاڭ ئايچېچەك، — دېدى قۇربانوۋ ۋە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئايچېچەككە يېقىن كەلدى، — مەن سىزنى ئىشىكىڭىزگىچە ئاپىرىپ قوياي، ياخشى ئىش دېگەننى ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇلۇق!

قۇربانوۋ ئايچېچەكنى تارىيولدا قولتۇقلاپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئايچېچەكنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— خوش ئەمىسە، ياخشى چۈش كۆرۈڭ! — دېدى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

ئايچېچەك تېزلا قولىنى تارتىپ، رەسمىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ، تەكەللۇپ قىلدى:

ـــ ئۆيىگە كىرىپ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ كەتمەمسىز!

ـــ خوش، ئۆيىڭىزنى كۆرۈۋالدىم، ـــ دېدى قۇربانوۋ ئالىيجانابلىق بىلەن، ـــ كېيىن پۇرسەت بولۇپ قالار!

ئۇلار خوشلاشتى، ئايچېچەك ئۆيىگە، قۇربانوۋ ماشىنىغا قاراپ ماڭدى.

ئايچېچەك ئۆيىگە كىرىپ، لامپۇچكىنى ياقتى، ئۆي يوپيورۇق يورۇدى. مانا، ئۇنىڭ ئىشچان، ئەپلىك قولى بىلەن زامانغا لايىق، كۆركەم سەرەمجانلانغان ئازادە، پاكىز ئۆي! ئۆيدىن ئۆزگە تونۇش يېقىملىق خۇش پۇراق كېلەتتى. تورۇسقا ئالتۇن رەڭلىك قەغەز چاپلانغان چاقنانغىنىدا ئىككى ئېغىزلىق بۇ ئۆي ئۇنىڭغا يەتتە يىل غەمخانە بولدى. بۇ يەردە ئۇ، تۇنجى پەرزەنتى ساباھەتنى تۇغۇپ، بېقىپ، بەش ياشقا كىرگۈزدى. ھازىر بۇ قىز ھەپتىلىك يەسلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ غەمخانە ئۇنىڭغا ھازىرغىچە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن بەخت ـ ھالاۋەت كەلتۈردى، ئېرى ھەپتە ـ ئون كۈندە بىرەر قېتىم مېھماندەك كېلەتتى، ھەر كەلگەندە، مۇھەببەتنى، سېغىنىشنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈپ، بۇ ئاددىي ئۆيگە ھاياتنىڭ چەكسىز لەززىتىنى ئېلىپ كېلەتتى؛ كەتكەندە بولسا، سۆيگۈ رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ھىجران ئوتىنى ئۇلغايتىپ كېتەتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق سىرلىق، قىسقا دەقىقىلەر بىلەن تۈگىدۇرماي، خۇشال ـ خورام ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى...

لېكىن ئايچېچەك بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر، بىر خىل يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلدى. ئېھتىمال، ئۇ كۆڭلىدىكى ھاياجان بىلەن خۇشاللىقلىرىنى ئېيتىدىغان سىرداش تاپالماي، شۇنداق بولۇۋاتقاندۇ! ئۇ ئىختىيارسىز قىبلە تامغا ئېسىلغان ئەينەكلىك رامكىغا قارىدى. ئۇنىڭدا ئېرى بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە يانداشقان چۈشكەن رەڭلىك سۈرىتى بار ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن، ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق ھەشەم ـ دەرەمسىز، ئاددىيغىنە، ئەمما شاد ـ خوراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بەختلىك تويىنىڭ خاتىرىسى ئىدى. رەسىمدە، ئايچېچەك خۇددى ئاق قۇ پەرلىرىدەك ئاپئاق، يارىشىملىق توي كىيىمىدە، پۈتۈن بەدىنى كۈلۈپ تۇرغاندەك بەختىيارلىق ئىچىدە قىلىقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك زىلۋا ھەم نازاكەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرغان ئېرىمۇ خۇشال ۋە مەغرۇر ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ئاق سېرىق يۈزى بىلەن ئوتلۇق كۆزلىرىدە بەخت ۋە مەستخۇشلۇقنىڭ يىلىلىق تەبەسسۇمى قېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتقا تاشلىغان بىرىنچى قەدىمى ئەنە شۇ مەنزىلدىن باشلاندى. شۇندىن بېرى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان ھايات يۈكىنى زىممىسىگە ئارتىپ، ھەر قايسىسى ئۆز يولىدا بىر قەدەم، بىرقەدەمدىن ئالغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى، ئەقىدە ـ ئېتىقادى شۇنچە چىڭ ۋە كۈچلۈك بولۇشىغا قارىماي، كېتىۋاتقان مەنزىلى، بېسىۋاتقان مۇساپىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر ـ بىرى بىلەن كەمدىن ـ كەم دىدارلىشىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ ھال بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن ياكى كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولغان ۋاقىتلاردا، ئايچېچەكنى بىئارام قىلاتتى، خۇشال كۆڭلى بىردىنلا غەشلىككە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تولۇپ، ئۆزىنى بەكمۇ تەنھا ۋە مىسكىن سېزەتتى.

ئاي-چېچەك ئورۇنغا كىرىپ يېتىپمۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. بىردىنلا كۆز ئالدىدا يەنە ئىبرى گەۋدىلەندى. ئىبرىنىڭ يېقىملىق، خۇشپېچىم چىرايى ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغاندەك، مۇسكۇللىرى يېتىشكەن بېجىرىم قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق نازۇك، سەزگۈر يەرلىرىنى سىلاپ، غىدىقلاپ ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل لەززەتلىك سېزىم تارقىغاندەك بولدى. ئۇ يۇمشاق ئورۇندا تولغاندى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا:

— نەدىسەن، سابىر! — دەپ تىۋىلىۋەتتى.

2

يوللار، ئېھ، يوللار، نېمىدېگەن خاسىيەتلىكسەن!

سەن بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلبى تۇتىشىدۇ، سەن بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى قانىدۇ، سەن بىلەن هىجران ئوتىدا كۆيگەنلەر ۋىسال تاپىدۇ، سېنىڭ چەكسىز مەنزىللىرىڭدە هاياتلىق رىشتىسى بىر-بىرى بىلەن ئۇلىنىپ، گىرەلىشىپ، مۇستەهكەملىنىدۇ!

مانا شۇ هاياتلىق رىشتىسىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، سۆرەپ كېتىۋاتقان مىڭلىغان ئەزىمەتلەر ئىچىدە سابىرمۇ بار. ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى مانا شۇ يول بىلەن مانا شۇ هاياتلىق رىشتىسىنى توشۇيدىغان ماشىنا بىلەن سىرداش! ئۇ هازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، تۈگىمەس يوللار ئۇنى چېنىقتۇرغان، ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى سېرىق تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئاق سېرىق يۈزى هازىر چۆل بورىنى بىلەن پىشىپ، تاۋلىنىپ، بەئەينى يۇلغۇن رەڭگىدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ هەمىشە سەگەكلىك بىلەن يىراققا تىكىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى خۇددى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن؛ كېچە-كۈندۈز تۆمۈر-تەسەك بىلەن هەپىلىشىپ تۇرىدىغان قوللىرى خۇددى چويۇندەك قېتىپ كەتكەن! بېنزىن ئورنىدا سەلەركە كۆيىدىغان سەككىز توننىلىق هەيۋەتلىك ماشىنا ئۇنىڭ دوستى. «چۆل بۈركۈتى» دەپ نام ئالغان بۇ ئۇلپىتى بىلەن بۇ يوللاردا ئۇ قانچە يىل، قانچە ئاي، قانچە كۈنلەرنى جاپا-مۇشەققەت بىلەن ئۆتكۈزمىدى؟! قانچە-قانچىلىغان قۇتلۇق هېيت-بايراملارنى غېرىبلىق، تەنهالىق بىلەن تاش ئۆتەڭلەردە قارشى ئالمىدى؟! ئۇ بۇ يوللارنىڭ تاش-تۈپرىقى، گۈل-گىياھى، جان-جانىۋارلىرى بىلەن تونۇش، سىرداش! يوللارنىڭ قار-يامغۇرى، بوران-چاپقۇنى، ئىسسىق-سوغۇقلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەت!

سابىر بۈگۈنمۇ جىددىيلەپ ماڭدى. ئۇ قايسىبىر قونالغۇدىن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ يولغا چىققان پېتى هازىرغىچە ناشتا-ناهاسىز گۈرۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا مانا بۈگۈن ھەپتىدىن ئاشتى، ئۇ قىزى ساباهەتنى، مەھبۇبىسى ئاي-چېچەكنى بەكمۇ سېغىندى، شۇڭا ئۇ ئالدىرايتتى.

يىراقتىن ئۇنىڭغا تونۇش بىر يەر كۆرۈندى. بۇ، كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مېتىردىن ئاشمايدىغان، ئۆيلىرى قىڭغىر-سىڭغىر كىچىككىنە بىر ئۆتەڭ ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا چەكسىز كەتكەن قاقاس چۆل ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. بۇ يەردە نەبىر ئالقانچىلىك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بىر تۈپ دەرەخ؛ نەبىر شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىلەكچىلىك ئېرىق يوق ئىدى. ئادەمنىڭ تاپىنى ئاستىدا دالىيىپ ياتقىنى ھاياتلىق تومۇرى ئۈزۈلگەن، گۈزەللىكى نابۇت قىلىنغان كۆيۈك زېمىن ئىدى. بۇ يەر قىش پەسلىدە گويا جاھاننىڭ جىمى جۇت-شۇۋرغىنى يىغىلغاندەك، ئادەم چىدىغۇسىز سوغۇق بولاتتى. يازدا بولسا، ئوت-يالقۇن دۇنياسىغا ئايلىناتتى. قاقاس چۆل باغرىدىن يالىلداپ ئۆرلۈۋاتقان قىزىق ھارارەت تەپتىدىن ئادەمنىڭ تاپىنى كۆيۈپ، مېڭىسى قاينايتتى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ يەر ئادەم تۇرغۇسىز دەرىجىدە كۆڭۈلسىز ۋە زېرىكىشلىك ئىدى. ئەمما سابىردەك جاپاكەش شوپۇرلار ئۈچۈن بۇ يەر گويا جەننەت ھۆزۈرىنى بېرىدىغان ئاۋات، كۆركەم جاي ھېسابلىناتتى.

سابىر ئۆتەڭگە كېلىپ توختىدى، ماشىنىدىن چۈشۈپلا سول تەرەپتىكى ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئاشخانىنىڭ شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان پېشايۋىنىدا يېڭى سويۇلغان قوينىڭ يېرىم يارتىسى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئاشخانىدىن چۈمۈچ-ساپلىقلارنىڭ تاراق-تۇرۇقى بىلەن بىر نەچچە خېرىدارنىڭ گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلىرى ۋە ئۈنئالغۇدىن قايسىبىر نا ئۇستا ناخشىچىنىڭ ئېزىلەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سابىر ئاشخانىغا بېشىنى تىقتى، شۇ ھامان ياش بىر بالىنىڭ ئۈنى تەكلىپ قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى خۇددى پىلىموتنىڭ ئوقىدەك ياڭراپ كەتتى:

— كەلسىلە مېھمان، كەلسىلە! نېمە يەيسىلە شۇ بار: لەڭمەن، سومەن، چۆچۈرە، مانتا! ... ھەي، مېھمانغا چاي ئەكىلىڭلار، چاي!

سابىر ئاشخانىغا كىرىپ، تۆت تەرىپىگە قارىدى. ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. تام يېنىغا قويۇلغان يۇمىلاق شىرەدە ئۈچ ئادەم ھاراق ئىچىپ ئالىتاغىل سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلاردىن تۆت قەدەم نېرىدىكى شىرەدە بەستى-بويى كېلىشكەن، قاپلان باش، تەمبەل بىر يىگىت ئۆزى يالغۇز پىۋا ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن كۆك مايكىسىدىن بېجىرىم بۆلجۈڭلىرى بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇمۇ شوپۇر بولسا كېرەك، ئېيىق تاپىنىدەك يوغان قوللىرى قوپال ۋە يىرىك؛ قارامتۇل، گۆشلۈك يۈزى ماي ھەم مەينەت ئىدى.

سابىر ھېلىقى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىدىن يانداپ ئۆتۈپ، بۇلۇڭدىكى بوش بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۆزلىرى نېمە يەيلىكىن، مېھمان؟ — دېدى ياش بىر چوكان دەسمال بىلەن شىرەنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭ تار، نېپىز كۆڭلىكى ئىچىدە بېغىرداقسىز سېمىز ئەمچەكلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى.

— بىر تەخسە لەڭمەن، — دېدى سابىر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

— خوپ، مانا ھازىر...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

چوكان ئىچكىرى كىرىپ كەتتى، سابىر ئالدىدىكى چەينەكتىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ بىر ئوتلام سۇمۇردى. سۇمۇردى-يۇ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تەسلىكتە يۇتتى. چۈنكى چاي تۇزلۇق ھەم يەلمان ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى شۇنداق: ئۇنىڭدىن چۆل ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئاچلىقنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنى يېمەي، ئىچمەي چارە يوق!

سابىر چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ھېلىقى بىر نەچچەيلەننىڭ كۆلكە-چاقچاقلىرىغا قۇلاق سالدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چىراي-شەكلى، ياش-قۇرامى، تەقى-تۇرقىدىن كۆرە، ئۆز قىسمەتلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان پاراڭلىرى تارتىملىق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇز، ئوتتۇز بەش ياش ئەتراپىدىكى گەپدان، ئالىقاپ يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىنچىكە، بۇرۇت قويۇۋالغان، قولىغا رومبا شەكىللىك ئالتۇن ئۈزۈك سالغان، مەيدىسى يوغانراق، دوغىلاق بىرى يېقىندا ئۇرۇمچىگە يۆتكەلگەن بىر ماشىنا تېرىسىنى ئىچكىرىگە قانداق ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇ يەردە پېيىگە چۈشكەن بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن باجگىرلارنى قانداق ئەپلىگەنلىكى، بىر ماشىنا تېرىدىن قانچىلىك پايدا ئالغانلىقى، بۇ ئىشتا ئۆزى ياللىغان شوپۇرنىڭ قانداق جانپىدالىق كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا ماختىنىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— شوپۇر تونۇشمىدى ساڭا؟ — قىزىقىپ سورىدى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇنتۇرا بىرى.

— ماڭا تونۇش ئەمەس، پۇلۇمغا تونۇش! — دېدى تېرە سودىگىرى تېخىمۇ كۆرەڭ ئاۋازدا، — ھازىر پۇل دېگەننىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى، ئاچمايدىغان قۇلۇپى يوق!

ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئادەمنى بىزار قىلغۇچى بوغۇق، يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تېرە سودىگىرى بۇنى ئەمدى ھېس قىلغاندەك، قازان بېشى تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— سارىخان ئاچا، ھوي، سارىخان ئاچا دەيمەن؟ باشقا ياخشىراق لېنتىلار يوقمۇ؟ بۇنىڭ نەرى ناخشا؟! ئەسكى لاتىنى يىرتقاندا چىققان ئاۋازمۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق!

سارىخان — گېلىدىكى يوغىنى باراڭدىكى قاپاقتەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، غورا قاپاق، سېمىز، ئەمما ئەرلەردەك گۆش-گۆش دەسسەپ يۈرىدىغان گەپدان، چېقىشقاق بۇ ئايال مۇشۇ قاقاس چۆللۈكتىكى ئۆتەڭدە «سارىخان لەڭمەن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ تېرە سودىگىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قازان بېشى تەرەپتىن ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ، يوغىنى لىغىرلىتىپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن چىقىپ كەلدى.

— خوش، غوجام؟ — دېدى ئۇ پوشۇلداپ، — نېمە ئاڭلىغۇلىرى كېلىۋاتىدۇ؟

— نېمە ئاڭلايتتۇق، سارىخان ئاچا، — دېدى تېرە سودىگىرى خۇشامەتكويلۇق بىلەن، — ئۆزلىرىنىڭ كۆلكە-نازىدەك شوخراق ناخشا-پاخشىلار بولسا ئاڭلىمايمىزمۇ!

— ئوبدان، غوجام، ئوبدان، سىلىگە يارايدىغان ناخشىلارمۇ چىقىپ قالار، — دېدى ئۇ ۋە ئىچكىرىگە قاراپ تووۋلىدى، — ھوي ئايپاشا بالام، ھېلىقى ئۇن كويىغا

ئەكەلدۈرگەن لىپنتاگنى قويۇپ بەرگىنە، بۇ غوجاملارغا.

ياش چوكان جاۋەنىڭ تارتمىلىرىنى ئاختۇرۇپ، گېزىتكە ئورالغان بىر لىپنتىنى ئالدى ۋە ئۇنىئالغۇغا سېلىپ، كۈنۈپكىنى ئاستا بېسىپ قويدى. ئاز جىملىقتىن كېيىن، ئۇنئالغۇدىن نازۇك، يېقىملىق بىر ئاھاڭ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەلدى. سابىر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، چوكا تۇتقان قولى تەخسە ئۈستىدە لەيلەپ قالدى.

ئاھ ...نېمىدېگەن تونۇش مۇزىكا، تونۇش ئاھاڭ ـ ھە! ؟

دەسلەپتە تاڭ شامىلىنىڭ تاتلىق ئەركىلەشلىرى ئىچىدىكى ئاستا ئەمما نازاكەتلىك، سىلىق پەپىلەشىدەك؛ ئاندىن قۇشلارنىڭ بەھۇشلانغان چاغدىكى سىرلىق چۇرۇقلاشلىرىدەك نەپىس كۈي ئاڭلاندى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئاشۇ يېقىملىق، ياڭراق سادالار بىلەن ئويغانغان قىزنىڭ ناخشىسى...

تاغنىڭ تەگرىسى سەندە، ئەزىز يۇرتۇم، ئانا تارىم،
زېمىننىڭ كەگرىسى سەندە. غۇرۇرۇڭ نەزمىسى مەندە.

ناخشا گويا پەرزەنتكە تەشنا ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ تۇنجى قېتىم ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىدەك يېقىملىق ۋە راھەتبەخش؛ ۋۇجۇدى سۆيگۈ لەززىتىدىن بىھۇشلىنىپ، يىگىت باغرىدا ئېرىپ كېتىۋاتقان بەختلىك قىزنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرىدەك تاتلىق ۋە ئۇماق ئىدى.

تاغنىڭ تەگرىسى سەندە، ئەۋلادقا بېرەر ئىلھام،
غۇرۇرۇڭ نەزمىسى مەندە. بوۋاملار قەبرىسى سەندە.

ئاشخانا ئىچى گويا ئىمتاسلىق ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك سۈكۈتكە چۆمدى. ناخشىچىنىڭ ئاۋازىدىكى بۇلبۇلنىڭكىدەك خۇش ناۋا، ناخشا مېلودىيىسىدىكى ئاتەش كەبى جەزبىدارلىق گويا پەرىشتىنىڭ نۇرلۇق جامالىدەك ئەتراپتىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئۆزىگە ئەسىر قىلغان، ئۇنىڭ ئىلاھى سېھىردى كۈچىدىن زېمىننىڭ تىنىقلىرى ئۆچۈپ، گويا يەر ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك ئىدى.

ئاھ، ناخشا، ئېيتقىنا، يۈرىكى سوقۇپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان خەلق سېنىڭسىز ياشىيالامدۇ؟! ئۇلار بۆشۈكىدە تۇرۇپلا «ئەللەي ناخشا» لىرىدىن ھوزۇرلىنىشىنى، ئايغى چىقىپلا خامان ناخشىلىرىنى توۋلاشنى ئۆگەنگەن! ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغان مۆجىزىلىك ھاياتى مانا شۇ ناخشا ـ غەزەل بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ۋە سېھىردى كۈچكە ئىگە بولغان! ئۇلار قەلبىدىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، شادلىقى بىلەن قايغۇسىنى، ئۆتمۈشى بىلەن كېلەچىكىنى، مۇھەببىتى بىلەن نەپرىتىنى ئەنە شۇ ناخشا ـ غەزەللەر ئارقىلىق ئىزھار قىلغان ! ناخشا ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى، جېنى ۋە پەخرى!

ناخشا ـ غەزەلنىڭ پىر ئۇستازى ـــ پىر چەكمىمۇ ئۆز ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ شات ـ خوراملىقى ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ ئۆتكۈزگەچكە، خۇدامۇ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا مىڭ يىلدىن كۆپرەك ئۆمۈر ئاتا قىلغان ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناخشا بىلەن تەڭ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ، تومۇرلىرىنى بويلاپ تاراۋاتقان شېرىن بىر سەزگۈ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭلۈك ئىچىملىك بىلەن گاراڭلاشقان نېرۋىلىرىنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قارا چوقۇر بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بوتۇلكا هاراقنى قولىغا ئېلىپ:

— پاھ ... پاھ ... ئەمدى ئىچىدىغان يېرى كەپقالدى، ئاغىنىلەر! — دېدى هاياجانلانغان، هاياجاندىن ئورا كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن هالدا، — مۇشۇ ناخشا ئۈچۈن ... بۇ ناخشىنى ئېيتقان ناخشىچى ئۈچۈن ئىچەيلى!

— هەي، بىردەم قىسىپ ئولتۇرغىنە! — دېدى تېرە سودىگىرى چالۋاقاپ، — ناخشىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىۋالايلى!

ناخشا گاهىدا تاغ شارقىراتمىسىنىڭ گۈلدۈرلىشىدەك مەغرۇر ۋە ياڭراق، گاهىدا بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىرقىرىشىدەك نەپىس ۋە مۇڭلۇق ناۋا ئىچىدە داۋام قىلىۋاتاتتى:

مەيلى يۈرگىمن مۇزلۇق تاغلاردا، سېنىڭ قەلبىڭ مەن بىلەن،
قەلبىم ئوتلۇق قەلبىڭگە تۇتاش، مەيلى يامغۇر ياغقان كېچىلەر،
مېنىڭ قەلبىم سەن بىلەن- مۇھەببىتىم بولسۇن زەر قۇياش! ...

— ئاھ، ئوت-ئوت! — قارا چوقۇر مەيدىسىنى ئۇۋۇلاپ، ئەسەبىي لەززەت ئىچىدە ئىككى يېنىغا تەۋرىنىشكە باشلىدى. كەيىپتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، جاۋغايلىرىدىن شالىسى ئېقىپ قالغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز بۇلۇڭدىكى شىرەدە تاماق يېيىشتىن توختاپ، قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئالغۇغا دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان سابىرنى كۆرۈپ كالچايدى:

— قاراڭلار، ئاۋۇ بۇرادەرمۇ ناخشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ!



ئولتۇرغانلار سابىرغا بۇرۇلۇپ قاراشتى، ئاردىدىن بىرى چاقچاق قىلدى:

— چوكىسىغا قارىماسىلەر، لەگمەندە ئۇخلاپ قاپتۇ!

— ھا ... ھا... ھا ...

تېرە سودىگىرى ئىككى ياقىنى چايقىلىپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ، لىق ھاراق تۇشقۇزۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ سابىرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— شوپۇرمۇ سىز ئاغىنە؟ — دېدى ئۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھېقىقتىن سىلكىنىپ، — تونۇشۇپ قويايلى، قانداق دەيسىز؟ بىر كۈنلەردە بىر - بىرىمىزگە ئەسقېتىپ قالامدۇق، تېخى! گۈپلا كۆتۈرۈۋېتىڭ!

سابىر تېرە سودىگىرىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى.

— رەھمەت، يول ئۈستىدە ھاراق ئىچمەيمەن! — دېدى ئۇ ئاغزىغا بىر چوكا ئاش سېلىۋېتىپ.

— تۈزۈت قىلماڭ دەيمەن! — تېرە سودىگىرى كانىدەك چاپلاشتى، — ناخشىنىڭ خۇشاللىقىدا ئالدىڭىزغا كەپ قاپتىمەن، ئاشۇنداق تاتلىق، چىرايلىق ئاۋاز ئۈچۈن مۇشۇ بىرلا رومكىنى ئىچىۋېتىڭ!

— خىجىل قىلماڭ، بۇرادەر! — دېدى سابىر يەنە شۇ قەتئىيلىكى بىلەن، — يول ئۈستىدە ھاراق ئېچىش قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ!

— ۋاھ! خىلاپ دەڭ! — دېدى تېرە سودىگىرى مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — چان شۇنچىلىك دەڭا، شۇنچىلىك!

نەپسى ئىزا تارتقان تېرە سودىگىرى قولىدىكى پىيالىنى ئەمدى ئۇ چەتتە ئولتۇرغان «قاپلان باش» قا دوملاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— سىزچۇ، ئاغىنە، ۋاقىدە كۆتۈرۈۋېتەمسىز ياكى سىزمۇ ھاراق ئىچىشتىن قالغانمۇ؟

«قاپلان باش» كۈلۈپ تۇرۇپ زەردە قىلدى:

— ئۆزىڭىز ئىچەلمىگەن ھاراقنى نېمانچە بازارغا سالىسىز؟! جانغا تۇشلۇق ئىش قىلىڭ!

تېرە سودىگىرى بۇنىڭدىنمۇ دەككىسىنى يەپ سالپايدى، پىيالىدىكى ھاراقنى زەردە بىلەن يەرگە چېچىۋېتىپ، سەنتۈرۈلۈپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ناخشا ئەمدى ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ تەڭكەشلىكىدە شوخ ۋە يېنىك رىتىمغا ئۆزگەردى. تېكىستلەرمۇ ياشلىق، سۆيگۈ، ۋاپا توغرىسىدىكى شوخ بېيىتلار ئىدى:

سالىدىكەن مۇھەببەت
ئوت - پىراقنى ئادەمگە.
بولدى سىرىم ئاشكارا،
ناخشام بىلەن ئالەمگە!

تەس ئىكەنغۇ قىز ئۈچۈن،
كۆيدۈم دېگەن ئەجەبمۇ!
قاچان چىقار يار سەندىن،
سۆيدۈم دېگەن بىر گەپمۇ!...

www.uyghurkitap.com

— ۋاھ ـ ۋاھ! ياشاپ كەت! ئادەم ئەمەس، بۇلبۇلگويا ئىكەنغۇ بۇ! — دېدى قارا چوقۇر ھاياجاندىن يەلكىلىرىنى تىنىمسىز لىكىلدىتىپ، — كاساپەت، قايسى ناخشىچى بولغىيدى؟

بۇ سوئال ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ھەر كىم ئۆزى بىلگەن ناخشىچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا باشلىدى:

— ھېلىقى، ناخشىسى بىلەن تەڭ تولغىنىپ، ئەگىيدىغان زىننەت!

— ياق، ئەمەس! ھېلىقى «يۈرىكىمنىڭ تېگى سەندە» دېگەن ناخشىنى ئېيتىدىغان ئايگۈل...

— ئەمەس، مېنىڭچە، تىللا...

— ياق، ئەمەس! مېنىڭچە، ئالتۇن...

خېلىدىن بېرى ئۇلپەتلىرىنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا زەن قويۇپ، ئۆزىچە غادىيىپ ئولتۇرغان تېرە سودىگىرى بىردىنلا ئۇلارنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى:

— بولدى، تالاشماڭلار، ھەممىڭلار دىتسىز، دۆت ئىكەنسىلەر، شۇنىمۇ تاپالمامسىلەر؟ — ئۇ قىڭغىر چىشلىۋالغان تاماكىسىغا ھە دەپ سەرەڭگە چاقاتتى، لېكىن قوللىرى قولاشماي، سەرەڭگە تاللىرى پىرىلداپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشەتتى، ئەتراپتىكىلەر تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى، ئۇ تاماكىسىنى تەستە تۇتاشتۇرۇپ، ئالدىرىماي بىر ـ ئىككى شورىدى ـ دە، ئىنتايىن مۇھىم بىر خەۋەرنى جاكارلاۋاتقاندەك تەنتەنە بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ ئىسمى ئايچېچەك!

— ئايچېچەك؟! — قارا چوقۇر ئەجەبلەنگەندەك تېرە سودىگىرىگە قارىدى، — ھېچ ئاڭلىمىغانلا ئىسىم ئىكەنغۇ بۇ؟

— سېنىڭ قۇلىقىڭغا جىگدە ـ قاقىنىڭ ئىسمىدىن باشقا نەرسە كىرمەيدىغان تۇرسا، بۇنداق چىرايلىق، داڭدار ئىسىملارنى نەدىن بىلەتتىڭ؟! — دېدى تېرە سودىگىرى تەنە بىلەن، — ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئەمدى قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ قوي: ئۇ يېقىندىن ئۆسۈپ چىقىۋاتقان ناخشا چولپىنى!

— كاساپەت، راستىنلا قالتىس ئېيتىدىكەن، ئاۋاز دېگەنمۇ شۇنداق تاتلىق، يېقىملىق بولارمۇ! — دېدى ئۇزۇنتۇرا زوقلىنىپ، — ئېرى بار بولغىيمىدى ئۇنىڭ؟

— بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ!؟ — قارا چوقۇر قىزغانغاندەك سورىدى.

— ھى ... ھى ... ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلاتتىم ـ دە! ئۇنىڭ مۇشۇ ناخشىسى ئۈچۈنلا ئالدىدا جان بېرىشكە رازى ئىدىم!

— ۋاھ! سەنمۇ تېخى؟ — تېرە سودىگىرى زەھەرخەندىلىك بىلەن كالچىيىپ كۈلدى، — ئاغزىڭنى تاتلىق ئەتمە، كېچىكىپ قالدىڭ!

— بۇ گەپچە، سەن ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغان ئوخشىمامسەن؟

تېرە سودىگىرى ئۆزىچە جىلمىيىپ، كېرىلىپ، خۇددى چوڭ بىر غەلىبىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك كۆرەڭلىك بىلەن ئارقىغا قاڭقايدى.

— سەن پو ئېتىۋاتىسەن، داغۋازلىق قىلىۋاتىسەن! — دېدى قارا چوقۇر

قىزغانغاندەك ئۆكسۈپ، تاتىرىپ، — ئۇ كىم، سەن كىم؟ سەن بولساڭ ناھايىتى بىر سېسىق تېرىچى، ئۇ دېگەن ئارتىس، ناخشا چولپىنى!

— بىراق، سەنمۇ بىلىپ قوي، ئۇ ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئادەم! ئادەمگە نېمە كېرەك، بىلەمسەن؟ سەندەك ئۆلۈمتۈكنىڭ جېنى ئەمەس، مەندەك تېرىچىنىڭ تاراقلاپ تۇرغان مۇنەك-مۇنەك پۇلى كېرەك!

— راست، ئادەمگە پۇل كېرەك! — دېدى ئۇزۇنتۇرا، — شۇنداق قىلىپ، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئايچېچەكنى بەرگىدىن ئۈزۈۋالدىم، دېگىنە! ھا ... ھا ... ھا... مانا قىزىق ھېكايە...

تېرە سودىگىرىنىڭ قارامتۇل، خۇنۇك چىرايىغا بىردىنلا ماختانچاقلىق ئىپادىلىرى تېپىپ چىقتى.

— راست دېدىڭ، بۇ بىر قىزىق ھېكايە ...— دېدى ئۇ يۇڭلۇق مەيدىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ، — ئايچېچەكنى دەسلەپ سەھنىدە كۆردۈم، يۈرىكىم سەكپارە بولدى، كېيىن پېيىغا چۈشتۈم. تونۇشۇش ناھايىتى تەسكە توختىدى، بەئەينى ئاسماندىكى ئاينى ئۈزگەندەكلا ئىش بولدى. پۇل دېگەن نەرسە ئاغىنىلەر، يامان جۇمۇ، ھېلىقىمۇ ئايچېچەك ئىكەن، خىزىرنىمۇ يولدىن چىقىرالايدۇ! ئۇ دەسلەپ نازلىنىپ، ئۆزىنى چەتكە تارتىۋېدى، لېكىن مەردلىك بىلەن خەجلىگەن قىزىل تىزىلار ئۇنى خۇددى ماگنىتقا تارتىلغان تۆمۈردەك ئاكاڭلارغا چاپلاپ قويدى. ئىشقىلىپ، بىر يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىمىز!...

تېرە سودىگىرى تاڭلىيىنى چەكتى، كۆزلىرىنى قىسىپ جىم بولدى، ئەپتىدىن شېرىن ئەسلىمىلەر ئىچىگە غەرق بولغاندەك بىھوش كۆرۈنەتتى.

— ھە ... ئاندىن، ئاندىن كېيىنچۇ؟ — سورىدى قارا چوقۇر شۆلگىيىنى غورت قىلىپ يۇتۇپ. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ھېكايىسىغا قىزىقىپ قالغانىدى.

— قالغىنىنى سوراپ نېمە قىلىسەن، ئەخمەق!؟ ئېيپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقمامدۇ! — دېدى تېرە سودىگىرى سىرلىق كۈلۈپ، — شەھەرنىڭ بۇلاقبېشى كوچىسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق، كۈندە بەزمە، كۈندە ناخشا ... ئوينىدۇق، كۈلدۇق، شۇ!

— پاھ، ياشاپ كەت! — دېدى قارا چوقۇر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ، — كاساپەت چىرايلىقمىكەن؟ ناخشىسىغا ئوخشامدىكەن؟

— نېمىسىنى دەيسەن، ئاداش! — تېرە سودىگىرى ئاغزىنى چاكىلداتتى، — ئۇنىڭدىكى قاش-كۆز، ئۇنىڭدىكى ئەمچەك-ساغرا! پاھ-پاھ! ئايال زاتىدا ئاز تېپىلىدۇ، بۇلاقتەك كۆزىگە تىكىلىپ قاراشقا ئەيمىنىسەن! ساغرىسى دېگەن قازاق قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك لىغىرلايدۇ، پۈتۈن بەدىنى مىق-مىق ... لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى نۇقۇتتەك بىر تال مەڭ كاساپەتنىڭ چىرايلىق يۈزىگە مانا مۇشۇ قولۇمدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ئالماس كۆزىدەك ياراشقان-دە! ھەي-ھەي-ھەي! «چىراي كۆيدۈرەر، خۇلق سۆيدۈرەر» دېگەن راست ئىكەن! ئۇنىڭدا جاننى ئالىدىغان چىرايمۇ، جانغا جان قوشىدىغان خۇلقمۇ بار، دەڭلا!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تېرە سودىگىرىنىڭ ئۆزىچە ماختىنىپ، لاپ ئۇرۇپ، ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي ۋالاقشىپ سۆزلىشى سابىرنىڭ قاتتىق جېنىغا تەگدى، ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلدى. ھەممىشە قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان ساغلام چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تېرە سودىگىرىنىڭ ھاراق ئىچىۋېلىپ، قىپقىزىل يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى، يېنىدىكى ئۇلپەتلىرىگە قەستەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ماختىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھاياسىز گەپلەر ئۆز خوتۇنىنىڭ ئىسمى بىلەن باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، سابىرنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى زەخمە يەپ، خورلۇقى كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئىچ ــ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئەسەبىي بىر كۈچنىڭ زەربىدىن يۈرىكىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنىڭمۇ سېزىلەرلىك تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ شۇ تاپتا، تېرە سودىگىرىنىڭ ئالدىغا يىلپىزدەك ئېتىلىپ بېرىپ، ياقىسىدىن ئېلىشقا، ئايچېچەكنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى چىشلەپ تارتقان ئاشۇ بالا تەگكۈر ئاغزىنى قان قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى، تېرە سودىگىرىنىڭ تازا بىر ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. لېكىن شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: بىر چەتتە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان ھېلىقى «قاپلان باش» يىگىت لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگىنىچە تېرە سودىگىرىنىڭ گەجگىسىدىن ئالدى. بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىدىن تېرە سودىگىرىنىڭ دەسلەپ كۆزلىرى ئالاق ــ جالاق بولۇپ، ئاغزىمۇ گەپكە كەلمەي قالدى. كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، يېنىدىكى ئۇلپەتلىرىگە قاراپ كۆڭلىنى توختاتتى.

ــ سەن يالغانچى ئەبلەخ، كىمگە بوھتان قىلىۋاتىسەن؟! ــ دەپ گۈركىرىدى «قاپلان باش»، ــ ساڭا ئوخشاش تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ، ۋىجدانى سۈيۈلۈپ كەتكەن قىزىلكۆزلەرنىڭ دەستىدىن بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىزغا كۈن يوقما!؟

ــ پاھ، گەپنى مەن قىلسام، ساڭا نېمە دەز كەتتى، ئاغىنە؟ ــ دېدى تېرە سودىگىرى جان ئاچچىقىدا ھىجىيىپ، ــ ياقامنى قويىۋەت، بۇنچىلىك ئۆپكە قاققىنىڭغا قارىغاندا، ئايچېچەك سېنىڭمۇ بىرەر نەرسەڭ ئوخشىمامدۇ؟

ــ ئاغزىڭنى يۇم، سېسىق تېرىچى! ــ دېدى «قاپلان باش» تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ، ــ ئۇ مېنىڭ ھېچ نەرسەم ئەمەس، تېخى دىدارىنىمۇ كۆرۈپ باققىنىم يوق. لېكىن شۇنى بىلىپ قويغىن، ئۇ ھەممىمىزنىڭ سىڭلىسى، ھەممىمىزنىڭ ناخشىچىسى، ھەممىمىزنىڭ پەخرى!

ــ پاھ، ئاغىنە! قاتتىق ناخشاپەرۋەر ئىكەنسەن، جۇمۇ! ــ دېدى تېرە سودىگىرى مەسخىرىۋازلىق بىلەن كۈلۈپ، ــ لېكىن سەنمۇ شۇنى بىلىپ قويغىن، ئايال بىلەن ئويناش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى، ئەگەر سەنمۇ ئەركەك بولساڭ، بۇنىڭغا كۆزۈڭ قىزارمىسۇن!

تېرە سودىگىرىنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى، چېكىسىگە تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت زەربىدىن ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئەمما ئۇ شۇ ھامان پۇرژىنىدەك قاڭقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلىدى:

— پاھ، قالتىسقۇ سەن! ھارام ئۆلگۈك كەپتۇ - دە، بۈگۈن! — ئۇ چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ھەمراھلىرىغا تىكىپ، ۋارقىرىدى، — كېلىڭلار، بۇ پور كۆتەكنى ئازراق سەگىتىپ قويايلى!

ئۇ بىرىنچى بولۇپ «قاپلان باش» قا تاشلاندى، ئۇنىڭ مۇشتى ۋە پۇتى «قاپلان باش» نىڭ باش كۆزىدە چاقماقتەك ئۇچاتتى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئىسىنى يىغىشىپ، «قاپلان باش» قا تۇشمۇ - تۇشتىن ئېتىلىشتى...

سابىر باياتىندىن بېرى تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالغانىدى. ئۆزى ئۇچۇن تۇيۇقسىز مەيدانغا چۈشكەن خالىس يىگىتنىڭ بايىقى گەپ - سۆزلىرى ئۇنىڭ قورساق كۆپۈكىنى خېلى بوشاتقان، تېرە سودىگىرىگە بولغان قاتتىق غەزىپىنىمۇ بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن ئەمدى رەسمىي ئېلىشىش باشلاندى. «قاپلان باش» ئۇلار بىلەن يەككە - يېگانە ئېلىشىۋاتاتتى، سابىر ھېلى ھەم بولسىمۇ، «قاپلان باش» قا ھەمدەم بولۇپ، يالغانچى، كاززاپلارنىڭ راسا بىر ئاللا تۇۋىسىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ھازىرلىنىپ تۇرغاندا، «قاپلان باش» تېرە سودىگىرى باشلىق ئۇچەيلەننى ھەش - پەش دېگۈچە ئۇرۇپ - چەيلەپ، ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇلار ئەمدى ئىنجىقلاپ، ئۇھ تارتىپ، شۈمشەرەپ قېلىشتى. تېرە سودىگىرىمۇ سۇنغان ئىككى چىشىنى ئالقىنىدا سىقىمداپ، بىر شىرە ئاستىدا ئىنجىقلاپ ياتاتتى. «قاپلان باش» ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تەھدىت ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— بىلىپ قوي، سېسىق تېرىچى! بۈگۈندىن كېيىن يەنە ئاشۇنداق يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئاجىزلارغا بوھتان چاپلايدىغان بولساڭ، مەندىن قۇتۇلالمايسەن! سەن بۈگۈن قاراپ تۇرۇپ، ئايچېچەكنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى تۆكتۈڭ! ناخشىسىنى ئاڭلىدىڭ، ماختىدىڭ، لېكىن ئۆزىنى يەرگە ئۇردۇڭ! ئۇنى كىم بىلمەيدۇ، يېقىندا قايسىبىر ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا يوغان رەڭلىك رەسىمىنى باستى، لېكىن سەن ئۇنى پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتتىڭ!

— ئەمدى ... ئاداش ... ئوغۇل بالىچىلىقتا... — دېدى تېرە سودىگىرى ياۋاشلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئاز - تولا پو ئېتىپ، ئۆز كۆڭلىمىزنى ئۆزىمىز خۇش قىلىپ قويدۇق! بولمىسا، بۇ كوھىقاپىنىڭ يولىنى قانداق تۈگىتىمىز دەڭلا!

«سارىخان لەگمەن» نىڭ ئاشخانىسىدىكى كۈتۈلمىگەن ماجىرا قانداق تۇيۇقسىز باشلانغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز بېسىقتى. «قاپلان باش» ئۆزى يېگەن تاماق بىلەن بايا جېدەل - ماجىرا ۋاقتىدا سۇنغان بىر نەچچە قاچا - قۇچىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. تېرە سودىگىرى بىلەن قارا چوقۇر بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىپ، قاقشاپ قېلىشتى. ئەمدى سابىرمۇ ئۇزاق ئولتۇرمىدى، چاپىنىنى يەلكىسىگە غېرىبچە تاشلاپ ئاشخانىدىن چىقتى.

يەنە شۇ يول، يەنە شۇ ماشىنا...

سابىرنىڭ ئالدىدا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن پايانسىز چۆل - دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھازىر بۇ يەرگە يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ھۆكۈمران ئىدى. ماشىنىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنچە كۆچلۈك گۈركىرىگەن ئاۋازىمۇ ئانچە يىراققا بارمايلا خۇددى چۆلنىڭ هارارەت-
لىك زەررىچىلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولاتتى ... شۇ تاپتا سابىرنىڭ
كۆڭلىمۇ بەئەينى تۈن يۇتۇپ كەتكەن چۆلدەك غەشلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تول-
غانىدى. بابا شۇنچە ئىشتىها بىلەن بۇيرۇتقان ئاش شىرەدە ئۆز پېتىچە قالدى،
ئۇ هازىر ئاچلىقنى، ۋۇجۇددىكى ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ماغدۇرسىزلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنت-
تۇغان، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە هېلىمدىن ـ هېلىغا تېرە سودىگىرىنىڭ يالغاندىن لاپ
ئۇرۇشلىرى، هاياسىز سۆزلىرى تەكرارلانماقتا! ... ئۇنىڭ قەلبى يەنە بىردىنلا تېرە
سودىگىرىگە بولغان غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆرتەندى. ئۆرتىنىش كۈچەيگەنسې-
رى ۋۇجۇددا يۈرەككە ئوقيادەك سانجىلىدىغان، ئىنسان چىدىغۇسىز ئازابلىق بىر
تۇيغۇنىڭ يىلاندەك لۆمۈلدەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بۇنى ئەلۋەتتە رەشىك دېيەلمەيت-
تى، ياق! ئۇنداق دېيىش ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن ئېغىر، بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەرلىك غۇ-
رۇر ـ نومۇسىنى ئۆز قولى بىلەن دەپسەندە قىلغانغا تەڭ، كېچە ـ كۈندۈز ئېتىقاد
قىلىدىغان پاك، ۋاپادار مەهبۇبىگە ئۆز قولى بىلەن نىجاسەت چاپلىغانلىق بىلەن
باراۋەر!

سابىر ماشىنىنى تېخىمۇ تېز هەيدىگەچ، ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى:

ئايچېچەك! بۈگۈن مەن ساڭا سېنىڭ ئەدەبلىك، هايالىق ئېرىڭ سۈپىتى-
دە ئەمەس، بەلكى نېرۋىسى كاردىن چىققان تەلۋە كوچا لۈكچەكى سۈپىتىدە شۇنى
ئېيتىمەنكى، بۈگۈن مەن بىر نەچچە ئادەمنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىپ، ماخالىرىنى
ئېزىپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىشقا تاس قالدىم. لېكىن مېنىڭ ئورنىمدا باشقا
بىرى ـــ سېنى غايىبانە هۆرمەت قىلىدىغان، قوغدايدىغان نامەلۇم بىر يىگىت شۇن-
داق قىلدى. ئۇ هېلىقى ئەبلەخلەرنىڭ چىشىنى تۆكتى، باش ـ كۆزىنى ياردى! نېمە
ئۈچۈن؟! ئۇلار سېنى هاقارەتلىدى، ساڭا ئەڭ نومۇسسىز بوهتانلارنى چاپلىدى! مەن
هېلىقى تېرە سودىگىرىنىڭ ئەبلەخلەرچە ماختىنىپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان
چېغىمدا، خۇددى بوغۇزۇمغا زەهەرلىك خەنجەر سانجىلغاندەك، خېلىغىچە نەپەس ئالال-
ماي قالدىم. ئايچېچەك، جېنىم خوتۇنۇم! ئۇلار ساڭا نېمىشقا بۇنچىلىك يالا چاپ-
لاشقا، سېنى هاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلدى؟! مەن ئەمدى چۈشەندىم، بۇنىڭ سەۋەبى
بىرلا، ئۇ بولسىمۇ سېنىڭ ئارتىست بولۇپ سەهنىگە چىققىنىڭ، ناخشا ئېيتقىنىڭ،
ئەلگە تونۇلغىنىڭ! بولمىسا، ئۇلار سېنى نەدىن بىلەتتى؟! مەن بابا ئاشخانىدا يۈز
بەرگەن ئىشتىن مۇنداق بىر رەهىمسىز پاكىتنى كۆرۈپ يەتتىم: سېنىڭ گۈزەل، نە-
پىس ناخشىلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن لەززەتلەنگەن، بەهرى ئالغان، شەنىڭگە گۈلدۈ-
راس ئالقىشلارنى ياڭراتقان كىشىلەر ئارىسىدا، سەن بىلەن پەخىرلىنىپ، ساڭا مەد-
هىيە ئوقۇيدىغانلارمۇ، ئەكسىچە ساڭا بوهتان چاپلاپ، نامىڭغا داغ تەگكۈزىدىغانلار-
مۇ بار ئىكەن!

راستىمنى ئېيتسام، ساڭا قونغان چاڭنىڭ كىچىككىنە زەررىسىمۇ يۈرىكىمگە سان-
جىلغان كۆك تىكەندەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى مەن سېنى هۆر ـ پەرىلەرگە ئوخشىتىمەن! راست

دېمەك، ئامراقىم! سەن تۈنجى ياغقان قاردەك ئاپئاق، تاڭ شەبنىمىدەك تازا، قۇياش نۇرىدەك پاكسەن! مېنىڭ ۋۇجۇدۇم سەن بەخش ئەتكەن مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ لەززىتىنىڭ تەڭداشسىز كۈچى بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. پەقەت سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بىلەنلا ھايات، تۇرمۇش ماڭا تېخىمۇ گۈزەل ۋە مەنىلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ! مەن سېنى ماشىنامنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىرى تەگكەن ھەممە جايدا — قارلىق تاغلارنىڭ ئەگرى - بۈگرى سوقماقلىرىدا، قۇياش نۇرى تېشىپ ئۆتەلمەيدىغان قېلىن ئورمانلىقلاردا، جەننەتتەك رەڭلىنىپ تۇرغان ئېتىز - باغلار ئارىسىدا، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۆل - جەزىرىلەردە، كېچە ھەم كۈندۈزدە، ھاياتنىڭ ھەر بىر سىرلىق دەقىقىلىرىدە... خۇددى يېنىمدا، باغرىمدا تۇرغان ۋاقتىڭدىكىدەك كۆرۈپ تۇرىمەن! لېكىن ئايچېچەك، مەن بۈگۈن بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتىم: ئەگەر بىز ئاشۇ بەختىمىزنى، مۇھەببىتىمىزنى، ھاياتىمىزنى قوغدىمايدىغان، ئاسرىمايدىغان بولساق، ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن! ئۇنى ئەبەدىلئەبەد ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاچقۇچى سەندە! سېنىڭ سەھنىدىن چۈشۈشۈڭدە!

سابىر كېتىۋېتىپ، ئاشۇ خىياللىرى بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەردى، غەشلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تولغان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

3

ئۇلار ئەتىگەنلىك چاي داستىخىنىدا سىردىشىپ قالدى.

سابىر ئۇلۇشكەن كەچتە كەلگەندە، تۈنۈگۈندىن بېرى كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قانداق ئېيتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. لېكىن ئويلىغانلىرىنى ئۇدۇللا ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى. خوتۇنىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقاتتى. ناۋادا خوتۇنى رەنجىپ يىغلىسا سابىر ئۆزىنىڭمۇ بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار توي قىلغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشمىگەنىدى.

چاي داستىخىنىنىڭ شۇنداق مول، كۆڭۈللۈك بولۇشىغا قارىماي، نېمە ئۈچۈندۇر سابىرنىڭ ئىشتىھىسى تۇتۇلدى. ئۇ، قايماقلىرى لەيلەپ تۇرغان ئەتكەن چاينى بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە مالتىلاشقا باشلىدى.

— نېمە بولدى سابىر سىزگە؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئايچېچەك، — ئىچمەي ئولتۇرىسىزغۇ؟ ياكى چاينىڭ تۇزى تېتىماپتىمۇ؟

سابىر بېشىنى كۆتۈردى، ئايچېچەككە ئۈنسىز تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تەگسىز چوڭقۇرلۇقىدا ئايچېچەككە سەۋەبى نامەلۇم بولغان بىر خىل ئىزتىراپ ۋە ناخۇشلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ قانداقتۇر مۇھىم بىر گەپنى قىلماقچىدەك، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرىشقا قىينىلىۋاتقاندەك لەۋلىرىنى پۈرۈپ، ئېغىزىنى ئۆمەللەيتتى.

— سەن ... ئايچېچەك ... كەسپىڭنى ئۆزگەرتسەڭمىكىن، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن چوڭقۇر ئۇھسىنىپ.

— نېمىشقا؟! — ئايچېچەك قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى، — ئەمدى مېنىڭ ناخشامنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، ياقەي... — سابىر ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — سېنىڭ ناخشاڭنى نېمىشقا ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن! لېكىن...

— لېكىن دەيسىزغۇ؟ — سوردى ئايچېچەكمۇ ھولۇقۇپ، — سىزگە زادى نېمە بولدى؟ بۈگۈن تۇيۇقسىزلا بۇ گەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىپ قالدىغۇ؟

— ئەمدى ... ئىشقىلىپ، ئايچېچەك ... ئارتىس بولماي، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق كەسىپكە ئالماشساڭ مەيلى!

— سىز مېنىڭ ئىستىقبالىمدىن ئەنسىرەپ قالدىڭىزمۇ-يا؟ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ دەپ ئەنسىرەمسىز؟

— ئەستا ... نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسەن، ئايچېچەك!

— ئەمىسىچۇ؟

سابىر ئۈنچىقمىدى، ئۇنىڭ قاپىقىنى سىلىپ، خارامۇش ئولتۇرۇشى ئايچېچەكنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى.

— بىلدىم ... سىز مېنىڭ ئىستىقبالىمغا ئىشەنمەيسىز، شۇ! — دېدى ئايچېچەك يېرىمى ئىچىلىپ بولغان چېيىنى نېرى ئىتتىرىپ، — ئۆمىكىمىزدە بۇنداق ئىشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى راست! بىرمۇنچە ئارتىسلار ئۆز رولىنى جارى قىلالماي چېنىپ قالغاندىن كېيىن، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ پەردازچىلىك، باجگىر، ساقچى بولۇپ كەتتى ... مەنمۇ دەسلەپ ئۆز قابىلىيىتىمدىن گۇمانلانغانىدىم. ھازىر ئۆزۈمنىڭ يارامىلىق ناخشىچى بولۇپ چىقىشىمغا كۆزۈم يەتتى.

— ھەممە ئىش شۇ يارامىلىق ناخشىچى بولۇۋاتقانلىقىڭدىن كېلىۋاتىدۇ، ئايچېچەك! — دېدى سابىر كۆڭلىدىكىنى پوسۇقىدا ئېيتىپ.

ئايچېچەك تەئەججۈپ ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئەگىم قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قاپقارا بۇلاق كۆزلىرى سوئال نەزىرىدە سابىرغا تىكىلدى.

— بولدى، ئائىلىمىزنى، بەختىمىزنى ئويلىساڭ ناخشا ئېيتىشنى توختات! سەھنىدىن چۈش! — دېدى سابىر ئاۋازىنى سەل-پەل كۆتۈرۈپ.

ئايچېچەكنىڭ يۈرىكى جىغغىدا قىلىپ قالدى:

— سابىر، سىز تېخىچە بىلمەمسىز؟! ناخشا مېنىڭ ھاياتىم، سەھنە مېنىڭ ماكانىم ئەمەسمۇ؟! سىز بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز قېنى؟!

سابىرنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ھېلىقى ئۆتەك، ئاشخانا ۋە تېرە سودىگىرىنىڭ كۆرەڭ چىرايى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ يەنە قېنى قىزىدى، تومۇرلىرىدىكى ئەركەك قان شۇۋۇلداپ مېڭىسىگە ئۇرۇلدى.

— ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىش! — دېدى سابىر ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — بىلىپ قوي، ئايچېچەك، بىز ئۆتمۈش ئۈچۈن ئەمەس، ھازىر ئۈچۈن ياشايمىز!

ئۇنىڭ تۇرۇپلا خوتۇنىنى كايىغىسى كەلدى، ئەمما ئايچېچەككە قاراپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىكى بىر دۇنيا مېھىر - ساداقەت بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن ۋاپادارلىقنى، ناتىۋانلىقنى كۆرۈپ، قاتتىق گەپ قىلىشقا ئاغزى بارماي، شۈمشىيىپ قالدى.

— بىزگە يەنە كەلگۈسىمۇ كېرەك، سابىر! — ئايچېچەكنىڭ كۆزلىرى مۆڭلىنىپ، چىرايى ئۆمچەردى.

— راستىمنى ئېيتسام، ئايچېچەك، مەن سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن!

شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلىپ، سابىرنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. ئۆيگە ئۆمەك باشلىقى ئىلياس كىردى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، گەپ - سۆزى جايىدا، تەمكىن، ھۆرمەتكە سازاۋەر كادىر ئىدى.

— كېلىڭ - كېلىڭ، ئىلياس، يۇقىرى ئۆتۈڭ! — دېدى سابىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلەرنى قوزغىۋەتتىم - ھە؟ — دېدى ئىلياس ئوڭايسىزلانغاندەك، — ئالدىراشلا كىردىم، سىزگە بىر ئېغىزلا گەپ ئايچېچەك، بايا قۇربانوۋ تېلېفون بېرىپتۇ، بۈگۈن ئاخشام ھېلىقى باھالاش كومىسسىيىسىدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زىياپەت بېرىدىكەن، شۇنىڭغا سىزنىمۇ قاتناشسۇن، دەيدۇ.

ئايچېچەك سەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى:

— زىياپەتنى مەدەنىيەت ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرۇپتىمۇ؟

— ياق، قۇربانوۋ ئۆز نامىدىن بېرىدىكەن.

— ئەمىسە، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئولتۇرۇشى ئىكەن دەڭا، ئىلياس ئاكا! — دېدى ئايچېچەك رايى قايتىپ.

ئىلياس جاۋاب بەرمىدى، ئايچېچەكنىڭ سوغۇق سوئالىدىن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. دېمىسىمۇ، بەزى باشلىقلارنىڭ ئارتىسلارنى ئويۇنچۇق قىلىۋېلىشى، بولۇپمۇ، نامى بار ياش، چىرايلىق ئارتىسلارنى ھە دېسىلا ئويۇن - تاماشاغا چاقىرىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان مەنىۋى بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئىلياسنىڭمۇ جېنىغا تەگكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئايچېچەكنىڭ بايىقى مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا سورىغان سوئالىدىن كۆڭلىدە خۇشال بولدى.

— ئىلياس ئاكا، خاپا بولماي قۇربانوۋغا ئېيتىپ قويسىڭىز، — دېدى ئايچېچەك ئىككىلەنمەيلا، — زىياپەتكە بارالمايمەن!

ئۇ بارالمايدىغانلىقىغا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسەتمىپمۇ ئولتۇرمىدى، ئىلياسمۇ ئەزۋەيلەپ سورىمىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن چىقاي، — دېدى ئۇ ئارقىغا يېنىپ.

ئىلياس چىقىپ كەتتى. ئايچېچەك داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ خىيالىدا سابىرنىڭ پەرىشان، سىرلىق ھالىتى ۋە بايامقى سۆزى ھېلىدىن - ھېلىغا گەۋدىلىنەتتى. ئۇ نېمىشقا ئايچېچەكنىڭ ئارتىس بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىپ قالدى؟

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا شۇنداق ئامراق ئادەم نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا بىزار بولۇپ قالدى؟

ئايچېچەك بۇلارنى ئويلىغانسېرى، خىيالى چېچىلىپ، كۆڭلىگە ئاللىقانداق كۆڭۈلسىز ئوي - خىياللار كېلەتتى.

— بايا نېمە دېدىڭىز، سابىر؟ — ئاخىر ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى، — ھە، راس ... «سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دېۋىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئايچېچەك! — دېدى سابىر ۋە ئايچېچەكنىڭ يېقىملىق، مەسۇم كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بوش، تىترەڭگۈ ئاۋازدا مۇنداق دېدى، — كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، سەن ھازىر بارغانسېرى ئۆرلەپ، ئېگىزگە چىقىپ كېتىۋاتىسەن، مەن بولسام، يەنە شۇ پەستە تۇرۇۋاتىمەن! مەن سېنى ھەمىشە ئاي، يۇلتۇزلاردەك ئېگىزلىكتە، يۈكسەكلىكتە تۇرغان پەرىشتىلەردەك ھېس قىلىمەن. ئۆزۈمنى بولسا، پەستىكى توپا - چاڭلار، ماي - لاتقىلار ئارىسىدىكى ئاددىي بىر ئادەمدەك سېزىمەن! شۇڭا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەندىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، ئايچېچەك!

— ۋىيەي! شۇ گەپمىدى؟ تېخى شۇنداق ئويلاپ كەتتىڭىزما؟! — ئايچېچەكنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ، بايىقى چېگىش خىياللىرى يېشىلگەندەك بولدى، — ۋاي بىچارىدىيەي، مېنى ئاسماندا، ئۆزىڭىزنى يەردە ھېس قىلىمەن، دەڭ! مەن پەرىشتە بولسام، سىز مېنىڭ بەخت قۇشۇم، سابىر! كېلىڭا، مەن سىزنى بېشىمغا قوندۇراي! — ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا سابىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان يۈزىگە ئارقىمۇ ئارقا چوكۇلدىتىپ سۆيدى.

— نېرى تۇر، زۇكاملىقىمنى بىلمەمسەن؟ — دېدى سابىر ئۇنىڭ قۇچىقىدا قىمىرلاپ، — ھېلى بىكار يۇقۇپ قالمىدۇ!

لېكىن ئايچېچەك ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى:

— نېمە كاردىم، يۇقسا يۇقمامدۇ؟ سۆيىمەن، مانا مۇشۇنداق سۆيىمەن! مانا، مانا!

ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇددى تۇيۇقسىز بۇزۇلۇپ، كىچىككىنە ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىن يەنە دەرھال ئېچىلىپ كەتكەن سۈزۈك، يىللىق ئاسماندەك پاللىدە يورۇپ كەتتى!

### ئىككىنچى باب

## يۈرەك نېمە دەيدۇ

«مۆجىزە، كۆپىنچە، بەختسىزلىك
ئىچىدىن تۆرىلىدۇ.»
— بېكون

1

ئەكرەم بىر يىلدىن بېرى بويتاق ياشايتتى. ئۇنىڭ ئايالى سانىيە پەردازغا، ياسىنىشقا، ئويناپ - كۈلۈشكە بېرىلەتتى.

كۆكۆل ھەمىشە ئۆزىگە ھەمنەپەس بولالايدىغان، يېقىنلىشالايدىغان، ئۇچقۇندەك يالىلداپ تۇرىدىغان سەممىي، قىزغىن يۈرەكنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئەكرەم ئۈچۈن سانىيەنىڭ يۈرىكى ئۇنداق ئۆلچەملىك يۈرەك بولالماي قالدى. سانىيە ھەمىشە چوكانتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان يوللاردا ئەكرەم بىلەن سەيلە قىلىشنى، چىرايلىق كىيىنىپ زىياپەتلەرگە بېرىشنى، تىپتىنچ كۆللەردە قېيىقتا چۆشۈپ ئۈزۈپ ئوينىشنى، قىسقىسى، ھاۋايى - ھەۋەسكە تولغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەكرەم بولسا، پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، تەلەپ قىلىدىغىنى ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىدى. لېكىن سانىيە ئۇنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن مۇزىكىلىرىنى ياخشى كۆرمەيدى، ئىجادىيىتىنى سۆيمەيدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىككىنچى بالىسى ئۈچ ياشقا كىرگەندە، چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ، خۇددى داتلىشىپ كەتكەن زەنجىر بىلەن بىر - بىرىنى چىرماپ قويغانغا ئوخشاش ئازابلىق، زېرىكىشلىك تۈيۈلۈشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئائىلىدە ھاياتنىڭ لەززىتى، مۇھەببەتنىڭ شېرىن - شەربىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرى ئەكرەم ئۇرغۇن بەدەل تۆلەش ھېسابىغا دات باسقان بۇ زەنجىرنى ئۈزۈپ، تەنھا ياشاشقا باشلىدى...

ئەكرەم بۇ بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، مۇھەببىتىنى، ئەقىل - ئىدرىكىنى ئۆگىنىشكە، ئىجادىيەتكە بېغىشلىدى، ئۇنىڭ قەلبى مۇزىكىغا بولغان پاك سۆيگۈ بىلەن تولغانىدى، بۇ سۆيگۈ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوتلۇق ھارارەت بەخش ئەتتى. ئۇ مانا شۇ مۇقەددەس سۆيگۈ بىلەن تالاي - تالاي مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى، بۇ مۇزىكىلار ھايات ۋە گۈزەللىك بىلەن يۇغۇرۇلدى.

لېكىن يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان، يەتتە ئەزايى پۈتۈن، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۈچۈن، مۇھەببەت دەرۋازىسى ھەمىشە ئوچۇق بولىدۇ! بۇ دەرۋازا ئادەمنى بەزىدە مەسۇم قىزلارنىڭ سۆيگۈ ناخشىلىرىغا تولغان باغ-ئېرەملەرگە، بەزىدە قىران چوكانلارنىڭ مۇھەببەت قىسماقلىرى قۇرۇلغان دەشتى - چۆللەرگە باشلاپ بېرىشى مۇمكىن! ئەكرەممۇ بىلىپ - بىلمەي بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈپ قالدى. لېكىن ئۇ بۇ دەرۋازىدىن قانداق كىرىپ ئايچېچەكنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنى قاچان، قەيەردە ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر خىل ساپ، ئىللىق سۆيگۈ ئۇنىڭ يۈرىكىگە توساتتىن، زادىلا ئويلىمىغان يەردىن بۆسۈپ كىرگەنىدى. ئەمدى كېلىپ، بۇ قۇدرەتلىك تۇيغۇ خۇددى چىنارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاستا - ئاستا يىلتىز تارتىپ، يۈرەك باغرىدا بىخ سۈرگەنىدى. سۆيگۈ ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇنى تېخىمۇ جانلىق، تېتىك قىلىۋەتتى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل ناخشىلىرى، يېزىپ تۈگەتكۈسىز يېقىملىق مۇزىكىلىرى بار ئىدى.

لېكىن ئەكرەم قەلبىدىكى بۇ نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئايچېچەككە زادىلا سەزدۈرمىدى، سەزدۈرۈشنىمۇ خالىمىدى. ئۇنى گويا سەدەپ قۇلۇلىسىدەك ئۆز باغرىدا چىڭ ۋە چوڭقۇر يوشۇرۇپ يۈردى. چۈنكى ئۇ، ئايچېچەكنىڭ سابىر بىلەن بولغان پاك، سەممىي مۇھەببىتىنى، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىدا بەختلىك،

سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر ئۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق تىنچ ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى چالغىتىپ، ئوتتۇرىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىدىغان بولسا، ئۆزى تۈگۈل ئايچېچەكنىڭمۇ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ، بىئارام قىلىدىغانلىقىنى، ئايچېچەكنى بىئارام قىلىش ئۆزى ئۈچۈن قانداق ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى سەكپارە قىلىۋاتقان بۇ ئوتنى مەردانىلىق بىلەن ئىچىگە يۇتۇپ، ئايچېچەككە بولغان ئىشقى-مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي دوستلۇق ھېسسىياتى؛ ئەقىدە-ئىخلاسىنى بولسا، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئايلاندۇردى. شۇندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ھاياتىنى خۇددى بىر دانىشمەنىنىڭ «ھاياتنى دائىم ئۆزۈڭ ئىگە بولالمىغان بىرەر نەرسىگە شەيدا بولۇپ ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك، ئىنسان يۈكسەكلىككە تەلپۈنگەنسېرى، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئايچېچەكنىڭ ناخشىسىغا تەلپۈنۈش، ئىجادىيەتكە ئىنتىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئەكرەم بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۆزىگە ئون نەچچە يىلدىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان «ئاق قېيىن» ماركىلىق پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئولتۇردى. ئۇ ئۆتكەن ھەپتىدىن باشلاپ «تولۇن ئاي» ناملىق رومانتىك بىر مۇزىكا ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ، نوتا يېزىلغان قەغەزلەرنى ئالدىغا يېيىپ، پىئانىنونىڭ چىرايلىق تىللىرىنى باستى، ئۇنىڭدىن كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان شوخ ۋە نازۇك كۈيلەر ياڭراشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا، ئۆيگە تۇيۇقسىز ئايچېچەك كىرىپ كەلدى. ئۆيگە گويا تاڭ شامىلى، باھار ئاپتىپى ئۇچۇپ كىرگەندەك ئەكرەمنىڭ دىلى يايراپ كەتتى.

— كېلىڭ، ئايچېچەك، يۇقىرى ئۆتۈڭ! — دېدى ئەكرەم ئوڭايسىزلانغاندەك، — ئۆيۈم مۇشۇنداق بىسەرەمجان ...

ئايچېچەك ئۆيگە تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر خىل ھېسداشلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەكرەم ئاكا، ئۆيىڭىز راستلا كىچىك ئىكەن، باش پاتسا، ئاياغ پاتمىغىدەك. ئاشۇ مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئۆيدە ئىجاد قىلدىڭىزمۇ؟

— كۆنۈپ قاپتىمەن، ماڭا ئانچە كىچىك بىلىنمەيدۇ! — دېدى ئەكرەم پەرۋاسىزلا، — قاراپ تۇرۇڭ، يەنە نۇرغۇن ئاجايىپ مۇزىكىلار مۇشۇ ئۆيدە دۇنياغا كېلىدۇ. سىز ئاڭلىمىغانمۇ؟ داڭلىق خىمىيە ئالىمى كىيورى خانىم كىچىك بىر كەپىدە رادىينى ئىجاد قىلغان، چىن جىڭرۇڭمۇ ئالتە كۋادرات مېترلىق ئۆيدە «گودباخ قىياسى»نىڭ سىرىنى ئاچقان. ئۇلارغا قارىغاندا، مېنىڭ بۇ ئۆيۈم خېلى ئازادە! مېنىڭچە، ئادەمنىڭ غايىسى تۇرمۇشنىڭ جاپا-مۇشەققىتىگە يېقىنراق يەردىن تۇغۇلسا، كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق ... — دېدى ئايچېچەك يەنە شۇ ھېسداشلىق تۇيغۇسى بىلەن، — لېكىن سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئەكرەم ئاكا. ئۆزىڭىز تاماق ئېتىپ، ئۆزىڭىز

كىر يۇيۇپ، ئۆزىڭىز ئۆي تۇتۇپ يۈرۈپمۇ، يەنە شۇنداق ئېسىل مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىۋاتىسىز. ئەگەر تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولغان بولسىڭىز، قانداق ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز، دەيمەن! سانىيە بىلەن ئاجراشمىغان بولسىڭىزمۇ بوپتىكەن، ئەر-خوتۇن، ئاتا-بالا بىر ئۆيدە جەم بولغان بولساڭلار، سىز تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز.

ئەكرەم ئورنىدىن تۇردى، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شورىدى، ئەپتىدىن قەلبىدىكى كونا يارىلىرى تىرنالغاندەك تۇراتتى.

— بۇ گەپنى قىلماڭ! — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۆز ۋاقتىدىكى جەم بولۇش مېنى ۋەيران قىلغىلى تاس قالدى. كېيىن بويتاق بولۇۋىدىم، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدىم. مەن ھازىرقى تۇرمۇشۇمدىن بەكمۇ رازى! كونىلار: «ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ گۈلىستانى، يامان خوتۇن ئۆينىڭ گۆرىستانى» دەپتىكەن. مەن بۇ ھەقىقەتنى راستىنلا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئەر-خوتۇننىڭ ئارزۇ-ھەۋىسى، تۇرمۇش يولى ئوخشىمىسا بولمايدىكەن. دەرۋەقە، بۇنداق بولۇش ناھايىتى تەس! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئايال كىشى ھېچبولمىغاندا، ئېرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىشى، قوللىشى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز-تولا شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك! لېكىن سانىيە ئۇنداق قىلمىدى، ئەكسىنچە، توسالغۇ بولدى! مېنىڭچە، سىز «دوناي ۋالىسى»نى ياخشى كۆرىسىز، مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. لېكىن سىز مۇشۇ مەشھۇر مۇزىكىنىڭ قانداق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟ «دوناي ۋالىسى»نى ئاۋستىرىيىلىك يوھان ستراۋۇس دېگەن كومپوزىتور ئىجاد قىلغان. ئۇ بىر كۈنى ئاغىنىلىرى بىلەن تاغقا سەيلىگە چىقىپتۇ، شۇ يەردە خىيالىغا تۇيۇقسىز بىر مېلودىيە كېلىپ قاپتۇ، خاتىرىلەپ ئالاي دېسە ئۆزىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ قەغەز، قەلەم تېپىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەرەڭگىنىڭ تېلىنى كۆيدۈرۈپ كۆينىكىگە يېزىۋاپتۇ. لېكىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن خوتۇنى بۇ كۆڭلەكنى يۇيىمەن، دەپ داسقا سالغاندا، ھېلىقى نوتىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، كۆينەكنى يۇماي، دەرھال داستىن چىقىرىپ ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بۇ مۇزىكا ساقلىنىپ قاپتۇ. ئەمدى مېنىڭ سانىيە خانىمچۇ؟ ئۇ مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ساقلاپ قويۇش تۈگۈل، يىرتتى، ئوتقا تاشلىدى. كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي ئىجاد قىلغان «تارىم ۋالىسى»، «باھار كۈيى» قاتارلىق مۇزىكىلىرىم ئۇنىڭ قولى بىلەن نابۇت قىلىندى. بۇنى ئويلىسام، كۆزۈمدىن ياش ئەمەس، يۈرىكىمدىن قان تامچىلايدۇ! ئايچېچەك، مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېگەن ئادەم خۇددى نوبېلغا ئوخشاش ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. ئائىلە ئادەمنىڭ پۇتىغا كىشەن، روھىغا يۈك بولىدىكەن!

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى ئايچېچەك ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — نوبېلمۇ ياخشى بىر ئائىلە قۇرۇش نىيىتىدە بوپتىكەن، لېكىن ياخشى كۆرگەن قىزىنى ئەجەل ئېلىپ كېتىپ، مەڭگۈلۈك ھىجرانىدا قالغانىكەن. ئەسلىدە، ياخشى ئائىلە ئادەمگە بەخت

www.uyghurkitap.com

ۋە قانات ئېلىپ كېلىدۇ!

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش! — دېدى ئەكرەم ھەۋەسلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئازراق قىزغىنىش ئارىلاشقان بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتتا، — «ياخشى خوتۇن ئەرگە دۆلەت» دېگەن گەپ بار. لېكىن بۇ دۆلەت ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمۇۋەرمەيدىكەن، ھەممە ئادەم سابىردەك تەلەيلىك كەلمەيدىكەن...

ئايچېچەك قېشىنى ھىمىرىپ، كۆزىنى سۈزۈپ، شىتىلىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ۋە تۇرقى ئەكرەمگە تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئاشۇنداق نازاكەت ۋە شوخلۇق، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاشۇنداق ئوتلۇق بېقىش پەقەت ئايچېچەكتىلا بار ئىدى.

— ئەكرەم ئاكا، مەن بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، — دېدى ئايچېچەك كونا پاسوندىكى ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — يېقىندىن بېرى مەن يىگىرمە نەچچە كىشىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇلار ئۆتكەندىكى تالالاشتا ئوقۇغان ناخشامنى ئاڭلاپ، تەسىرلەنگەنلىكىنى يېزىپتۇ، ئاشۇنداق ناخشىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇشىمنى تەلەپ قىپتۇ.

— يالغۇز شۇلىما؟ — ئەكرەم ھەييارلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ھەممە خەتتە شۇ گەپمىكەن؟ باشقىراق تەلەپ يازغانلارمۇ باردۇ؟

— قاراڭ، سىزنى! — ئايچېچەك تۇمشۇقىنى ئۈشلاپ، دومسايدى، — باشقىچە تەلەپ يازغانلار بولسا، قانداق قىلاتتىم؟! سابىر بىلەن قىزدىنى كۆرسىتىپ قويىمەن شۇ.

دەرۋەقە، بۇ خەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئايچېچەككە مەدھىيە ئوقۇلغان، بەزىلىرىدە ئۇنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىدە ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان ۋە سۆيگۈ تەلىپى قويۇلغانىدى.

— بۇ ياخشى ئەھۋال، ئايچېچەك، — دېدى ئەكرەم ئەمدى ئەستايىدىل قىياپەتتە، — ئۇ خەتلەر مەيلى قايسى نۇقتىدىن يېزىلمىسۇن، ھەممىسى بىرلا مەنىنى، يەنى سىز ئېيتقان ناخشىلارنىڭ خەلققە ياردىغانلىقىنى، سىزنىڭ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدۇ، بۇ سۆزلەرگە مېنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىم، ئۈمىدىم ۋە ھەۋىسىم يوشۇرۇنغان. سىز بۇنى چۈشىنەمسىز؟

— چۈشىنىمەن، ئەكرەم ئاكا! — دېدى ئايچېچەك ئەكرەمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سەمىمىي، دوستانە كۆزلىرىگە قاراپ، — خەلقنىڭ، سىزنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدلىرىڭلارنى ئاقلاش ئۈچۈن بېلىمنى چىڭ باغلىدىم. ناخشا ئەمدى مېنىڭ ھاياتىمغا، ئېپتىخارىمغا، ئىستىقبالىمغا ئايلاندى!

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — ئەكرەم خۇشاللاندى، — شۇنداق تونۇشقا كەلگەن بولسىڭىز، مېنىڭ مۇزىكىلىرىم سىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ!

— مەن بۈگۈنمۇ دەل ئەنە شۇ مۇزىكا ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى ئايچېچەك سۆزىنى ئەسلى مۇددىئاغا يۆتكەپ، — تۈنۈگۈن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇلار مېنى بىرنەچچە ناخشا ئېيتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇڭا سىزنىڭ يېڭى

مۇزىكا ئىشلەپ بېرىشىڭىزنى كۈتۈۋاتىمەن!

— مۇزىكا پۈتۈپ قالدى، ئايچېچەك، سىز ئۈچۈنلا ئىشلىگەن، — دېدى ئەكرەم پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇپ، — مانا، ئاڭلاپ بېقىڭ. مېنىڭچە، ئاۋازىڭىزغا، خۇلقىڭىزغا تازا ماس كېلىدۇ، تېكىستىمۇ يېڭى!

ئۇ، بارماقلىرىنى پىئانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىدە ئويناتتى. پىئانىنودىن دەسلەپتە تاڭ شامىلىدەك شوخ، يارقىن، شادىيانە بىر كۈي، كېيىن تۈن قاراڭغۇلۇقىدەك ئېغىر، غەمكىن، مۇڭلۇق بىر ناۋا ياڭرىدى. ئايچېچەك ئاستا-ئاستا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن مەستخۇشلاندى، ئۇنى بىر خىل ھاياجانلىق، شېرىن، جۇشقۇن ۋە تەشنالىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالغاندى...

— نامىنى «تولۇن ئاي» دېدىڭىزمۇ، ئەكرەم ئاكا؟ — دەپ سورىدى ئايچېچەك بىر ھازادىن كېيىن ھاياجىنىنى بېسىپ، — ياخشى چىقىپتۇ، ھازىرلا ئۆگىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن. لېكىن... لېكىن ئادەمنى سەل ئېزىپ قويامدۇ-قانداق؟

ئەكرەم پىئانىنونىڭ ئالدىدىن قوپتى، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، تار ئۆيدە ئۇ ياقتىن-بۇياققا ماڭدى. خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— سەزگىنىڭىز توغرا، مۇزىكىدا قىزىل مىلودىيىگە قارىغاندا، كۆك رەڭ * مىلودىيە سەل كۆپرەك بولۇپ قاپتۇ. مۇزىكا ئىجادىيىتىمۇ ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا باغلىق بولىدۇ. ئادەم خۇشال، تېتىك چاغلاردا ئىجاد قىلىنغان مۇزىكىلار خۇددى تاڭغو، پاكىستروتلارغا ئوخشاش شوخ، جۇشقۇن بولىدۇ. ئېھتىمال، «تولۇن ئاي» نى ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، كەچمىشلىرىمنى، تۇرمۇشۇمنى ئەسلەپ، ئويلاپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. چايكوۋىسكىنىڭ مەشھۇر «ھەسرەت» سىمفونىيىسىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان، نىكاھ ئىشى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ۋاقتىدا يارىتىلغان. مېنىڭچە، ئايچېچەك، مۇزىكا دېگەندە نەيدىن چىققاندەك مۇڭلۇق ناۋا، تەمبۇردىن چىققاندەك شوخ كۈي، غىجەكتىن چىققاندەك چوڭقۇر مۇڭ، ساتاردىن چىققاندەك نالە-پىغان، چاڭدىن چىققاندەك شادىيانىلىق مۇجەسسەم بولغاندىلا، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ! شۇڭا كىشىلەر: «مۇڭسىز ناۋادىن كالامنىڭ مۆرىشى ياخشى» دەيدۇ ئەمەسمۇ!

ئايچېچەك قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بىرخىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن:

— ئەكرەم ئاكا، ئەمدى مەن سىزنىڭ پىشمىڭىزگە ئېسىلدىم، ئەمدى سىز مېنىڭ ئەككىنچى ئۇستازىم بولىسىز! — دېدى.

دۇرۇس، ئىلىمگە، كەسىپكە ئىنتىلگەن كىشىلەر ئەزەلدىن ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ كەلگەن. ئايچېچەكنىڭ بىرىنچى ئۇستازى بېيجىڭدا ئىدى. ئۇ خەن ئىسىملىك ئالىيجاناب، بىلىملىك بىر ئۇستازنىڭ قولىدا بىر يىل تەربىيىلەنگەنىدى. خەن پروفېسسور شۇ چاغدا شىنجاڭدىن كەلگەن زىلۋا بويلۇق، تارتىنچاق، ئوماق بۇ

---

* قىزىل، كۆك رەڭ مىلودىيە — ئاھاڭدىكى يەتتە ئاۋاز «چوڭ» ۋە «كىچىك»، يەنى «قىزىل» ۋە «كۆك رەڭ» دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ. چوڭ كۈي، يەنى قىزىل مىلودىيە — مەردانە، ياڭراق، يارقىن، كەڭ بولىدۇ. كىچىك كۈي، يەنى، كۆك رەڭ مىلودىيە — غەمكىن، مۇڭلۇق، تار ۋە خىرە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



چوكاننى بىر ـ ئىككى قېتىم سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تاتلىق، ئەۋرىشىملىكىنى، كىچىككىنە جىسمىدا قانداقتۇر زور بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيىلەنسە، چەكسىز ئىستىقبالغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ دەسلەپتە ئايچېچەككە بىر ئاي ئاددىي نوتىنى تونۇلاتقۇزدى، ئىككى مىنۇتلۇق سەھنىگە چىقىش ھەرىكىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن توققۇز كۈن سەرپ قىلدى. ئۇ بىر كۈنى ئايچېچەككە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ مۇنداق بىر تەسىراتىم بار، قىزىم. قىزغىن سۆيۈش ــ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ياخشى ئۇستاز. ھەۋەسمۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تۆرەلمىسى. كەسپىنى ئوبدان ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن ھەۋەسنى يېتىشتۈرۈشتىن باشلاش كېرەك. سىز ئۆز كەسپىڭىزگە چوڭقۇر ھەۋەس قىلىسىڭىزلا ئاندىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى ئىزدەشكە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرنى تېپىشكە ئىنتىلىدىغان بولىسىز.»

ئايچېچەك خەن پروفېسسورنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى. ئۇنىڭ ناخشىغا بولغان ھەۋەس ـ ئىشتىياقى ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ چوڭقۇر ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئەنە شۇ ئىشتىياق بىلەن ئەكرەمنى ئۆزىگە ئىككىنچى ئۇستاز قىلىپ تۇتۇۋاتاتتى، ئەكرەممۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىشەنچ ۋە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى!

ئايچېچەك قايىتماقچى بولدى. ئەكرەم ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ يېڭى بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

ــ مەدەنىيەت نازارىتىدىكى بىر ئاغىنەمدىن خەت كەلدى، ئالدىمىزدىكى ئايدا بىر تۈركۈم ئارتىسلار چەت ئەلگە چىقىدىكەن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، خەلقئارا سەھنىگە يارىغۇدەك بىر مۇزىكا ئىجاد قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئۇنىڭ تېكىستىنىمۇ ئۆزۈم يازىمەن، سىزمۇ ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ!

ــ ئۇنداق شان ـ شەرەپ ماڭا نېسىپ بولارمۇ ئەكرەم ئاكا، ــ دېدى ئايچېچەك ھەم قىزىققان، ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، ــ كونىلاردىن ھەرگىز ئاشماس!

ــ ياق، ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمەڭ! ــ دېدى ئەكرەم بىر خىل ئىشەنچ بىلەن، ــ ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، كىمنىڭ قابىلىيىتى بولسا، سەھنىگە شۇ چىقىدىغان گەپ! سىز ھازىر تىرىشىۋاتىسىز، يۇقىرىدىمۇ تونۇلۇپ قالدىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنچە كىچىك چاغلىماڭ!

ــ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئەكرەم ئاكا! ــ دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ سەمىمىي ئىچكۆيەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ــ خۇدايىم، دېگىنىڭىز كېلەر!...

2

ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىنكى ئېغىرلاشقان، نەمخۇش ھاۋا سىلكىنىشتىن تىترەپ، ئۇيقۇغا چۆمگەن تاغ ئارىسى گۈرۈلدەپ كەتتى. خۇددى قۇياش پارچىسىدەك يارقىن چاقناپ، يىراقتىن بالقىپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ نۇر توچكىسى بىللە بىلەن بۇ زېمىنغا تونۇش، تەنھا، ئەمما، قۇدرەتلىك بىر ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ كېلەتتى. بۇ ئاۋاز

خۇددى تاغ سۇلىرىنىڭ ئېگىز شارقىراتمىدىن پەسكە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان چاغدىكى تىنىمسىز گۈرۈلدەشلىرىگىمۇ، قارا يامغۇر ئالدىدىكى گۈلدۈرمامىنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغان چاغدىكى ھەيۋەتلىك سادالىرىغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى!

خورىماس كۈچ مەنبەسى بولغان يۈرەكتىن پارتلاپ چىقىۋاتقان قۇدرەتلىك بىر ئىچكى كۈچ ماتورغا ئۆتكەندى. ماتور شۇ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە شىددەت ھۆركىرەپ، گويا تاغ ئۈيۈتمىسىدەك غايەت زور ئېغىر يۈكنى تاغ ئارىسىدا سۆرەپ كېلەتتى!

سابىر كۆڭلىدە ھېسابلاپ باقتى، بۈگۈن ئۇ سەھەردە رولغا ئولتۇرغىنىچە ئالتە يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپتۇ. سومكىسىدىكى قۇرۇق نان، سۇدانىدىكى چايلارمۇ تۈگىگەن. ئۇنى شۇ تاپتا، ئاچلىقتىن كۆرە، ئۇسسۇزلۇق، ئۇيقۇدىن كۆرە، ماغدۇرسىزلىق قىينايتتى. ئۇ، قېلىن گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى پات - پات يالاپ قوياتتى، تۈكۈرۈكىنى يۇتماقچى بولاتتى، لېكىن ھەلقۇمى قۇرۇقتىن - قۇرۇق مىدىرلايتتى. ئاغزىدا بىر تېمىم نەملىك قالمىغان، تىلىمۇ قۇرۇپ، قاغجىراپ، بىر پارچە تارشىغا ئوخشاپ قالغانىدى. تېلىپ، ئاغرىپ، ھالى قالمىغان بەللىرى مۈكچىيىپ، بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى رولغا تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى يەنىلا ئۆتكۈر ۋە سەگەك ئىدى. بىر جۈپ ئۆتكۈر نۇر ئۇنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېتەكلەپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر پەقەت ئاشۇ نۇرلا ھارمىغاندەك، ئۇ گويا تەڭرىنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكمىدەك، بىپايان كائىناتنى يالماپ - يۇتۇۋەتكەن زۇلمەتلىك تۈن باغرىنى شەمشەردەك يېرىپ باراتتى.

— تېخىچە مېڭىۋاتامسىز، سابىر؟

— ھەئە، ئايچېچەك، ئۆيگە ئالدىراپ، سىلەرنى سېغىنىپ، توختىماي مېڭىۋاتىمەن!

— ئەتىلا كۆرۈشىمىزغۇ... ئاھ، شۇ تاڭ تېزرەك ئاتسىدى...

— سىزمۇ تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىڭىزنى كۆرۈپ قانداق ئۇيقۇم كېلىدۇ؟

— ئۇنى قانداق كۆردىڭىز، ئامرىقىم!؟

— نۇردىن، ماشىنىڭىزنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن تاراۋاتقان نۇردىن كۆردۈم! ئەمدى توختاڭ، بەك چارچاپ كېتىپسىز، ئۇخلاڭ جېنىم... لېكىن، ئاشۇ سۈرلۈك تاغ ئارىسىدا قانداق ئۇخلارسىز؟

— ھېچقىسى يوق، ھەممىگە كۆنۈپ قالغانمەن! سىزدەك ۋاپادار خوتۇنۇم، ساباھەتتەك تاتلىق بالام بولغىنى ئۈچۈن، شېغىللىق داق يەردىمۇ ماۋۇق تۆشەكنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيمەن!

سابىر خېلى بىر يەرگىچە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىپ ماڭدى. ئۈنسىز پىچىرلاش، غايىبانە سىردىشىش ئۇنىڭ ھېرىپ، ماغدۇرسىزلانغان ۋۇجۇدىغا بىر خىل لەززەتلىك ئارام بېغىشلايتتى. ئانا ئەللىيىدەك يېقىملىق، پەرىشتىدەك گۈزەل ئاشۇ سىيما تۈگىمەس بۇ يوللاردا ئۇنىڭغا دىلكەش ھەمراھ بولاتتى.

ماشىنا بىر دۆمبەلدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر پارچە ئوچۇق چىلىقتا چىقتى. ئوچۇقچىلىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە، گۇگۇگا چىراغ يورۇقىدا قاچانلاردۇر تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ قالغان كونا تاش ئۆتەڭ چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە يۈك ماشىنىلىرى توختىتىپ قويۇلغانىدى.

سابىر ماشىنىسىنى يولدىن قايرىپ چىقىپ، تىك كۆتۈرۈلگەن تاغنىڭ بېقىنىدا توختاتتى - دە، كابىنكىدىن چۈشتى. كۈندۈزى تونۇردەك قىزىپ كېتىدىغان تاغ ئارىسى ھازىر خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى. سابىر تاش ئۆتەڭگە كەلدى. بۇ يەردە ساقاللىرى تارغاق كۆرمەي چېگىشلىشىپ كەتكەن، ئېگىز بويلۇق، ئازغىن بىر بوۋاي ياز ۋە كۈز پەسىللىرى قوغۇن - تاۋۇز سېتىپ خوجايىنلىق قىلاتتى. كەچ قالغان، ھېرىپ - چارچىغان شوپۇرلار ئۈچۈن بۇ يەر خۇددى ئۆز ئۆيىدىنمۇ ئىسىل - ئازادە، خىلۋەت ماكان ئىدى. مانا، بۈگۈنمۇ بۇ يەردە تۆت ئادەم پاكار پۇتلۇق، تۆت چاسا قاسماق شىرەنى چۆرىدەپ، تاۋۇزنى زاكوسكا قىلىپ ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىشىسى ئىسلىشىپ، قارىداپ كەتكەن كىرسىن لامپىسى غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاجىز، خىرە يورۇقى تاغ ئارىسىدا تونۇشۇپ قالغان ئۇلپەتلەرنىڭ توپا باسقان، ھارغىن، ئەمما ھاراق كەيپىدىن بوزۇرۇپ، ئىسسىلىپ كەتكەن چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ، غەلىتە سىياقلارغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. سابىر ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. لېكىن يول ئۈستىدە ھاراق ئىچمىگەچكە، يەنە دەرھال ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر دۆۋە تاۋۇزنىڭ يېنىدا سونايلىنىپ ياتقان بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

— بوۋا، تاۋۇزىڭىزدىن بىرنى تارتىڭا، — دېدى ئۇ بوۋاينىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ.

بوۋايدىن سادا چىقمىدى، ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. شۇ چاغدا، ھاراق سورۇنى ئىچىدىن بىرى بىر كاسا تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ سابىرنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ مەستلىكتىن ئېغىر پۇشۇلدايتتى، تىنىقىدىن قاڭسىق، ئۆتكۈر ھاراق پۇرىقى كېلەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم... كىمسىز، ئاغىنە؟ — دېدى ئۇ سابىرنىڭ چىرايىغا ئېڭىشىپ قاراپ ۋە بىردىنلا چۆچۈپ توۋلىۋەتتى، — ھوي، سابىرغۇ سەن، بەللى - بەللى... نەدىن كېلىشىڭ؟... ھالىڭلار قانداق، دەپ يېنىمىزغىمۇ بېرىپ قويمايسەنا، كۇسپۇرۇچ!

شۇ چاغدا، شىرە تەرەپتىن كىمدۇر بىرىنىڭ:

— قېنى سەن ھوي، زايىت بالون! ھاراق نۆۋىتىڭ كەپقالدى! — دېگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يۈرە سابىر، يۈر! — دېدى زايىت بالون پۈتۈن كۈچى بىلەن سابىرنى سۆرەپ، تارتىپ.

ئۇلار شىرە يېنىغا كەلدى، سابىر ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ قايتىدىن كۆرۈشتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىكى چۇپۇر باش، قارا مەدەك بىرى ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي:

— كىمكى دېسەم، سابىرگەنسەنغۇ، ھەي! — دېدى ئۆز يېنىغا تارتىپ، — نېمانچە تارتىنچاق بولۇپ كەتتىڭ؟ كېلە، يېنىمغا كەل! ئولتۇرۇش ئەمدى قىزىيىدىغان بولدى، ئاغىنىلەر، قېنى، ئابلا كۈلۈچ، ھارىقىڭنى قۇي!

— بولمىدى، پىيالىنى تۇشقاز، كۇسپۇرۇچ! — دېدى زايىت بالون ساقىيغا ۋارقىراپ، — سابىر دېگەن سەرلەپ ئەمەس، جىگلاپ ئىچىدىغان نېمە بۇ!

— ئاشۇرۇۋەتتىڭ، زايىت ئاكا، — دېدى سابىر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن قاچان يول ئۈستىدە ھاراق ئىچىپ باققان؟! مەن يەنىلا ماڭىمەن، مەست كاللا بىلەن رولغا ئولتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ!

— يەنە ماڭىمەن، دېگىن... — زايىت بالون سارغۇچ سىم ساقاللىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەئەججۈپ ئارىلاش تىكىلدى، — بىز ئىككى كۈندە ماڭغان يولنى سەن بۈگۈن بىر كۈندە بېسىپسەن، يەنە نېمىگە ئالدىرايسەن؟ مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ، سەن كۇسپۇرۇچ، بىزگە كۈن بەرمەيدىغان بولدۇڭ! دۆيجاڭ ھە دېسىلا سېنى دەستەك قىلىپ، بىزنى تەنقىدلەيدۇ، يا ئارىمىزدىن يوقالمىدىڭ!

— يوقىلىپ نەگە باراتتىم، زايىت ئاكا! — دېدى سابىر شىرەدىكى تاۋۇزدىن بىر تىلىم ئېلىپ، — يا بۇ ماشىنا بىلەن مارسقا چىقىپ كەتكىلى بولمىسا!

— مەن سېنى ئارىمىزدىن چورتلا يوقالسۇن، دېمىدىم، — دېدى زايىت بالون ھاراقتىن غىلايغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — مەرتىۋەڭ ئۆسۈپ بىزگە دۆيجاڭ ياكى شىركەتكە باشلىق بولسىكەن، دەيمەن! لېكىن، سەن كۇسپۇرۇچ، ئۆسەلمەيسەن، ئەتىيازدىكى ھېلىقى يىغىندا خاتا سۆزلىدىڭ ئەمەسمۇ!...

سابىر ئاغزىدىكى تاۋۇزنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، نارازىلىق بىلدۈردى:

— نېمىسى خاتا، زايىت ئاكا! راست گەپ قىلىسىمۇ خاتا بولامدۇ؟

— توختا، قىزىشما، — دېدى زايىت بالون ئۇنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ، — مەندىن سورىساڭ، ئۇ چاغدىكى سۆزۈڭ يۈزدە-يۈز توغرا، ئەمما، مەن دەيمەنكى، شۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ ئىلغارلىقىنى ئېرىشمىشتىكى سەۋەبلىرىڭنى يوغان-يوغان سىياسىي گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرمىدىڭ. شۇڭا، تەشكىل سېنى دەسلەپ چوڭ داۋراڭ قىلغان بولسىمۇ كېيىن غىمىسسىلا بېسىپ قويدى، بولمىسا، ئەتىسىلا ئۆزۈڭنى گېزىتتە، تېلېۋىزوردا كۆرەتتىڭ-دە، كۇسپۇرۇچ!

— بولدىلا، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى! — دېدى سابىر پەرۋاسىزلا، — ئىش قىلىپ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىم!

— راست، كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلدىڭ كۇسپۇرۇچ، ھەق گەپنى قىلدىڭ! — دېدى زايىت بالون ئۆز ۋاقتىدىكى تەسىراتىنى ئەسلەپ، — راست گەپنى ئېيتسام، شۇ كۈنى مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىگەن نەمۇنىچىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا كىرمىگەن، پەقەت سېنىڭ سۆزۈڭنىلا ئىچ-ئىچىمدىن بېرىلىپ ئاڭلىدىم، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، تېخى شۇنىڭ ئالدىدىلا خوتۇن دېگەن قانجۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ چىققانىدىم، كۆڭلىكىمنى مايكام بىلەن قوشۇپ يىرتىپ، قورسىقىمغا ساڭگىلىتىپ قويغانىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەڭگۈشلەي دېسەم، بىرەر ساق كۆڭلىكىم قالماپتۇ، يىغىنغا شۇ كۆڭلىكىم بىلەنلا كىرگەنىدىم، خەقتىن نومۇس قىلىپ، چاپىنىمىنىڭ تۈگمىسىنى كېكىرتەكمگىچە ئېتىۋالدىم! قانداق قىلىمەن، ئۇنى يامان، بېشەم دەپ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمىسا! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر كۈنى كۆلۈپ، بىر كۈنى يىغلاپ دېگەندەك، ئېسىمىزدە يوق تۆت بالا تۇغۇلۇپ قالغان ـ دە! ئاشۇ كۈنى سېنىڭ گېپىڭدىن تەسىرلىنىپ، خوتۇنۇڭغا زوقۇم كەلدى، ئۇكام! پەردىشتىدەك چوكان ئىكەن. شۇنداق خوتۇنۇڭ بولغاچقا، كۈندە قاراماي بىلەن، تۆمۈر ـ تەسەك بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغانلىقىڭغا قاردماي، كىيىمىڭگە قىل، ياقاڭغا كىر قوندۇرماي، ئۈرۈمچىنىڭ كاتتا زىيالىيلىرىدەك پارقىراپ يۈرىسەن ـ دە، كۆسپۈرۈچ! شۇكۈنكى ھېلىقى گېپىڭ بەك توغرا جۇمۇ، ئائىلىدىكى ئىناقلىق، خاتىرجەملىككە دۇنيادا نېمە يەتسۇن! خوتۇن كىشى دېگەن ئەرنىڭ روھىي تۈۋرۈكى! كونىلاردا: «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دەيدىغان بىر گەپ بار. مانا مەن ئۆزۈمنى ئېيتسام، مۇشۇ تاقىر تاغنىڭ ئەرزىمەس چاك ـ توپىسىمەن! ـــ زايىت بالونىنىڭ ئاۋازى بىر خىل روھىي ئازاب بىلەن مىسكىنلەشتى، ئۇ ئابلا كۆلۈچىنىڭ ئالدىدىكى ھاراق توشقۇزۇلغان پىيالىنى شارتتىدە ئېلىپ، بىرلا كۆتۈرۈۋشتە ئىچتى ـ دە، مايلاشقان، كىر شەپكىسىنى ئاغزى ـ بۇرنىغا كەپلەپ بىرنەچچە قېتىم پۇرىغاندىن كېيىن، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، ـــ سېنىڭ ئۇكام، نېمە ئۈچۈن بۇنداق كېچىنى كېچە دېمەي، ھارغان، ئاچقانلىقىڭغا قارىماي يول ماڭىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئۆيۈڭگە ئالدىرايسەن، خوتۇنۇڭنى، بالاڭنى سېغىنىسەن، مەنچۇ ؟! مەن بولسام، ئۆيدىن چىققۇچە كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق زىلچە ـ گىلەملەر سېلىنغان زېرىككىشلىك ئۆيدىن، مانا مۇشۇنداق تاغ ئارىسىدا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، تاش ـ شېغىللار ئۈستىدە يېتىشنى ھۇزۇر ھېس قىلىمەن! بولدى قوي، بۇلارنى سۆزلەپ نېمە قىلاي! سەنمۇ ھەيران بولما، ئۇكام، ھېلىقى يىغىندىكى گەپلىرىڭ ئېسىمگە كېلىپ سۆزلەپ سالدىم!...

راست، بۇ يىل ئەتىيازدا، كالون بويىچە ئېچىلغان يىغىندا سابىر سۆزلىگەن، سۆزلىگەندىمۇ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتتىم دەپ، رەھبەرلىكنى نائۈمىدتە قويغانىدى!

سابىر بۇ يىل ئەتىيازدا، كالوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. بىر كۈنى كەچتە ئېچىلغان تەقدىرلەش ۋە تەسىرات سۆزلەش يىغىنىدا، دەسلەپ دۆيجاڭ ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

ـــ يولداش سابىر بۇ قېتىم كالون بويىچە ۋەزىپە ئادا قىلىشنىڭ بايراقدارى بولدى. ئۇ بىر پەسىلدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 12 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ۋەزىپىسىنى 20 مىڭ يۈەن ساپ پايدىغا يەتكۈزدى. بۇ جەرياندا، يەنە 470 كىلو ماي ئىقتىساد قىلىپ، ھەم تېجەشلىك ھەم مەدەنىيەتلىك ماشىنا ھەيدىدى! ـــ دەپ، ئاخىردا سابىرنى ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

سابىر ئاچچىق تاماكا ئىسىغا تولغان، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر

بولۇپ كەتكەن زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن تۇرۇپ، تۆت تەرىپىگە خۇدۇكسىرەپ قارىدى. ئۇ تېخىچە كۆڭلىدە نېمىدەپ سۆزلەشنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

شوپۇرلار تەرەپ-تەرەپتىن ئۇنى سۆزلەشكە قىستىدى، بىرى ئارقا تەرەپتىن ۋارقىرىدى:

— ھوي، ئىنىدەمەس، گەپ قىلامامسەن! تىلىم ئۇپراپ كەتمىسۇن دەپ جىم تۇرامسەن، نېمە!؟

سابىر نائىلاج ئالدىغا چىقتى، گويا يىغىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېچىلىۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئادەمدەك، يېنىدىكى دۈيجاڭدىن:

— نېمە توغرىلىق سۆزلەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ساڭا ئەتىگەن ئېيتقانغۇ! — دېدى دۈيجاڭ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ، — نەمۇنىچى بولۇشتىكى تەسىراتىڭنى سۆزلىمەمسەن! ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىشىڭغا، بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك يول يۈرۈشۈڭگە، قىسقىسى، ئىلغار بولۇشۇڭغا تۈرتكە بولغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، كاللاڭدا رول ئوينىغان سىياسىي، ئىدىيەۋى تەسىرلەرنىڭ قانداقلىقىنى سۆزلىسەڭ بولىۋېرىدۇ!

سابىر گېلىنى قىردى، ئازراق ئويلىنىۋالغاندەك قىلدى، ئاندىن قىسقىلا قىلىپ:

— سىلەرگە ئاغىنىلەر ... سۆزلەپ بەرگىدەك ئالاھىدە ئىشىم يوق! — دېدى مۇرىسىنى قىسىپ، — ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، تۇرمۇشتا غەم ـ قايغۇم يوق، كۆڭلۈم خاتىرجەم، قانداق دېسەڭلار، كۆڭلۈم تاغدەك سۆيۈنىدىغان ئۆيۈم بار، يۈرەككە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ تۇرىدىغان مېھرىبان خوتۇنۇم بار ... شۇڭا، ئاغىنىلەر، يولنى سانىماي مېڭىۋەردۇق! ...

زالدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، شوپۇرلارنىڭ بەزىسى قىيقىرىداپ، بەزىسى ھاھالاپ، بەزىسى تەسىرلىنىپ، بەزىسى ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. لېكىن بىرلا دۈيجاڭ كۈلمىدى، بەلكى ئۇ قاپىقىنى سېلىپ سابىرغا يەر ئاستىدىن گۆلىيىپ قويدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ سابىردىن كۈتكىنى، بۇنداق سىياسىي خاھىشچانلىقى يوق، تۇرمۇشتىكى ئاددىي گەپلەر ئەمەس، بەلكى «سىياسىي ئېڭىمنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ... توغرا لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ... رەھبەرلىكنىڭ غەمخورلۇقىدا ...» دېگەندەك، قېلىپلىشىپ قالغان سىياسىي ئاتالغۇلار بىلەن سۆزلەش ئىدى. لېكىن سابىر ئۇنداق دېمىدى، ئەكسىچە ئۇ، ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، روھىي دۇنياسىغا ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىغا بىلىندۇرمەي سىڭىپ كەتكەن ناھايىتى بىۋاسىتە، ئەمما، بەكمۇ ئىنچىكە، بەكمۇ نازۇك، بەكمۇ سەزگۈر تەسىراتىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلىگەنىدى. دۈيجاڭ ئۇنىڭ بايا سۆزلىگەن سۆزى بەلكىم مۇقەددىمە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، زالدىكىلەرنى جىملىدى:

— بولدى-بولدى، كۈلكە-پاراڭنى توختىتىڭلار! قېنى، سابىر سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر!

لېكىن كۈتمىگەن يەردىن سابىر دولىسىنى چىقاردى:

— گېپىم تۈگىدى، دۈيجاڭ ...

يىغىن گەرچە دۈيجاڭنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن سابىرنىڭ قىسقا،

ئەمەلىي سۆزلىرى كالوندا خېلى كۆچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بەزىلەر ئۆز قەلبىنى ئاختۇردى، ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى، خوتۇن ـ باللىرى، تۇرمۇشى توغرىلىق ئويلاندى. ئويلىنىش ئۇلارنى سابىردەك ياشاشقا، سابىردەك ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى، دەۋەت قىلدى، يېتەكلىدى ...

مانا، بۈگۈنمۇ ـــ شۇ يىغىن ئۆتۈپ، ئۈچ ئايدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ـــ قاقاس تاغ ئارىسىدىكى يىراق بىر تاش ئۆتەڭدە يەنە شۇ گەپ بولۇۋاتاتتى.

ـــ گەپ دېگەننىڭ ئەنە شۇنداق راستى، ھەقىقىسى، پوسكالىلىسى يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ، ئۇكام! ـــ دېدى زايىت بالون كۆز چانىقىدا يالتىراپ قالغان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ـــ مەن سېنىڭ شۇ گەپلىرىڭدىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يەتكەندەك بولدۇم!

ـــ بىراق بۇنىڭ راست گېپى شۇ چاغدا دۈيجاڭغا ياقمىدى ـ دە! ـــ دېدى ئابلا كۈلۈچ ھاراقتىن بىر سۈمۈرۈپ.

ـــ دۈيجاڭغا ياقمىغان بىلەن كۆپچىلىككە ياقتى، ـــ دېدى زايىت بالون ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ـــ يالغان گەپ بىلەن تاج كىيگىچە، راست گەپ بىلەن جان بەرگەن ياخشى! قېنى ھارىقىڭ، قۇيە!

بۇ ئارىلىقتا سابىر بىر ـ ئىككى كاسا تاۋۇز بىلەن بىر پارچە ناننى يەپ ئۇسسۇزلۇقنى، ئاچلىقنى قاندۇرۇۋالدى. ئۇ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دېۋىدى، ئابلا كۈلۈچ يەنە ھاراق تەڭلەپ تۇرۇۋالدى:

ـــ بىر رومكا ئىچ، سابىر، ئىچمىسەڭ كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ!

ـــ خوش ئاداش، سىلەرگە رەھمەت! ـــ دېدى سابىر قايتا ـ قايتا ئۆزرە ئېيتىپ، ـــ مېنى توسماڭلار، ماڭاي!

ـــ بولدى، زورلىما، ئۇ ماڭسۇن! ـــ دېدى زايىت بالون ساقىينى جىملەپ، ـــ ئۇ بولسىمۇ كالوننىڭ ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ تۇرسۇن، جەمئىيەت ھامان ئىشلارغا موھتاج!

سابىر ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. جىمجىت تاغ ئارىسى يەنە گۈرۈلدەپ جانلاندى، بىر جۈپ ئۆتكۈر نۇر بارغانسېرى يىراقلاشتى.

3

قۇربانوۋ كۆتۈلمىگەن بىر ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولدى.

ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئەڭگۈشتەر ئەمدى ئۇنى ئۆزۈنىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن، ئەمما يېتەلمەي يۈرگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا شەكسىز يەتكۈزەتتى. دەرۋەقە، ئۇ خېلىدىن بېرى ئاي ـ چېچەكنى كۆز قىرىغا ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئاي ـ چېچەكنى كۆزەتتى، ئەتراپتىن تىڭ ـ تىڭلىدى، لېكىن نەتىجە ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي چىقتى. ئاي ـ چېچەك ھايت دېسىلا ئىلىدەككە كېلىدىغان، ھېسسىياتى سۇيۇق، يەڭگىلتەك ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قۇربانوۋ نىيىتىدىن يانمىدى، ئۇ مۇنداق ئويلىدى: نەدىسىمۇ شامال ئۆتمەيدىغان تام بولسۇن! كونىلارمۇ: «يېپىشقان خوتۇندىن قاچ، قاچقان خوتۇننى قوغلا» دېگەن. ئۇنى قوغلاۋەرسەم، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى جەزمەن قوغلاپ يېتىمەن!

ئۇ راستىنلا مارافونچە يۈگۈرۈپ، ئايچېچەكنى كۆزدىن قاچۇرماي قوغلاشقا باشلىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئايچېچەك بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ، تونۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئادەمگە ئايلانغانسېرى، قۇربانۇۋنىڭمۇ ھەۋىسى كۈچەيدى.

ئۆتكەن قېتىمقى ئويۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايچېچەكنى ماشىنىسى بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشى مانا شۇ «قوغلاش» تىكى بىرىنچى قېتىملىق يېتىشىۋېلىش ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ، بىرنەچچە تەرەپلەردىن ئايچېچەكنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ بېقىپ، ئۆز ھۆكمىنىڭ ئانچە خاتا ئەمەسلىكىگە ئىشەندى. لېكىن ئەتىسى باھالاش كومىسسىيىسىدىكىلەرنى كۆتۈۋېلىش باھانىسىدە، ئۆمەك باشلىقى ئىلياس ئارقىلىق ئۇنى چاقىرتقاندا، ئايچېچەكنىڭ سەۋەبسىزلا كەلمەي قويۇشى دەسلەپ ئۇنى خېلى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تەجرىبىلىك بۇ ئادەم يەنە ئاستا - ئاستا ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپ، بۇنداق كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى ئاياللار تۇرمۇشىدا بولۇپ تۇرىدىغان «كىچىككىنە سىر» دەپ چۈشەندى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ «قوغلاش» مۇساپىسىدە كۈتۈلمىگەن، مۆجىزىلىك بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ قېتىم ئۇ، ئايچېچەكنى قوغلاپ يېتىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە تەقەززاسى بىلەن نەق چاڭگالىنىڭ ئۆزىگە كىرگۈزۈشىنىڭ چوڭ دەسمايىسىگە — ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان، قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان جىلۋىدار بىر ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولغانىدى!

ئۇ بۈگۈن ئۆمەككە تېلېفون بېرىپ، ئايچېچەكنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى، ئايچېچەكمۇ ھايال بولماي كەلدى. ئاستىغا گىلەم سېلىنغان، ئەينەكلىك ئىشكاپ، بۇلغار كىرېسلولار قويۇلغان بۇ ئىشخانا خېلى كۆركەم ھەم ئازادە ئىدى. ئايچېچەك تارتىنغان، قورۇنغان ھالدا ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كىرېسلوغا ئولتۇردى.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، ئايچېچەك، — دەپ قايتا - قايتا تەكەللۇپ قىلدى قۇربانۇۋ، — ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە ئولتۇرۇڭ! خوش، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ سابىر كەلدىمۇ؟

ئايچېچەك قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— كېلىپ يەنە كەتتى.

— ھەي! بۇ ئىش بولماپتۇ، — دەپ ئۆكۈنگەندەك بېشىنى چايقىدى قۇربانۇۋ، — سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ئىكەن، ھەر ھالدا ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ، لېكىن سىلەر ھەپتە - ئون كۈندىمۇ چالا - پۇچۇق كۆرۈشەلمەيدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ؟ بولدى، ئەمدى سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سابىرنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆزۈمگە شوپۇر قىلىمەن!

— شۇنداق بولسىمۇ ياخشى بولاتتى، قۇربانۇۋ ئاكا، — دېدى ئايچېچەك خۇشال بولۇپ، — ئەر كىشى ياندا بولمىسا، ئاياللارغا ئۆينىڭ يۈكى ئېغىر كېلىدىكەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەر دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى - دە!

— خوش، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى قۇربانۇۋ بىر تال فىلتىرلىق تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ، — ئايچېچەك، چەت ئەللەرگە چىقىشنى خالامسىز؟

بۇ سوئالنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى كۆرەڭ، قىياپىتى مەغرۇر ھالەتكە كىردى. تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، گەۋدىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، ئۈچ بۇرجەك قىسىلغان كۆزلىرىنى ئايچېچەككە تىكتى. ئايچېچەك دەسلەپ ھودۇقتى، سوئال

ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇشسىز ھەم ئاسادىپىي تۇيۇلدى، لېكىن ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىمىرلىتىپ، كۆڭلىگە پاتماي كېلىۋاتقان بىر خىل قىزغىن تەلپۈنۈش، جاھان كۆرۈش ئىستىكى بىلەن يانغان بىر خىل غايىبانە خۇشاللىق ئۇنى دېدىللەشتۈرۈپ، دەرھال زۇۋانغا كەلتۈردى:

— ئەلۋەتتە خالايمەن، قۇربانوۋ ئاكا، ئادەم تۇغۇل ئۇچار قۇشلارمۇ جاھان كېزىشنى ياخشى كۆرىدىغۇ!

قۇربانوۋ ئالدىرىماي، سالاپەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى.

— يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن بىزنىڭ ئۆمەكتىن ئىككى كىشى چەت ئەلگە چىقىدۇ، — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى ۋە ئۇنىڭغا ئادەم ھېيىققىدەك نەزەر بىلەن قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنىداق پۇرسەت ھەممىشە كېلىۋەرمەيدۇ. مەن بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە سىزنى بەلگىلەشنى ئويلاۋاتىمەن. بەلكىم، بۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ، چۈنكى بىزدە تالانتلىقلار، نامىيارلار، پېشقەدەملەر كۆپ. شۇنداق بولسىمۇ، سىزنىڭ شان ـ شەرىپىڭىز، ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن مەن ئاز ـ تولا بولسىمۇ قارىملىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

— كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت، قۇربانوۋ ئاكا، — دېدى ئايچېچەك خۇشاللىقىدا ئورنىدىن قوزغىلىپ.



— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ... — دېدى قۇربانوۋ ئايچېچەكنىڭ يەلكىسىدىن ئاستا بېسىپ ۋە ئۆزىمۇ ئايچېچەك بىلەن بىللە ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، — بۇنچىلىك ئىش ھېچگەپ ئەمەس، ئايچېچەك. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، سىزنى ئۆزۈم بېشىمغا ئېلىپ جاھان كەزدۈرەتتىم.

شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۇ ئايچېچەكنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئاستا ئۆزىگە تارتتى، لېكىن ئايچېچەك خۇددى چايان چاققاندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيگەنىدى.

كۇتۇلمىگەندە، قۇربانوۋ بەكمۇ ناساز كۈلدى ۋە يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ كەتتى.

— نېمانچە ھۈركۈيسىز، ئايچېچەك؟! — دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كرېسلوغا يۆلىنىپ، — مەن قانداق قىلاي، كونىلاردا: «بەك تاتلىق بولما، چىۋىن ئارامىڭنى بەرمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. سىزنىڭ گۈزەل چىرايىڭىز، ئويناق ناخشىلىرىڭىز مېنى مەپتۇن قىلدى، شۇ كويغا سالدى. مۇھەببەتتە گۇناھ يوق، ئايچېچەك، ئارقىڭىزدىن كۆپ پالاقشىدىم، ئەمدى ماڭا قارايدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى، مېنى ئۇنچە قىينىماڭ!

— بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ئۇيالماسىز، قۇربانوۋ ئاكا! — دېدى ئايچېچەك ئۆزىنى سەل ـ پەل تۇتۇۋېلىپ، — مېنىڭ ئېرىم بار، بالام بار، سىزمۇ نەۋرە كۆرگەن ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتىسىز، مەن پەقەت سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن!

— بۇنداق دىپلوماتچە گەپلەرنى قويۇڭ، ئايچېچەك، — دېدى قۇربانوۋ يەنە نىيىتىدىن يانماي، ياغلىما گەپلەرگە ئۆتۈپ، — كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى قىلىشايلى، مەن سىز ئۈچۈن پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلىمنى ئاتاپ قويغان، پەقەت سىزلا ...

— ماڭا ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى كېرەك ئەمەس! — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سابىرنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى يېتىپ ئاشىدۇ!

— لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭ، ئايچېچەك! — دېدى قۇربانوۋ سەل ـ پەل تەھدىت ئارىلاش، — مەن بەرگەننى سابىر سىزگە بېرەلمەيدۇ!

ئايچېچەكمۇ بوش كەلمىدى:

— سابىردىن باشقا ئادەملەرنىڭ بەرگەن نەرسىسى ماڭىمۇ لازىم ئەمەس!

— شۇنداقمۇ؟ — قۇربانوۋ مىيىقىدا كۈلۈپ، يوغان گەۋدىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئورنىدىن قوپتى، — چەت ئەلگە چىقىشچۇ؟

ئايچېچەك بىر پەس شۈكلەپ قالدى، كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ھەر خىل خىياللار ئۆتتى. شان ـ شەرەپ ئۇنى قىزىقتۇرسا، نومۇس ۋە دىيانەت ۋىجدانىنى چاقىراتتى. قۇربانوۋ ئۇنىڭ زۇۋان سۈرمەي، جىمىپ قالغانلىقىغا قاراپ، قولىدىكى ئەڭگۈشتەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بايا شۇنچە كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى پەرىشتىدەك پاك كۆرسەتكەن ماۋۇ چىرايلىق ناخشىچى ئەنە شۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ سېھىردى كۈچى بىلەن مانا ئەمدى بېشىنى ئېگىپ، سۈكۈتكە چۆمۈپ كەتتىغۇ! سۈكۈتنىڭ ئۆزى رىزا، دېگەن گەپ بار. ئەمدى ئۇ قېچىپ نەگە بارىدىكەن؟! قولۇمغا چۈشكىنى ـ چۈشكەن!

لېكىن ئايچېچەكنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىققان مەردانە، كەسكىن ئاۋازى ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى:

— ياق! ماڭا ئۇنداق پۇت ـ قولۇمغا كىشەن بولۇپ سېلىنىدىغان شان ـ شەرەپ كېرەك ئەمەس.

ئايچېچەك شۇ گەپلەرنى قىلىپ، قۇربانوۋغا قاراپمۇ قويماي ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە بېشىنى سىلكىپ قويۇپ، ئىشخانىدىن تاس ـ تاس مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

قۇربانوۋ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، قۇلىقى تۈۋىدە ئايچېچەكنىڭ ئاياغ ئاۋازى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇ تۇرقىدا، مېغىزرەك توپلىمىنىڭ ناھال قويۇلغان ئىنچىكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاشىنىسى قاتتىق يەرگە ئەمەس، بەلكى قۇربانوۋنىڭ يۇمشاق، سەزگۈر يۈرىكىگە تېگىۋاتقاندەك ئازابلىق تۇيۇلدى!

* * *

قۇربانوۋ ئۆمەك باشلىقى ئىلياسنى چاقىرىپ، چەت ئەلگە چىقىرىدىغان ئىككى ئادەمنى رەسمىي بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلياس بىرنەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىش، ئاممىدىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق ئىككى نامزاتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ناخشىچى ئايچېچەككىمۇ، ئۇسسۇلچى ئاتىكەمگىمۇ ھەممەيلەن قوشۇلدى. بۇ ئىككىيلەن مەيلى كەسپىي جەھەتتە، مەيلى سىياسىي ـ ئىدىيە جەھەتتە بولسۇن، تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ!

— لېكىن سىلەر مۇھىم بىر نۇقتىنى ئۇنتۇپ قاپسىلەر! — دېدى قۇربانوۋ تاماكىسىنى ئاچچىق ـ ئاچچىق شوراپ ئولتۇرۇپ، — ياش مەسىلىسىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپسىلەر. ياشقا قاراپ باش بولىدۇ، ياشقا قاراپ تۆھپە بولىدۇ! مەن ئاتىكەمنىڭ نامزاتىغا قوشۇلىمەن، ئۇ كەسىپتە ياخشى، رەھبەرلىكنىڭمۇ گېپىنى ئاڭلايدۇ. خوش، ئەمدى ئايچېچەككە كەلسەك، بۇ نامزات مۇۋاپىق بولماپتۇ، ئەتراپلىق ئويلاشماپسىلەر!

— ئۇ ياش، ئالانتلىق، جۇيجاڭ، — دېدى ئىلياس ئالدىراپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ھازىر ناھايىتى تېز كۆزگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ھەببەللى! — دېدى قۇربانوۋ بىرەر ساپاقتا ئېسىلغاندەك جانلىنىپ، — مەسىلە مانا شۇ ناھايىتى تېز كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقانلىقتا بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، غادىيىش ئىللەتلىرى باش كۆتۈرۈپ قاپتۇ. ئۇ ھەتتا رەھبەرلىكنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان ھالغا يېتىپتۇ. بۇ ھالدا ئۇنى ئەتىۋارلاپ چەت ئەلگە چىقارساق، تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا پالتا چاپىدۇ، شۇڭا ئايچېچەكنى چەت ئەلگە چىقىرىشقا ئالدىرىمايلى، ئەگەر ئۇ ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالىسا، ئۇنىڭغا تېخى پۇرسەت ناھايىتى كۆپ!

ئىلياس چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقنى تەئەججۇپتە چەكچەيگەن كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى:

— بىزگە ئۇنداق ئىشلار سېزىلمىدىغۇ، جۇيجاڭ؟ كۆپچىلىكتىنمۇ ئۇنداق ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ باقمىدۇق!

— سىلەر ئاڭلىمىغان بىلەن مەن ئاڭلايمەن ـ دە! — دېدى قۇربانوۋ باشلىققا خاس تەلەپپۇز بىلەن، — ماڭا يۇقىرىدىكى رەھبەرلەرمۇ ئېيتىدۇ، تۆۋەندىكى ئاممىمۇ يەتكۈزىدۇ! باشلىق دېگەن شۇ، ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرىدىغان گەپ! بولدى، بۇ گەپنى تالاشمايلى، ئايچېچەكنى قالدۇرۇش رەھبەرلىكنىڭ پىكرى، ئۇنىڭ ئورنىغا گۈلنازنى سەپلەيلى. ماتېرىياللىرىنى دەرھال تەييارلاڭلار، ئىدارە نامىدىن يوللايمىز!

ئىلياسنىڭ كاللىسى يەنە قوداڭشىدى:

— گۈلناز بولماسمىكىن!؟ — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۇرغۇلۇق چۇشۇرۇپ، —

ئۇ بەزمە - باراۋەتلەردە تولا ناخشا ئېيتىپ، ئاۋازىنى بۇزۇۋالدى، ئەگەر ئۇنى يوللىساق، كۆپچىلىككە چۈشەندۈرمەك تەس!

ئەمدى قۇربانوۋمۇ ھوقۇق پىچىقىنى شىلتىپ، ئۆز ھۆكمىنى ئاققۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى:

— يولداش ئىلياس، ھازىر بۇ ئىشنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈش تەس ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ كاللىڭىزدىن ئۆتكۈزۈش تەس بولۇۋاتىدۇ! بىلىپ قويۇڭ، بۇ گەپنى مەن مۇنداقچىلا دەۋاتقىنىم يوق، بىزمۇ ئىداردە، پارتىيە گۇرۇپپىسىدا بىر نەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئاخىر شۇنداق بېكىتكەن. بۇگۈن سىزدىن پەقەت سوراپلا باقتىم، لېكىن سىزمۇ بىلىسىز، گۈلناز كونا ناخشىچى، خېلى بىر مەزگىل سەھنىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنى كېچە - كۈندۈز ئىشلىتىشنى بىلىپ، ئەمدى شان - شەرەپ كېلىدىغان چاغدا ئۇنتۇپ قالساق بولماس! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى چەت ئەلگە چىقىرىش بىر مۇنچە كونا ئارتىسلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشتىكى ياخشى چارە! بولمىسا، بىز بېشىمىزغا سىركە قۇيۇۋالىمىز! شۇنداق بولسۇن، رەھبەرلىك ئەتراپلىق ئويلاشتى، سىز بېرىپ، ئىككىسىنىڭ ماتېرىيالىنى تېز تەييارلاڭ. ھازىرچە بۇ ئىش قەتئىي مەخپىي بولسۇن، كېيىن يۇقىرىدىن رەسمىي ئۇقتۇرۇش كەلگەندە، كۆپچىلىككە ئېلان قىلىسىڭىز بولىدۇ! — ئۇ گەپ تۈگىدى، دېگەندەك ئىلياستىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئالدىدىكى تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

ئىلياس ئىشخانىدىن خامۇش قايتىپ چىقتى، كۆڭلىدە بىر مۇنچە گەپلىرى بولسىمۇ، ئوچۇق ئېيتالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولاتتى. ئايىپچەكنى قالدۇرۇپ، ئورنىغا گۈلنازنى سەپلەش ئۇنىڭ نەزەرىدە، بەكمۇ تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىك بولاتتى. ئۇ، «رەھبەرلىكنىڭ پىكرى» دېگەن گەپنىڭ ئارقىسىدا بىر مۇنچە شەخسىي غەرەز، مۇددىئا ۋە ئويۇنلارنىڭ بارلىقىنى غىل - پال بىلسىمۇ، لېكىن بۇگۈن نېمە ئۈچۈندۇر، قۇربانوۋنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمىدى! شۇنداق، ئادەم دېگەن قىزىل يۈز نېمە، ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتۈۋاتقانلار قاراپ تۇرۇپ، بىر بىرىنىڭ يۈزىگە ئاياغ بېسىشنى خالىمايدۇ! بۇمۇ خۇددى «سەن ياخشى — مەن ياخشى، تونۇر قىزىق، نان ياخشى!» دېگەندەكلا ئىش!

ئىلياسمۇ ئويلاپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكىلەر «رەھبەرلىكنىڭ پىكرى» دەپ، ئاغزىغا تاقاق سالغانىكەن، ئۇمۇ ئاستىدىكىلەرگە «يۇقىرىنىڭ پىكرى» دېگەن ئۇلۇغ، ئەمما ھېچقانداق تۇتقۇسى يوق ياپىلاق گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر قانداق پىكىر ۋە نارازىلىقلىرىنى باسالايدۇ! شۇغىنىسى، ھازىر ئەمەس، بۇ تېخى قەتئىي مەخپىي، ۋاقتى كېلىپ، ئىسىملىك ئاشكارا ئېلان قىلىنغاندا شۇنداق بولىدۇ!

لېكىن «تامنىڭمۇ - قۇلىقى بار» دېگەندەك قۇربانوۋ بىلەن ئىلياس ئوتتۇرىسىدىكى «قەتئىي مەخپىيەت» لىك بىر نەچچە كۈنگە بارماي ئاشكارىلىنىپ بولدى. ئۆمەكتە گۇررىدە گەپ - سۆز تارقالدى. گۈلناز كېرىلىپ، كۈندە نەچچە ياڭزا ياسىنىپ، خۇشاللىقىنى، ھەيۋىتىنى نامايىش قىلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايچېچەك ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش نامزاتلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا گۈلنازنىڭ سەپلەنگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق تويۇقسىز ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا خېلى ئېغىر كەلدى. بىر — ئىككى كۈن ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچتى، لېكىن ئاستا — ئاستا بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى. ئادەم نېمىلەرگە كۆنمەيدۇ؟ ئىشىك پاكار بولسا، ئېڭىشىپ كىرمەكتىن باشقا چارە يوق — تە! ئۇ پەقەت ئەكرەمگە ئازراقلا دادخورلۇق ئېيتىپ، ئىچ — قارنىنى بوشىتىۋالدى، خالاس! دادخورلۇق ئېيتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چانىقى قىزاردى، لېكىن ياش چىقمىدى. چۈنكى ئۇ ۋىجدان ئالدىدا ئۆزىنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىنى، ئۆزىنى بۇلغاش ھېسابىغا كېلىدىغان شان — شەرەپتىن ئىككىلەنمەي ۋاز كەچكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ روھى ئازابلانمىدى. قەلبىمۇ خورلۇق ھېس قىلمىدى. بەلكى تېخىمۇ جانلىنىپ، ئۆزىنى سەھنىگە، ناخشىغا بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق ئاتىۋەتتى.

ئۇنىڭ يېقىندا تېلېۋىزوردا ئېيتقان «تولۇن ئاي» ناملىق ناخشىسى كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە قالتىس شۆھرەت قازاندى، يۈزلەپ لېنتىلارغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۆي — ئۆيلەردە، دۇكان — دۇكانلاردا، ھەتتا ئاشخانىلاردىمۇ بەس — بەستە ياڭراپ كەتتى. سىرتتىن كەلگەن كىشى گويا شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدىن بىرلا ئايالنىڭ نەپىس، ئويناق ھەم مەردانە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېزىتخانىنىڭ بىر مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلدى.

— يولداش ئايچېچەك، يېقىندىن بېرى سىز ۋە سىزنىڭ ناخشىڭىز توغرىسىدا گېزىتخانىمىزغا نۇرغۇن خەتلەر كەلدى. بەزىلەر سىزنىڭ ھاياتىڭىز بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇشنى خالايدىكەن، — دېدى مۇخبىر كېلىش مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، — مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىز ۋە ناخشىلىرىڭىز توغرىسىدا بىرپارچە تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يازماقچىمەن!

كۈتمىگەن يەردىن ئايچېچەك مۇخبىرنىڭ تەلىپىنى سەمىمىي ئۆتۈنۈش بىلەن رەت قىلدى:

— يولداش مۇخبىر، خۇش بولاي، مەن توغرىلىق بىر نەرسە يازماڭ! نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ مەن ئەمدىلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋىدىم، بەزىلەر مېنى «ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى!» دېگىلى تۇردى. بۇ ھالدا داۋاملىق ئالغا بېسىشنى ياكى بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشنى بىلمەي قالدىم. شۇڭا مېنىڭ ئىشلىرىم توغرىسىدا گېزىتكە بىر نەرسە يازغاننىڭ ئورنىغا، «بۆسۈپ چىقىش ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىك بولامدۇ؟» دېگەندەك مەزمۇندا بىرەر پارچە ماقالە يازسىڭىز قانداق؟ بۇنىڭ پايدىسى چوڭراق بولىدۇ.

مۇخبىر بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە ئۆزى توغرىسىدىكى ماختاش ماقالىسىنى رەت قىلىۋاتقان تۇنجى ئادەمنى ئۇچرىتىۋاتاتتى. ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە نۇرغۇن ئادەملەرنى زىيارەت قىلىپ، ماختاپ، تونۇشتۇرۇپ ماقالىلەر يازغان، بۇ جەرياندا بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئۆزىنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ساخاۋەتلىك ئىلتىپاتلىرىغا

ئېرىشكەنىدى. ھالبۇكى ئۇ بۈگۈن، مانا شۇ تاپتا ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان، قاپقارا
يوغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، كىچىك، چىرايلىق ئاغزىنى ئۈمچەيتكەن، گۈزەل -
يېقىملىق ھەم ئوماق بىر چوكاندىن ئاشۇنداق سەممىي ئىلتىجا بىلەن قەلبىنىڭ چوڭ-
قۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان زەئىپ بىر چۇقاننى ئاڭلاۋاتاتتى.

— سىز دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ئالاھىدە ماقالە يېزىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھا-
جىتى يوق! — دېدى مۇخبىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاچچىق تۇيغۇلارنى چۈشىنىپ يەت-
كەندىن كېيىن، — كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بوۋسۇپ چىقىش ھەرگىزمۇ ئۆزىنى
كۆرسەتكەنلىك بولمايدۇ! مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: بىز ھازىر ھەممى-
مىز شوخلىنى ياخشى كۆرۈپ يەيمىز. لېكىن، سىز ئۇنىڭ تاماق ئۈستىلىگە كېلىش-
تىن بۇرۇن، نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ شوخ-
لا ئەسلى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئورمانلىرىدا ئۆسۈپ، «بۆرە شاپتۇلى» دەپ ئاتالغان
بىر ئۆسۈملۈك ئىكەن. ئۇ پىشقان ۋاقتىدا ناھايىتى رەڭدار، چىرايلىق بولۇپ كېتى-
دىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بەكمۇ پەخەس بوپتىكەن. ئۇنى پەقەت كۆ-
رۈپ ھۇزۇر قىلغان، ئەمما تېتىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماپتىكەن. 16 - ئەسىردە،
ئەنگلىيىلىك بىر كېنەز جەنۇبىي ئامېرىكىغا ساياھەتكە بېرىپ، بۇ چىرايلىق مېۋىنى
ئۆزىنىڭ مەشۇقىغا سوۋغا قىلىپ ئالغاچ كەپتۇ، شۇنىدىن كېيىن ياۋروپالىقلار شوخلى-
نى «مۇھەببەت ئالمىسى» دەپ، باغلىرىغا تېرىپ، مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە
سۆيگەن كىشىلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان بوپتۇ، لېكىن يەنىلا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تې-
تىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. كېيىن، 18 - ئەسىرگە كەلگەندە، فرانسىيىلىك بىر
رەسسام ھايات خەۋپىگە قارىماي، ئۇنى تېتىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىپ، شوخلى-
نىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئاخىر ئېچىپ تاشلاپتۇ! ئويلاپ بېقىڭا، ئايچېچەك، ئەگەر
ئاشۇ رەسسام ئۆزىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەتلىك بولۇپ، شوخلىنى تېتىمىغان بولسا،
شوخلا تاكى ھازىرغىچە ياكى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئورمانلىرىدا، ياكى ياۋروپانىڭ
باغلىرىدا ئۆسكەن بولاتتى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ چىنە - تەخسىلىرىمىزدىكى تاملىق يې-
مەكلىك بولالمايتتى. ئەمدى بىز ئەنە شۇ شوخلا بىلەن تەييارلانغان مەززىلىك تاماق-
لارنى يەپ ئولتۇرۇپ، بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ سىرىنى ئاچقان كىشىنى «ئۆزىنى كۆر-
سەتكەن» دېسەك، ئادىللىق بولماس! خۇددى شۇنىڭدەك بەزىلەر سىزنىڭ يېقىملىق،
ياڭراق ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ھۇزۇرلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۆ-
زىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ» دېسە، بۇ ئەلۋەتتە ئادىل باھا بولمايدۇ! ئىلمىي ئىزدىنىش
ۋە سەنئەت رىقابىتى داۋامىدا بوۋسۇپ چىقىشنى، تۆھپە يارىتىشنى تالىشىش روھى
ئىنتايىن قىممەتلىك! چولپان بولۇشنى ئويلىمايدىغان ناخشىچىنى ياخشى ناخشىچى
دېگىلى بولمايدۇ!

مۇخبىرنىڭ يوللۇق، تەسىرلىك سۆزلىرى ئايچېچەكنى قايىل قىلدى. ئۇ ئۆز
ھاياتى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىنى، راھىتى بىلەن ئازابىنى،
ئۆتمۈشى بىلەن كېلىچىكىنى راستچىللىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئەينەن سۆزلەپ بەردى.

www.uyghurkitap.com



ئۈچ كۈندىن كېيىن، گېزىتتە «چولپانغا قاراپ كېتىۋاتقان تۆھپىكار» ناملىق ئۇزۇن بىر ماقالە بىلەن ئايچېچەكنىڭ ناخشا ئېيتىپ تۇرغان ۋاقتىتىكى بىر پارچە سۈرىتى بېسىلدى. گېزىت قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، گۈلنازنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مالالدىكى گەپلەر زادىلا ئۇنىڭ قۇرسىقىغا سىغمىدى، ئايچېچەكنىڭ جىلۋىدار سۈرىتى بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ - تاتىرىشىدىن، كۆز قارىچۇقىنىڭ ۋەھىمىلىك كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئالىنىۋالغان شۇم خىياللارنى پۈككەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى!

كۈنلەر ئەنە شۇنداق قايغۇ بىلەن خۇشاللىق چىرمىشىپ كەتكەن داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. ھەپتىدىن كېيىن، بۇ داۋالغۇش چېكىگە يېتىپ، كۈتۈلمىگەندە، گۈلنازنى ئوڭدا قويدى. مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ جىددىي تېلېگراممىسى ئوقۇتۇلۇشىدا، ئايچېچەك بىلەن ئاتىكەمنىڭ بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويىدىغان ئۆمەكنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، گۈلنازنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى رەسمىي ئۇقتۇرۇلغانىدى!

تېلېگراممىنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرىلگەندە، زالدا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، بۇنداق ئادىل تاللاشتىن كۆپچىلىك قايىل بولغانىدى. ئايچېچەكنىڭمۇ بۇنداق تۇيۇقسىز خۇشاللىقتىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، روھى ئۇرغۇپ تاشتى، ئىچكى دۇنياسى گويا باھار پەسلىدىكى چوغلۇق تاڭدەك يورۇق ۋە يېنىلىق بولۇپ كەتتى. ئەكرەممۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئۇ ئايچېچەكنى تەبرىكلەپ:

— ناخشىڭىز ئەمدى دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭرايدىغان بولدى، ئايچېچەك، — دېدى ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ، — سىزگە تېخىمۇ يۈكسەك شان - شەرەپ تىلەيمەن!

— ئالدىرىماڭ، ئەكرەم ئاكا، — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — يۈكسەك شان - شەرەپ سىزنىڭسىز قولۇمغا كەلمەيدۇ، مەن پەقەت سىز ئىجاد قىلغان ئېسىل ئاھاڭلارنى ئورۇندىغۇچى، خالاس! شۇڭا يەنىلا سىزنىڭ ئىجادىڭىزغا موھتاجمەن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئەكرەم ئىشەنچ بىلەن، — مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ، كاللامدا بىر خىيال پەيدا بولغان، ھازىر خېلى پىشىپ قالدى، مەن ئۆتكەندە دېدىمغۇ، بۇ قېتىم تېكىستىنىمۇ ئۆزۈم يازىمەن.

بۇ ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقى، ئۈمىدكە ۋە جاسارەتكە تولغان پاراڭلىرى بىلەن كۈلكە - چاقچاقلىرى بىر چەتتە ئەلەم بىلەن قاراپ تۇرغان گۈلنازنىڭ تېخىمۇ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ، ھەسرەت - پىغانىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزى يالغۇز بۇ دەردىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، زالدىن غىتتاڭشىپ چىققان پېتى ئۇدۇل قۇربانوۋنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا قۇربانوۋمۇ يۇقىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئۇقتۇرۇشى توغرىسىدا ئويلاپ، ئۆزىچە چېچىلىپ، ئالمىكىملەرنى قاپساپ، ناخۇش ئولتۇراتتى. گۈلناز ئىشىكتىن كىرىپلا يىغلىۋەتتى. قۇربانوۋ ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر يېرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ھودۇقماي، سىپاگەرچىلىك بىلەن ئۇنى بەزلەشكە باشلىدى:

— بولدى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ، گۈلناز! ئەگەر شۇ تاپتا، مەنمۇ ئۆزۈمنى قويۇۋەتسەم، سىزگە قوشۇلۇپ يىغلايتتىم. لېكىن ئورنى يوق، بولار ئىش بولدى!

— ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنى قالدۇردۇ؟! — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ، — ياكى مەن ئۇ سامان قورساقلارنىڭ بېشىدا ياغاچ چېقىپتىمەنمۇ؟! بىلىمەن، ئايچېچەك دېگەن شاپاق ئۇلارنىڭ كۆزىنى باغلىغان، ناز-كەرەشمىلىرى بىلەن سېھىرلىگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزى كور بۇزۇقلار!

گۈلناز يەنە يىغلىدى، يىغلىغاندىمۇ ئېسەدەپ، ئېزىلىپ، خېلى ئۇزاق يىغلىدى. قۇربانوۋ ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەلكىسىگە يېنىك قاقتى ۋە كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك:

— بولدى، گۈلناز خېنىم، كۆپ يىغلىماڭ، چىرايلىق كۆزلىرىڭىزگە ئاق چۈشۈپ قالمىسۇن! — دەپ بەزلىدى ۋە ئۇنىڭ ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە شەھۋانە نەزەر بىلەن تىكىلدى. گۈلنازمۇ يىغىدىن توختاپ، ئۇنىڭ مەستانە بېقىشلىرىدىن ھۇزۇرلاندى.

بۇ ئىككىيلەن خېلى كونا سىرداشلاردىن ئىدى. قۇربانوۋ ئۇنىڭ بىلەن يېڭى تونۇشقان ۋاقىتتا، خۇددى بۈگۈنكىدەك مەستانىلىق بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرگەن ۋە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ جىسمىدىن ھۇزۇرلىنىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەنىدى. لېكىن قاچانكى ئۇنىڭ ئايچېچەككە كۆزى چۈشتى، شۇنىدىن كېيىن گۈلنازنى ئانچە ئىزدىمىدى. ناگان-ناگاندا خىيالىغا كېلىپ، ھەۋىسى قوزغىلىپ قالغاندا، بىرلا تېلېفون بىلەن چاقىرتىپ، مۇۋاپىق تاپقان يەرلەردە ئويناپ-كۈلۈپ يۈردى.

— مەن قولۇمدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم، گۈلنازىم، — دېدى قۇربانوۋ ئۇنىڭ بېلىدىن قارماپ تۇرۇپ، — لېكىن يۇقىرىدىكىلەر ئىشنى بۇزدى، مېنىڭچە بۇ ئىشتا چوقۇم ئەكرەمنىڭ قولى بار. ئۇ نازارەتتىكى يېقىنلىرىغا خەت يېزىپ، ئايچېچەكنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئىشنى چالغىتقان گەپ!

— راست! بۇ ئىش ئەجەبمۇ مېنىڭ خىيالىمغا كەلمەپتۇ-ھە؟! — دەپ بىر ئاز سەگەكلەشتى گۈلناز، — يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى باشقىچە! بۈگۈنكى كۆرەڭلەپ، جاھانغا پاتماي كېتىشلىرىچۇ! ھە، ئەمدى بىلدىم، ئەكرەم سانىيەنى بىكار قويۇپ بەرمەپتىكەن-دە!

ئۇ قۇربانوۋنىڭ قۇچىقىدا تولغىنىپ تۇرۇپ، مۇشۇ گەپلەرنى قىلدى ۋە ئايچېچەك بىلەن ئەكرەم توغرىسىدا بىر مۇنچە شۇم خىياللارغا باردى.

— مەن بۇ چەكلىك دۇنيادا ئەمدى باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن! — دېدى ئۇ قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بۇ مېنىڭ يېقىندىن بۇيان چۈشىنىۋالغان ھەقىقىتىم!

4

ئايچېچەك بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. ئۆي ئىچىدىن ئاجايىپ بىر مۇزىكا ئاۋازى — قول بىلەن چېلىنىۋاتقان پىئانىنونىڭ ئەمەس، بەلكى سۆيگۈ دولقۇنى ئۇرۇلغاندا، يۈرەك تارلىرىدىن چىقىدىغان سېھىرلىك ئاۋازدەك شۇنداق لىرىك، يارقىن ۋە مەردانە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئايچېچەك ئىشىكنىڭ پىچاق بىسىدەك قىيا ئوچۇق يېرىگە قۇلىقىنى يېقىپ، كېشەككە يۆلەندى. مۇزىكا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قارماپ ئالغانىدى. شۇ تاپتا، ئۇ گويا يېڭى ئاتقان نۇرانە تاڭدىن ھۇزۇرلانغان قۇشلاردەك، باھار شاۋقۇنىدىن ئويغىنىپ،

www.uyghurkitap.com

يىللىق دۇنيادىن بەھرى ئېلىنىۋاتقان سۇمبۇل نوتىلىرىدەك ھاياجانلانغان، تەلپۈنگەن ۋە بىھوشلانغاندى. مۇزىكىنىڭ گاھ كۆتۈرۈلۈپ، كۆكتە پەرۋاز قىلغان لاچىندەك ئۇچۇپ گۈركىرىشى، گاھ پەسىيىپ، چوڭقۇر توقايلىق ئىچىدىكى بۇلاق سۇلىرىدەك ئاستا شىرقىرىشى، گاھ پادىچىنىڭ دەردلىك يۈرىكىدىن چىققان نەي ئاۋازىدەك مۇڭلىنىشى، گاھ توي بەزمىسىدە چېلىنىۋاتقان تەمبۇرنىڭ شادىيانە ئاۋازىدەك جۇشقۇن ياڭرىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە خىيالى بىلەن مۇزىكىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرگەندى.

ئايچېچەك پۈتۈن ھاياتىدا، مۇزىكا ئاڭلاپ ئىككىنچى قېتىم مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى. بۇ ھېسسىيات بەلكىم بىرىنچى قېتىمقىسىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى قېتىمدا ئۇ، ئەكرەم بەكمۇ ئىشتىياق بىلەن چېلىپ بەرگەن پولشالىق رومانىس كومپوزىتور شوپىننىڭ «ئاي نۇرى ۋە مۇھەببەت» دېگەن مۇزىكىسى بىلەن ئاۋستىرىيىلىك كومپوزىتور شوبېرتنىڭ «ياۋا ئەتىرگۈل» دېگەن داڭلىق مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندا، مانا بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ھاياجانلىق ۋە تاتلىق ھېسسىياتتا بولغاندى!

ئايچېچەك تۇيۇقسىز ئەندىككەندەك، قۇلىقىنى ئۆي ئىچىگە تېخىمۇ يېقىنراق بۇردى. ئۆي ئىچىدىن ئەمدى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان لەرزان بىر ناخشا ئاۋازى، خۇددى تاڭ شامىلىدەك ئىشىك يوچۇقىدىن قىسىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

يىپەكتەك ھېسلارنى ئوراپ تۆگەتتىم،    پىراقتا جېنىمنى شوراپ تۆگەتتىم،
تۆگەتتىم يۈرەكنى    سۆيگۈدە بىر ئۆمۈر
شامدەك ياندۇرۇپ!    ۋاپا قالدۇرۇپ!

ناخشىنى ئەكرەم ئانچە يۇقىرى بولمىغان، ئوتتۇرا ئاۋازدا ئېيتىۋاتاتتى. ناخشىنىڭ ئاخىرى يەنە بىر قايتۇرۇلۇپ ئېيتىلدى ـ دە، مۇزىكا توختىدى.

ئايچېچەك ئۆيگە كىردى، ئەكرەم بېشىنى پىئانىنونىڭ ئۈستىگە تىرەپ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىۋاتقاندەك ھالەتتە ئولتۇراتتى.

ئايچېچەك ئاستا، لېكىن ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەكرەم ئاكا، مۇزىكىڭىز پۈتۈپتۇ ـ ھە؟

ئەكرەم چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئايچېچەكنىڭ ھاياجاندىن پارقىراپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ سورىدى:

— قانداق بىلدىڭىز؟

— بايا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاڭلىدىم.

— قانداق بوپتۇ؟

— يۈرەككە تەگكۈدەك بوپتۇ.

— راستما؟

— راست ئەكرەم ئاكا، — ئايچېچەك بايىقى ھاياجانلىق مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ، — بايا مۇزىكىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى باشقا بىر ئالەمدە يۈرگەندەك ھېس قىلىپ قالدىم. كۆز ئالدىمغا، بەزىدە توي كۈنۈمدىكى ئاپئاق ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيگەن، باش

ئۈستۈمدىن ئاق چېچەكلەر تۆكۈلۈپ تۇرغان ۋاقىتتىكى مەنزىرىلەر كەلگەندەك بولدى بەزىدە ئۆزۈمنى گويا ئاق تۇمانلار ئىچىدە لەيلەپ، ئۈزۈپ، ئويناپ يۈرگەندەك سەزدىم؛ بەزىدە بولسا، چوڭقۇر ئورمانلار، ئېگىز تاغلار ئارىسىدا ئېزىپ قالغاندەك، يول تاپالماي ھەسرەت، پىغان چەككەندەك، قانداقتۇر يوروقلۇققا، مېھرى - شەپقەتكە تەشنا بولغان ئادەمدەك ھېس قىلدىم! ئىشقىلىپ، مۇزىكىڭىز ماڭا بەكمۇ يېقىن، يېقىملىق، سىرداش تۇيۇلدى.

— توغرا، ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتتىڭىز ئايچېچەك، — دېدى ئەكرەم خۇشاللىقتىن يېيىلىپ، — مۇزىكا خۇددى سىرداش دوستقا ئوخشاش، ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئېچىۋېتىدۇ. خەنزۇلاردا: «بەيىيا قالۇن چالسا، جۇڭ زىچى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەيىيا قالۇن چېلىشقا ئۇستا ئىكەن، جۇڭ زىچى ئۇنىڭ قالۇنىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىكەن، بەيىيا تاغلارنى ئويلاپ قالۇن چالسا، جۇڭ زىچى: «پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل، تەيشەن تېغىدەك ھەيۋەتلىك تاغلارنى كۆرگەندەك بولدۇم» دەيدىكەن. ئۇ ئېقىن سۇلارنى ئويلاپ قالۇن چالسا، جۇڭ زىچى: «پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل، شىددەت بىلەن ئاققان چاڭجياڭ دەرياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم» دەيدىكەن. دېمەك، بەيىيا قالۇن چېلىۋېتىپ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇڭ زىچى قالۇنىنىڭ ئاۋازىدىنلا بىلىۋالىدىكەن. گېرمانىيىلىك مۇزىكانت مېيىر بېرمۇ بىر قېتىم ئايالى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، ئىچى پۇشۇپ، پىئانىنودا شوبېرتنىڭ مەشھۇر مۇزىكىسى «تۈندىكى كۈي» نى چاپتۇ. كۈينىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا، ھېلىقى جېدەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئايالىمۇ ئاستا مېڭىپ، پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېرىنى قۇچاقلاپتۇ. ئەسلىدە، يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆتكەن چاغلاردىكى شېرىن مۇھەببىتىنى قايتا ئېسىگە سېلىپ، بايا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي غايىب قىلىۋەتكەنىكەن!

ئايچېچەك ئەكرەمنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۇيۇقسىز بىر يېقىملىق، تاتلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھايىتىمۇ شىددەتلىك بىر سەزگۈ پەيدا بولۇپ، دەققە ئىچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتكەندەك بولدى.

تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس، ئۇنى پەقەت يۈرەك بىلەنلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ! ھەي... ھاياتتا نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلار بىر ياستۇققا باش قويۇپ، بىر قازاننىڭ تامىقىنى يېسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىزىقىشى، ھەۋىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ! مەن بىلەن سابىر شۇنداق ئەمەسمۇ؟! تۇرمۇش نېمە ئۈچۈن خاھىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى كىشىنى بىرلەشتۈرۈپ قويىدىغاندۇ؟! خاھىشى ئوخشاش، ھەۋىسى بىردەك بولغان قىز - يىگىتلەر بىر ئائىلە بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولامىتى؟ ئەسلىدە، تەقدىر ئەكرەم ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرگەن بولسا، قولمۇ - قول تۇتۇشۇپ ئىجاد قىلىپ، ئورۇنداپ، خۇددى ئەر - خوتۇن ئالىم كيۇرىلارغا ئوخشاش، بىزمۇ «ئەر - خوتۇن سەنئەتچى» بولامتۇق!



ئايچېچەك يەنە تۇرۇپلا بىر نەرسى-
دىن شوركەنـگەندەك، ۋۇجۇدىغا تىترەك
ئـۇلاشتى. ئاھ! بۇ نېمىدېـگەن ۋاپا-
سىزلىق ـ ھە؟! ئۇنىڭ سابىرنى، قىزىنى،
كۆڭۈلـلۈك ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ، قانداق-
تۇر ھارام خىياللارغا بېرىلىپ كـەتكىـ
نىنى قارىـمامدىغان! ئۇنىڭ مۇشۇنـداق
شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ، باشقىچە تۇر-
مۇش رىتىمىنـى ئـويـلىشى سـابىرنىڭ
مۇھەببىتىگە، ساداقىتىگە قىلىنغان ئاز-
غىنىلىق ئەمەسمۇ؟!

نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭلىگە يۈكسـەك
غايىلەرنى پۈكۈدۇ، بىرەر ئىشتا چوڭ نەتىجە
قازىنىپ، ئۆزىگىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ، ۋەتەنـ
گىمۇ شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ.
لېكىن تۇرمۇش ۋە خىزمەت داۋامىدا ھەممە
ئادەم چېمپىيونلۇق پەشتىقىغا، چولپانلىق
سەھنىسىگە چىقىپ، «مەشھـۇر زات» لار
قاتارىغا كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنىلا
نـۇرغۇن كىشىلـەر ئاددىي ئىشـلار بىلەن
شۇغۇللىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سـا-
دىقلىق بىلەن ئىشـلەيدۇ. ئۇلار خـۇددى
يېشىل يوپۇرماق بولۇپ، پۈرىقى كىشىلەر-
نى مەپتۇن قىلىدىغان، تەبىئەتنى گـۈ-
زەللەشتۈرۈپ، كىشى قەلبىنى مەھـلىيا
قىلىدىغان چىرايلىق گـۈلـلـەرگـە جور
بولىدۇ. ئۇلار كـۆكسىگە مېدال ـ تاقى-
مايدۇ، قولىغا گۈل دەستە تـۇتـمايـدۇ!
سابىر ئەنە شۇنـداقلاردىـن ئەمەسـمۇ؟
تۈگمەس يـوللار، تىنىمسىز پىرقىراپ
تۇرغان رېزىنكە چاقلار ئۇنىڭ ياشلىقىنى،
جاسارىتىنى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى خورىتىـ
ۋاتامدۇ؟ لېكىن، بۇنىڭ ھېسابىغا ئـۇ
خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، ۋەتەنگە شان ـ
شەرەپ كەلتۈرۈۋاتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ

ئالىيى، يۈكسەك مۇكاپات بارمۇ؟!

ئايچېچەك بۇرۇن ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن، ئۇنىڭ ئاشۇ چاك-توپا قونغان، فاراماي ھەمدى پۈراپ تۇرىدىغان يېرىك قوللىرىغا، يۈزلىرىگە سۆيگەن، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى، ئائىلىنىڭ ھۇزۇرىنى ئالغان! ھازىرمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنى سۆيىدۇ! كەسپى، خاھىشى ئوخشاش بولمىسا نېمە بوپتۇ!؟ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئۇسسۇلچىسى چېن ئەيلىيەن بىر سېلىمسار ئىشچى بىلەن مۇھەببەت باغلىمىغانمۇ!؟ ئۇسسۇل بىلەن سېلىمسارلىق ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك مۇقەررەر باغلىنىش بولسۇن!؟ لېكىن ئايچېچەك ناخشا ئېيتسا، ئۇ زوقلىنىپ ئاڭلايدۇ، تېخى ھېرىپ، چارچاپ يولدىن كەلگەن كۈنلەردە، ئۆيگە كىرىپلا، ئايچېچەككە دۇتار چالغۇزۇپ، ناخشا ئېيتقۇزۇپ، سېغىنىشىنى، ھاردۇقىنى باسىدۇ. ئايچېچەكمۇ كېچە ياكى كۈندۈزى قەيەردە ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، سابىرنى ئەسلەيدۇ، سويلايدۇ، ئۇنىڭ نامى ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىشى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكىنى ئۈچۈن، ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ شۇنداق قوپال، يېقىمسىز ئاۋازلىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇددى كۆپ تارتىلىق مۇزىكىنىڭ جۇشقۇن، مەردانە ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ!

— ئايچېچەك، مۇزىكىغا بىر ئىسىم قويايلى، مەن تېخى بېكىتەلمىدىم!

ئەكرەمنىڭ ئاۋازى ئايچېچەكنى خىيالىدىن سەگىتتى. ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ، ئەكرەمگە يۈزلەندى:

— مېنىڭچە، ئىسمى «مۇھەببەتلىك ھايات» بولسۇن. بايا ئىشىك تۈۋىدە مۇزىكا بىلەن ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ، شۇنداق خىيالغا كەلگەنىدىم.

بۇ ئىسىم ئەكرەمگە ناھايىتى ياقتى، ئۇ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— پاھ، كاللىڭىزنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى قاراڭ! مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئويلاپ تاپالمىغان ئىسىمنى سىز بىر ئاڭلاپلا تاپتىڭىز، كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى، ناھايىتى ماس كەلدى. بۇ مۇزىكىمىز ئەمدى دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭرايدىغان بولدى!

ئەكرەم ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئاپئاق، يۇمشاق بارماقلارنى ئاستا، لېكىن بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ بىلەن چىڭ سىقتى. ئەكرەمنىڭ يوغان، ئىسسىق ئالقىنىدا ئايچېچەكنىڭ نازۇك بارماقلىرى خۇددى قورۇنغاندەك، تارتىنغاندەك يېنىك تىترەشكە باشلىدى. ئەكرەم ئەمدى بۇ قوللارنى سول ئالقىنىغا ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبە تەرىپىنى ئاستا سىلىدى... ئايچېچەكنىڭ بەدىنى توك ئېقىمى يۈگۈرۈشكەندەك جىمىرلاشقا، غىدىقلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتتى، ئەكرەممۇ بۇ ھالنى سەزدى بولغاي، ئۇنىڭ قولىنى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈپ، ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى ۋە ئاق، سۈزۈك تېرىلەرنىڭ ئاستىدىكى ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرى لېپىلداپ تۇرغان نازۇك قولغا ناھايىتى جۈرئەتسىزلىك بىلەن بىرنى سۆيۈپ، دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

بۇ سۆيۈش خۇددى ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن دوستلارنىڭ بىردەملىك سەمىمىي ھاياجىنىغا ياكى ئاكىنىڭ سىڭلىسىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىگە، ئەركىلىتىشىگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشايتتى. شۇڭا خىلمدىن بىرى سىقىلىپ، ئوتلىۇق لەۋلەر تىگىسپ تۇرغان قولىنىڭ ئالدى - ئارقىسىدا پەقەت ھۆل ۋە سوغۇق ئىزلا قالدى، خالاس!

* *

قۇياش كۆلۈپ چىقتى، تەبىئەت جانلاندى، كىچىچە تۆگۆلۈپ، يۇمران بەرگىلمەردىنى خىلۋەت باغىردا ساقلاپ چىققان مەغەزگۈلىمۇ قۇياش تەپتىدىن ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ، ئاچقىزدىل ياپراقلىرىنى يۇلتۇز شەكلىدە يېيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نازۇك غولىغا ياماشقان يېشىل يۆگىمەچ گويا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشقىسىدەك، ئۇزۇن، ئەۋرىشىم جىسمىغا مەھكەم چىرمىشىپ، تىترەپ تۇرغان ئاپئاق گۈلى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ، رەڭدار ھۆسنىگە تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشتى.

ئايچېچەك مانا شۇنداق ئوچۇق، يىللىق بىر ئەتىگەنلىكى سابىر بىلەن ئەكرەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايرودرومغا كەلدى. ئەتراپتا ئۇنىڭ بىلەن ئاتىكەمنى ئۇزىتىپ چىققان ئادەملەر خېلى كۆپ ئىدى. ياخشى - ياخشى تىلەكلەر ئېيتىلدى، ئاق يول تىلەندى، قىزغىن، يالقۇنلۇق سالاملار يوللاندى. ئايچېچەك قىزى ساباھەتنى ئاخىرقى قېتىم باغرىغا باستى، سابىرنىڭ خۇشال چىرايىغىمۇ چوڭقۇر مېھردىي - مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. ئايچېچەك بىلەن ئاتىكەم نۇرغۇن ئۇتىلۇق كۆزلەرنىڭ تىكىلىشى ۋە نۇرغۇن سەمىمىي قوللارنىڭ پۇلاڭلاپ ئۇزىتىشى ئاستىدا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. كۆپكۆك، پايانسىز ئاسمان ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى!

ئۈچىنچى باب

## ئاپتاپ ۋە كۆلەڭگە

«ئادەمنىڭ ھاياتى شىددەتلىك ئېقىنغا ئوخشايدۇ،
ئاراللارغا ۋە يوشۇرۇن تاشلارغا ئۇرۇلمىسا، ئۇنىڭدىن چىرايلىق دولقۇن پەيدا بولمىقىتەس!»

— ئوستروۋسكى

1

ئۇ ناخشىغا جان كىرگۈزەتتى، ئۆزىمۇ بۇنداق ھەيۋەتلىك، كۆركەم سەھنىلەردە گۈزەل ناخشىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. تاماشىبىنلار ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. گېرمانىيىلىك مەشھۇر بىر ئوبزورچى ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ ناخشىڭىزغا

دۇنيادىكى داڭلىق ناخشىچىلارغا قايىل بولغانغا ئوخشاشلا قايىل بولدۇم!» دېدى. يەنە بەزىلەر: «جۇڭگوغا قىزىقىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ئەمدى مىليونېر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىشتى.

دېمىسىمۇ، ئايچېچەك شۇ كۈنلەردە، ھەقىقەتەن بىر «مىليونېر» ئىدى. لېكىن ئۇ، چەت ئەللىكلەر ئېيتقاندەك، پۇلنىڭ ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ، ناخشىنىڭ مىليونېرى. ئۇ سەنئەتكە، ناخشىغا مىليونېر بولۇشتا، يالغۇز ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي تالانتىغا تايانغىنى يوق، بەلكى ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان خەلق بەرگەن پۈتمەس-تۈگىمەس ئوزۇق بىلەن چەكسىز ھارارەتكە، خەن پروفېسسور بىلەن ئەكرەمدەك كۆيۈملۈك ئۇستازلارنىڭ ھارماي-تالماي تەربىيىلىشىگە تاياندى!

ئۇ تۈركىيە سەھنىسىدە ناخشا ئېيتقاندا، چوڭ تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ باشلىقى ئۇنى تۈركىيىدە قېلىشقا دەۋەت قىلىپ: «سىز بۇ يەردە قالسىڭىز جەننەتتە كىرگەندەك بولىسىز، خەجلەپ تۈگەتكۈسىز پۇلغا ئېرىشەلەيسىز، باغۇ-بوستانلاردا بەخىرامان سەيلە-تاماشا قىلالايسىز، ئالىي پىكاپقا ئولتۇرۇپ، خالىغان يەرگە بارالايسىز! بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىكى قۇياش سىلەرنىڭكىدىن يىللىق، بۇ يەرنىڭ ئۈستىدىكى ئاي سىلەرنىڭكىدىن يورۇق!...» دېگەندەك ياغلىما گەپلەرنى قىلدى. ئايچېچەك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، سەكرىمىدى، كايىمىدى، بەلكى ئەقىللىق ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان قىسقىلا ھېكمەتلىك سۆز بىلەن بۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەپەندىم، بىزدە: ئۆز يۇرت تۇغقان ئانا، كىشى يۇرتى ئۆگەي ئانا! دەيدىغان گەپ بار. ئۆگەي ئانا يامان كېلىدۇ!»

ئۇ، شۇنچە گۈزەل، ھەيۋەتلىك پارىژدا تۇرغان چاغلىرىدىمۇ، ھەقىقەتەن «تۇغقان ئانىسى» نى، ئاشۇ چاڭ-توپىلىق يوللار بىلەن، قىڭغىر-سىڭغىر ئۆيلەرنى ئەسلىدى، سېغىندى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت-ماكان نېمىدېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن خاسىيەتلىك-ھە؟! قەدىمدىن ھازىرغىچە يۇرت توغرىسىدا شېئىر يازمىغان شائىر، ھېكايە ئېيتمىغان يازغۇچى بارمۇ؟ يوق، زادىلا يوق! چۈنكى، ئۆز يۇرتىنىڭ زېمىنى كىشىلەرنى ساغلام، بەردەم قىلىپ يېتىشتۈرگەن، ئۆز يۇرتىنىڭ نازۇ-نېمەتلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ھۇزۇر بېغىشلىغان، ئۆز يۇرتىنىڭ تاغ-دەريالىرى بىلەن باغۇ-بوستانلىرى كىشىلەرگە ئۆچمەس مۇھەببەت بەخش ئەتكەن، ئۆز يۇرتتىكى ئاتا-ئانا، قۇۋم-قېرىنداشلار كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە بېقىپ ئادەم قىلغان! شۇنداق تۇرۇقلۇق، كىشى ئۆز يۇرتىغا قانداقمۇ تەلپۈنمىسۇن؟! ئادەم تۈگۈل، چۆل-جەزىرىلەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ تۇغۇلۇپلا ئۆز ماكانلىرىنى بىلىدۇ، ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئۇچار قۇشلارمۇ ئاخىر كېلىپ ئۆز ئۇۋىسىغا قونىدۇ!

شۇ تاپتا، ئايچېچەكنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى ئاشۇ چاڭ-توپىلىق يوللارغا بېرىپ يالىڭاياق يۈگۈرگىسى، ئاشۇ قىڭغىر-سىڭغىر ئۆيلەرنىڭ ئازادە سۇپىسىدا يېتىپ ئېغىنىغۇسى، ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ مېھرابىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سەجدە قىلغۇسى كېلىپ كەتتى!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر

# يىراقتىكى يۇلتۇز

(ھېكايە)



قىز قوللىرىنى يىگىتنىڭ بېلىك-دىن ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ، ئويچان كۆز-لىرىنى يوپۇرماقلار ئارىلىقلىرىدىن كۆ-رۈنۈپ تۇرغان شەپەققە تىكتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ئاشۇ شەپەقتەك قىزغۇچ ئىدى. سەل تاتارغان ئاپئاق يۈزلىرى مۆرىلىرىدە يېيىلىپ تۇرغان دولقۇنلۇق چاچلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ ئاق كۆرۈنەت-تى. زىلۋا قامىتىنى ئوراپ تۇرغان سۈتتەك ئاق كۆڭلىكى شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ، ئۇنى ئۇچۇشقا ئىنتىلىۋاتقان ئاق قۇدەك شۇنچىلىك ئۇز، گۈزەل بىر تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. يوپۇرماقلارنىڭ گىردىسەن سايىلىرى ئويناپ تۇرغان لاتاپەتلىك قەددى شەپەقنىڭ سۇس شو-لىلىرى بىلەن سىڭىشىپ، بەكمۇ جىلۋى-لىك كۆرۈنەتتى. ئۇ، سۈكۈت ئىچىدە خېلىغىچە ئاشۇنداق تۇرۇپ، ئاخىرى ئېغىر ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى غىل-لىدە كەلگەن ياش بىلەن نەملەندى.

بارا-بارا قويۇق كىرپىكلىرىگە ياش تامچىلىرى تىزىلدى. ئۇ يەرگە قارىدى، چېكەچاچلىرىنى تۈزدگەن بولۇپ،

ياشلىرىنى قوللىرى بىلەن سۈرتتى. ئاندىن بۇرۇلۇپ يىگىتكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچە مۇڭلۇق، مېھرىلىك ئىدى، لەۋلىرىنى بوش چىشلەپ، ئۈنسىز ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يىگىتكە باقتى، يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

يىگىت ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق چوڭ-چوڭ كۆزلىرى كۈچلۈك بىر زوق، ھېرىسمەنلىك، مۇھەببەت بىلەن چاقنايتتى. گويا ۋۇجۇدىدىكى ئۇچقۇن كۆزلىرىدە يانغانىدى. ئۇنىڭ ئاق يۈزلىرى ئاستا-ئاستا قىزاردى. مېھرىلىك كۆزلىرى قىزغا قادالدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، رەشىدە، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ ئاستا پىچىرلاپ، — سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بىز توي قىلايلى.

— ئىشىنىمەن قادىر، — دېدى رەشىدە يىگىتكە يەنىلا شۇنداق تىكىلىپ قاراپ، كېيىن يانغا بۇرۇلۇپ شىۋىرلىدى، — مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بىراق ... ماڭا ئۇنداق تەلەپ قويماڭ.

قادىر كۆزلىرىنى يەنە رەشىدەگە تىكتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سەل چەكچەيگەن، يۈزلىرى تاتارغانىدى.

— بىلمىدىم، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا، — بىز نېمىشقا توي قىلالمايمىز. مەن يا ...

— ياق ... — رەشىدە ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن يەرگە قاراپ مەيۈس بىر ھالدا ئاستا ئېيتتى، — سىز ناھايىتىمۇ ياخشى يىگىت، بۇنى بىلىمەن، بىراق ... بىراق توي ھەققىدىكى تەلىپىڭىزنى رەت قىلىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ.

قادىر تۇرۇپلا قالدى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بوغدىيىكى يۇقىرى-تۆۋەن مىدىرلاپ كەتتى. ئەتراپقا ئاستا-ئاستا گۇگۇم قاراڭغۇسى يېيىلىشقا باشلىدى. چىغىر يول بويلىرىدىكى يىراقتا سوزۇلغان تار ئورمانلىق قارامتۇل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قادىر ئاستا مېڭىپ، بىر تۈپ سۆۋادان تېرەك يېنىغا باردى. ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، مۇڭ بىلەن ئاسمانغا، ئۇنىڭ يىراق بەتلىرىدىكى ئاقۇش بۇلۇتلارغا قارىدى. يۇلتۇزلار خىرەلەشكەن ھالدا ئاجىز نۇرىنى تۆكۈپ پىلىلداپ تۇراتتى.

— بۇرۇنقى ئىشلاردا مەن ئەيىبلىك ئەمەس، رەشىدە، بۇنى بىلىسىزغۇ؟ ئاتا-ئانامنىڭ زورى ... — قادىر قارامتۇل ئورمانلىققا قاراپ جىمىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى ۋە رەشىدەگە بۇرۇلۇپ، — مانا، ئاخىرى سىزنى دەپ ئايگۈزەل بىلەنمۇ ... — دېدى ئېغىر تىنىپ.

— چۈشىنىمەن، — رەشىدە كۆزلىرىنى قادىردىن ئېلىپ، شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرغان سۆۋادان شاخلىرىنىڭ ئۇچىغا قارىدى، — سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، مەنمۇ شۇنداق، بىراق ... — ئۇ، بۇلۇتلار قېتىدىن ئاستا-ئاستا چىقىپ كېلىۋاتقان تولۇن ئايغا قاراپ ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىندى، — بىراق ئايگۈزەلچۇ؟ ئۇ كىمنى ياخشى كۆرەتتى؟ ئۇ گۇناھسىز ئىدىغۇ قادىر.

قادىر لاپ قىلىپ رەشىدەگە قارىدى.

— نېمە دەۋاتىسىز رەشىدە ... پەقەت سىزنى دەپلا ئايگۈزەل بىلەن ئاجراشقان ئىدىمغۇ؟ — ئۇ قولىدىكى تاماكىنى يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىپ، سەل نارازى بولغان هالدا سورىدى، — بۇ سىزگە قەلبىمنى چۈشەندۈرۈشۈمگە يەتمەمدۇ؟

رەشىدە كېلىپ، قادىرنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر سۇۋادان تېرەككە يۆلەندى. بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئۈچىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ شامالدا يەڭگىل سىلكىنىشىگە قارىدى. تىۋىشلىرىغا قۇلاق سالغاندەك ئۇزۇنغىچە ئۈنسىز تۇرۇپ، ئاندىن قول ياغلىقى بىلەن كۆز چاناقلىرىنى يېنىككىنە سۈرتتى.

— بىراق، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم بارمىدى قادىر؟ سىز بىگۇناھ ئايگۈزەلنى قانچىلىك ئازابلىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ... بۇ ئازابقا بىر ياش ئايال چىدىيالارمۇ؟ — ئۇ قادىرغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى، — قادىر، سىز ئۇنىڭ ئاياللىق كۆڭلىنى، ئانىلىق ئۈمىدلىرىنى دەپسەندە قىلغاندەك بولدىڭىز.

— ... بۇ ... سىزگە ئىشەنگەنلىكىمدىن شۇنداق قىلدىمغۇ ... — قادىر بۇرۇلۇپ رەشىدەگە قارىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. رەشىدە ئولتۇرۇپ ئېرىقتىكى سۇغا تىكىلدى. سۇ يوپۇرماقلار تېگىدىن شۇڭغۇغان سۇسقىنا ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ قۇرۇپ قالغان بىر تال يوپۇرماقنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، كېيىن ئۇنى ئاستاغىنا سۇغا تاشلىدى. يوپۇرماقنىڭ غىل-پاللا كۆرۈنۈپ ئېقىپ كېتىشىگە قاراپ تۇردى. ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى. سۇۋادان تېرەككە يۆلىنىپ ئويغا چۆككەن هالدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان قادىرغا بىر پەس قاراپ تۇردى. سەل سۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلىدى. يەردىن بىر تال يوپۇرماقنى ئېلىپ، يەنە پىلدىرلىتىپ تاشلىۋەتتى.

— ئويلىشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قادىرغا تىكىلىپلا قالغانىدى، — كىچىككىنە بىر يېنىكلىكىڭىز گۇناھسىز بىر قىزنى بىر نىكاھلىق دېگەن ئاتاققا ئىگە قىلىپ ... ياق، ياق ... بەختسىز بىر چوكان قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىشىڭىز كېرەك ئىدى، — رەشىدە ئىچ-ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك هاياجانىنى، تىترەكنى بېسىپ، قادىرنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئاي نۇرىدا سۇس پارقىراۋاتقان نەم كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر ئوت بار ئىدى، — ئەمدى سىز ... سىز ئايگۈزەلدىن كەچۈرۈم سوراڭ. قەلبىڭىزنىڭ هارارىتى بىلەن ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يوق قىلىڭ. بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ قېلىۋېرەيلى، مۇھەببىتىمىز يۈرىكىمىزگە بەنت قىلىنسۇن.

قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ، رەشىدەنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن ئاستا ئۆرۈلۈپ، قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى چىغىر يولغا كۆز تىكتى.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ئۇ رەشىدەگە قارىماي بوش ئاۋازدا، — سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ئۇنداق قىلالامدىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ رەشىدە.

— سىز ئەركىشى، چىداملىق بولۇڭ، — رەشىدە بارا-بارا روشەن يېنىشقا باشلىغان تۇپ-تۇپ يۇلتۇزلارغا

قاراپ پىچىرلىدى، — مېنىڭ ئايگۈزەلگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئاھ، ئاشۇنداقلارنى ھەربىر كۆرسەم ... قادىر، ئۇ شۇتاپتا سىزنى قانچىلىك سېغىنغاندۇ-ھە؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

قادىر ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ ئاستا قەدەم تاشلىدى. ناھايىتىمۇ يوغان ئۆسكەن بىر توپ سۆۋادان تېرەك ئالدىدا توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى. تېرەك ناھايىتىمۇ تۈز ئۆسكەندى. ئۇنىڭ يانغا ئۆسكەن شاخلىرى باشقا تېرەكلەرنىڭ يان شاخلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى. قادىر ئالقانلىرى بىلەن ئۇنى سىلىدى.

— سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ماڭا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغان، — ئۇ، تېرەكنىڭ قارىيىپ كۆرۈنگەن ئەڭ ئۇچىدىكى شاخلىرىغا، ئاي نۇرىدا غۇۋا پارقىراپ تۇرغان يوپۇرماقلىرىغا قارىدى، — بۇنى يەنە چۈشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟

— ھاجەتسىز، بىز بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىمىز، ياخشى كۆرۈشىمىز.

— ئەجەبا، سىز تەلپىمىنى رەت قىلدىڭىزغۇ!

— رەت قىلمەن قادىر، مەندىمۇ بىر ئەقىدە بار، — رەشىدە خىيالچان بىر تۈستە شۇۋرلىدى، — بۇ ئەقىدەم تەلپىڭىزنى رەت قىلدۇ.

— قانداق ئەقىدە؟ — قادىر ئىتتىك ئۆرۈلۈپ رەشىدەگە قارىدى، بىر پەس ئۈنسىز تىكىلىپ يەنە سورىدى، — ئەقىدىڭىز تەلپىمگە شۇنچە زىتمۇ؟

رەشىدە ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرىغا، قاڭشارلىق بۇرنىغا، چىرايلىق بۇرۇتىغا، سۈلكەتلىك تۇرقىغا ھەۋەس بىلەن ئۇزاقىچە قارىدى.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — ئۇ ئېغىر تىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى، — ئەگەر ھازىر سىز تېخى توي قىلمىغان يىگىت، مەن نىكاھلىق بولغان چوكان بولسام ... سىز ئاشۇ تەلپىڭىزنى ... — رەشىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ قادىرغا دىدىل تىكىلدى، — ئوخشاشلا قويالامتىڭىز؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ... — ھەيرانلىقتىن قادىرنىڭ قاشلىرى لىكىلداپ، ئاچچىق ۋە ئەجەبلىنىشتىن كۆزلىرى سەل چەكچەيدى، دۇدۇقلىدى، — بۇ ... بۇ...

— شۇنداق قادىر، ئەرلەر باشقىلارنىڭ «قىز چىقماي چوكان بىلەن تويلىشىپتۇ» دېيىشىدىن قورقسا بولىدۇ-يۇ، ئەجەب قىزلار باشقىلارنىڭ «يىگىت چىقماي ئۆيلەنگەن بىرى بىلەن توي قىلىپتۇ» دېيىشىدىن قورقسا بولمامدىكەن ... — رەشىدە ھاياجانلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى، ۋۇجۇدى بولسا يېنىككىنە تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلۇق، شۇنداقلا يەنە مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ قادىرغا قاراپ ئېيتتى، — بۇ بىر تەڭسىزلىكقۇ قادىر.

— تەڭسىزلىك؟ — قادىر بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇلتۇزلارغا قارىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزلىرى غۇۋا ئاي نۇرىدا يەنىمۇ ئاق كۆرۈنەتتى. چاچلىرى سۇس پارقىرايتتى. ئۇ ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. ۋۇجۇدى سەل بوشىشىۋاتقاندەك، تېنىدە بىر خىل ھارغىنلىق ۋە پەرىشانلىق يامراۋاتقاندەك بولدى. ئولتۇرۇپ سەل تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكا ئوردى. تۇتاشتۇرۇپ ئارقا-

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن قاپتىق شورىدى.

— مۇھەببىتىڭىزنىڭ چىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، — پىچىرلىدى رەشىدە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەڭگۈ ۋە ئازابلىق ئىدى. يۈرىكى بولسا رىتىمسىز سوقۇپ، پۈتۈن تېنى ئوت ئالغاندەك قىزىماقتا ئىدى.

رەشىدە ئۆز ئەقىدىسىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئەقىدىسى بىلەن ئۆزىنى قۇدرەتلىك، جاسارەتلىك، ۋىجدانلىق سېزەتتى، ئۆز بەختىنىڭ ئۆز قولىدا، ئەقىل-ئىدرىكىدە ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنەتتى. ئەرلەرگە تۈز، مەغرۇر ۋە دېدىل تىكىلەتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىن بەخت تەمە قىلىشنىڭ ئۆزىنى پەسلەشتۈرگەنلىك، ئۆز ئەركى ۋە ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنىڭ شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىقرار ئىدى، ئۇ، يەنە ئەقىدىسىنىڭمۇ ئۆزىگە ھەقىقىي، پەقەت ئازلا كىشىلەرگە نېسىپ بولىدىغان بىر بەختنى — يۈكسەك بىر ئالىيجانابلىقنى سۇنۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى شادلىق ئىچىدە تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ يەنە سۆيگۈسى بىلەن ئەقىدىسىنىڭ قارىمۇ-قارشى بولۇپ قالغانلىقىغا ھەممىدىن بەك ئۆكۈنەتتى.

رەشىدە ياشلىق كۆزلىرىنى قادىرغا تىكتى.

— مەنمۇ بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى تەستە دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ، كېيىن سەل تۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىنى قادىردىن قاچۇرۇپ، بىر خىل ئۆكۈنۈش يۇشۇرۇنغان مەغرۇر ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەقىدەم بىر ئۆيلەنگەن يىگىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ ... مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق بارلىق قىزلارغا: ئەي قىزلار، قىز تۇرۇپ بىر ئۆيلەنگەنلەرگە ياتلىق بولماڭلار، ئەرلەر بىلەن تەڭلىك تالىشىڭلار، دېمەكچىمەن. بۇ مېنىڭ ئەقىدەم. مەن ئۆز سۆيگۈمنى، بەختىمنى مۇشۇ ئەقىدەمگە تېگىشىۋەتتىم. بىلەمسىز، بۇ ئەقىدەم ئايگۈزەلنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان، بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق، — ئۇ قادىرغا قارىدى، — بېرىدىڭ قادىر، ئايگۈزەل سىزگە قانچىلىك تەشنا، بارسىڭىز بۇنى بىلىسىز.

— رەشىدە، — ۋارقىرىدى قادىر، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە تىترەڭگۈ ۋە ئەنسىز ئىدى، ئۇ ئۇزاق سوكۇتتىن كېيىن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا رەشىدەگە قاراپ يەنە ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ كۆلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى، — ئاھ، رەشىدە ... سىز نېمە دېگەن غەلىتە، نېمىدېگەن ئوماق؟! بولىدۇ ... مەن سىزنىڭ ئەقىدىڭىز، تەلىپىڭىز ئۈچۈنلا ئايگۈزەلنىڭ ئالدىغا بارىمەن. ئۇنى بەختلىك قىلىمەن. بىراق ... بىراق مۇھەببىتىمنى ...

— تولۇقى بىلەن ئايگۈزەلگە بېرىڭ قادىر، — دېدى رەشىدە يىغلاپ تۇرۇپ، — مەنمۇ سىزدىن ... سىزدىن كۆپ رازى بولىمەن.

— ياش تۆكۈۋاتىسىزغۇ رەشىدە، — دېدى قادىر بوغۇلۇپ، ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى مېھرى بىلەن رەشىدەگە تىكىلگەنىدى، — سىزنى رازى قىلىشىمغا ئىشەنمەمسىز؟

— ئىشىنىمەن ... — رەشىدە قادىرنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ئازاب ھەم سۆيۈنۈش ئىچىدە ئېسەدەپ يىغلىدى، — ئاھ قادىر، سىز نېمىدېگەن ياخشى ... مېنىڭ ئىشەنچىم ... ئىشەنچىم كۆزۈمنى ياشلاتتى، مەن ... مەن سىز ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن، سىز ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتىمەن ... — ئۇ قادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتتى، تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرىنى خىجىللىق ئىلكىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى، — جېنىم قادىر، مېنى چۈشىنىڭ ... بىلەمسىز، مەن... مەن سىزنى قانداق ياخشى كۆرىمەن. ئاھ ... قادىر، سىزنى سۆيىمەن، بىراق ... بىراق، تەلپۈنگەنزنى ...

رەشىدە قادىرنى قويۇۋېتىپ، يېنىدىكى بىر تۈپ تېرەككە ئېسىلدى. ئۇنى قۇچاقلاپ ئۈنلۈك يىغلىدى. تېرەكنىڭ ياشتىن نەملەنگەن قوۋزاقلىرىغا لەۋلىرىنى ياقتى.

قادىر ئۈنسىز ھالدا تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئېرتىپ كۆككە كۆز تىكتى. چەكسىز كائىناتتا چېچىلغان ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تويماي قارىدى. بىر پەستىن كېيىن رەشىدەنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ يېنىك سىلكىنىپ تۇرغان نازۇك مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

— قايتايلى، — دېدى ئۇ رەشىدەنىڭ كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ.

قادىر ئۇنى قولتۇقلىۋالدى. ئۇلار ئەگرى - بۈگرى غۇۋا چىغىر يولدا ئاستا قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

كۆكتە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. بىر نۇرلۇق يۇلتۇز بەكمۇ يىراقتا جىلۋىلىك چاقناماقتا ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئادىل تۇنىياز

# دەماەر جىلۋىسى

## 1. ۋاقىتنىڭ سىرتىدا

ۋاقىت،
ئوخشامدىكىن قومۇشلۇقتىكى
يۇپيۇمىلاق غاز تۇخۇمىغا؟
تور ئىچىدە نۇر چېچىۋاتقان
ئۆمۈچۈكنىڭ پادىشاھىغا،
ئوخشامدىكىن تام تۈۋىدە ئۇ،
ئۇخلاپ قالغان يېتىم بالىغا.

ۋاقىت،
كېتىۋاتقان ئېرىپ تامچىلاپ،
ئۆگزىدىكى چوكا مۇزمۇ-يا؟
تۇخۇمىنى ساتقىلى ماڭغان،
چەت يېزىلىق تارتىنچاق قىزدەك،
ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە باھار.
ئېرىمەكتە مۇزدەك خىيالىم،
ئېرىمەكتە دېرىزەمدە قار.

ماڭا قاراپ كۈلمەكتە گويا
چۈمۈلىلەر يىراق دالىدا.
كۈلەلمەيدۇ ئېھ، مېنىڭ بەختىم،
ئۇ ئوخشايدۇ يېتىم بالىغا.

تامچىلايمەن،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدىن

ئەپۇ سوراپ زېمىنىدىن،
ئەپۇ سوراپ شوخ كەلگۈسىدىن.
ئۈمىد
يانۋاردىكى ئاي شولىسىدەك،
مۇز ئۈستىدە قالار يالتىراپ.

ۋاقىت،
ئوخشامدىكىن قومۇشلۇق كۆلدە
بېلىقچانلار كۆرگەن باھارغا.
ئوخشامدىكىن ياكى بىرىنىڭ
كۆزلىرىگە كۆمۈلگەن ماڭا ...

## 2. چىرايلىق يىغلاش

ۋاقىت، دۇنيا، قاناتلىق بىر قىز
ئۇچۇپ كەتتى قاۋاقخانىغا.

سۇنۇق كاسەم سۇنغان سەنمۇ، مەن؟
شاراب قېنى، مەن ئىچتىممۇ، سەن؟
ئاخشام باھار بولغان ئەمەسمۇ،
كۈتكۈچى قىز چېچەكلىمەمسەن؟!
ناخشا ماراپ تۇرغان ئاغزىمدىن
چۈشۈپ قالدى يانتۇ بىر ھەرپ.
مايماق دەسسەپ كەتتى ئورمانغا،
چىغىر يوللار بوپ قاپتۇ كەيىپ.

نېمە بولدى كۆلەڭگەم ساڭا،
تۇرىسەنغۇ ھېجىيىپ ماڭا؟

خۇمارلىشىپ قاپتۇ يۇلتۇزلار،
كىچە ئۇخلار مەستخۇش مۇلايىم.
سەن ئىسىمگە كېلمىسەن نىچۈن،
ئۇنتۇپ كەتمەك بولسام ھەردائىم،
مەن زاددىلا يىغلاپ باقمىغان،
ئىپە، قانداقراق چىقار ئاۋازىم؟

ئاي شولىسى كەلمەكتە ئاستا...
ساق ۋاقتىمدا بارالمىغاچقا،
مەن ئالدىڭغا كەلدىم مەست بولۇپ.
كەچۈر، مېنى قەدىردان ئەسكى،
تۇرالمىدىم ئالدىڭدا دەسسەپ،
دەرەخلەردەك قالدىم لەپپەڭلەپ.

ئاي شولىسى كەلمەكتە ئاستا ...
ساڭا سوۋغا ئېپ كېلەلمىدىم،
ئىپە، بۇ نامرات كۆڭلۈمدىن باشقا.
بەختىمىزۇ يوق ساڭا بەرگۇدەك،
ئېپ كەلگىنىم بىر دەستە سۆكۈت.
تىلىمەيمەن سەندىن بەختىمنى،
دېيەلمەيمەن بىر مېنىملا كۈت.

تېپىپ چۈشتى يۇلتۇزنىڭ يېشى،
بۇ ئاخىرقى كېلىشىم مېنىڭ،
كەچۈر، مېنى سۆيۈملۈك قىزچاق
ئېپ كەلگۇدەك نەرسەم بولمىغاچ
سوۋغات قىلدىم ساڭا شاپىلاق.

سەن قەيەردە ئەي پۈچۈق كاسەم،
يۇر، كېتەيلى قاۋاقخانىغا.
ئىككىمىزمۇ سىردىشالمايمىز،
مەستلىكىمدىن يېشىلسە دۇنيا.
يۇر، كېتەيلى قاۋاقخانىغا.

## 3. سىنىپ

ئاۋازىم بار تاتارغان تامدا.

ئۆمۈچۈكنىڭ پاچاقلىرىغا
باغلاپ قويغان ئاۋاق يېزىقتا،
قاراپ - قاراپ كەتتىم خىيالغا.

ئۇ كۈنى،
كالېندار يوق ئىدى دۇنيادا.
خازان كەبى مۆكۈلۈق بىر كۈلۈپ،
قار ئۈستىمدە ياتقان ئاشۇ ئىز
ئەگەشكەنتى كەينىمگەدىن ئەي قىز.
كېيىك كەبى كەتتىڭ يىراقلاپ،
قاراپ قالدىم ئۈنسىز — ئۈمىدسىز.
نۇر يېپىلىرى تامار رۇجەكتىن،
تېمىم - تېمىم كۆز ياشلىرىمدەك.
شائىر بولۇپ قالدىم سەن ئۈچۈن،
تەنھا ئۆتمەك بولدۇم سېنى دەپ.

«مەن» سۆيمىگەن ئۆزۈم تۇپەيلى،
ھېچكىم مېنى سۆيمىسە مەيلى،
كەل غېرىبلىق، قويغىن قۇچاقلاپ،
كەل ئىپە ئۈمىد، سۆيۈپ قوي مېنى.
كۆلۈمسىرەر ئۆمۈچۈك تورى ...

## 4. قۇشلارنىڭ خېتى

چىشلەپ كېلىپ قۇشلار سەھەرنى
تاشلاپ قويدى رۇجەكتىن.
ئۇزۇنغىنە ئارچا شاخلىرى
تۇتۇپ بىر تال تۇمان گۈلىنى،
بەكمۇ ئۇزاق كۈتتى بىر سېنى.

سۈپسۈزۈك ئۇيقۇ،
ئويۇپ قاپتۇ تۇشەك ئۈستىمدە.

www.uyghurkitap.com

سەن ئۆيۈمگە كەلگەن ئىمكەنسەن،
ئەتىيازدەك تىۋىشسىز دەسسەپ،
تۇيماپتىمەن قاقشال دەرەختەك.

چىغىر يولغا نۇر سېپەر يۇلتۇز،
ۋاللىدلايدۇ تاشلار مارجاندەك.
كەپىسىگە نامرات يىگىتنىڭ،
بىر مەلىكە كېلىپ شۇ كەچتە،
غايىب بولۇپ كەتكەن سەھەردە.

سەن ئۆيۈمگە كەلگەن ئىمكەنسەن،
ئولتۇرۇپسەن تۆشەكتە تېخى.
ئۇيىلىپتۇ چۈشلىرىم بەكمۇ،
تۇيماپتىمەن قارىغىنىمنى.

تۇمشۇقىدا قۇشلارنىڭ
تۇرار ئىسمىڭ سەھەردەك چاقناپ،
خوشلاشمايلا كەتتىڭ يىراقلاپ.

## 5. خاتىرەمنىڭ كۈزدىكى بېتى

كۈلۈپ تۇرغان كۈز خازانلىرى
بەك ئوخشايدۇ، ئوخشايدۇ ماڭا.
كۆرسەتمەستىن كۆز ياشلىرىمنى،
يىغلىۋالسام خىلۋەت جايلاردا.

غەمكىنلىگىمنى بىر دېرىزىدىن،
تامچىلايدۇ غىجەك ئاۋازى.

خىيالىمغا پىچىرلىغان كۈز،
بېلىقدانىدا پورەكلىگەن ئۈن،
تىترەۋاتقان ئۆمۈچۈك تورى.
ئۆگزىسىدە قىستاڭ ئۆيلەرنىڭ
يالتىرايدۇ جىمجىتلىق نۇرى.

تۆكۈلمەكتە ئالتۇن خازانلار،
قۇش مەلىكە كەتتى توي قىلىپ،
ياقا يۇرتنىڭ شاھزادىسىگە.
بۇ يەرلەردە خازاندەك ئۈمىد
تەسەللى بوپ قالدۇ بىزگە.
بىر ـ بىردىن پارلاق خازانلار
تۆكۈلدۇ باش ئۈستىمىزگە.

سېلىۋېتىپ ئىچ كىيىمىنى،
گويا خۇش بۇي توي تۆشىكىدە
ئوماقتىنا ياتار تەبىئەت.
كۈز رەڭگىگە كىردى سارغىيىپ،
خاتىرەمدە قالمىدى ئاق بەت.

خىيالىمغا دەسسەپ بىر قىزدەك
كېلىپ قاپتۇ مۇڭلۇق سېنتەبىر.
دەيمەن ھېچكىم قالمىسا كۆرۈپ،
قېنىپ ـ قېنىپ يىغلىۋالسام بىر!

## 6. ئۈمىدلىك بىر كۈن

يۈرىكىمنى نۇرلاندۇرماقتا،
سەن قەدىردان بارماقلىرىڭدا
يىراق كەچكى كۈز ئورمىنىغا
كۆمۈپ قويغان، چىرايلىق قۇياش.

كېچىككىنە غېرىبلىق بۈگۈن
گويا ئاجىز بىر تال قۇرتتەك،
دەپتىرىمدە يۆرەر ئۆمىلەپ.
سۆزلىمەكتە سەپرا مۇئەللىم،
يىڭناغۇچتەك يەڭگىل خىيالىم،
ئۇچۇپ كەتتى دېرىزىلەردىن.

مالچى بوۋاي قاناتلىرىغا
باغلاپ قويۇپ قومۇش نەيىنى،

تاش ئۈستىدە كېتەر ئۈيقۇغا،
مەن سەھرانىڭ غەمكىن شائىرى،
قەلبىم ئوخشار زىل تارىلارغا.

خازانلارنىڭ گۈللۈكىدە مەن،
تىپتىنچ كۆز نەۋالىرىدىن
تىڭشايمەن بىر جىمجىت ئۈمىدنى،
يامغۇر قىزنىڭ تىۋىشلىرىنى،
خىياللىرىمنىڭ قۇلاقلىرىدىن
تارقاپ كەتكەن ئاۋازدەك سىنى.

بۈگۈن ئېھتىمال،
بىرەرىدىن خەت كېلىپ قالار،
كۆرگەن چۈشۈم راستقا ئايلىنار،
مەن كوچىدا ئۇچراتقان بىرى،
بىردىن يېقىن دوستۇم بوپ چىقار.

بۈگۈن
سۆيۈۋاتسام ئۆز - ئۆزۈمنى مەن،
پېشىنگىدە كۈلدى مارىلاپ،
ئىشىكىمدىن خۇمار كۆز دۇنيا.
كالېندارنىڭ بىر تال ۋارىقى
گۈل بەرگىدەك تۆكۈلدى ئاستا.

## 7. پىۋا كۆپۈكى

پورەك - پورەك جىمجىتلىق
لەيلەپ چىقتى قەدەھ ئۈستىگە.
پىلتىڭلايدۇ خۇش خۇي بارماقلار
يۆرەكسىمان دۈگىلەك شىرەدە.

چىرايلىقسەن كۆپۈكلۈك پىۋا،
چىرايلىقسەن مەيپۇرۇش موما.
ئۇچۇپ كەتمەك بولدى نېمىشقا
گۈل قېتىدەك يومران ئاياللار؟
دۇنيا نىچۈن مۇنچە يېقىملىق،
كەتمەكچىدەك قىزغا ئايلىنىپ؟

گۈللەر خۇش بۇي پىۋا گۈللىرى،
نەپىس كېپىش كىيگەن پۇت گۈلى،
نەپىس قول ھەم كۆزلەرنىڭ گۈلى.
قىسىۋالاي چېكەمگە بىردەم،
قىسىۋالاي قولۇمدا بىر دەم،
قېنىۋالاي قېنىپ - قېنىپ ھەم.

بۈگۈن، پەقەت بۈگۈنلا شۇنداق،
غۇژمەك - غۇژمەك يۇلتۇز گۈلىدە
ئايلىنىپتۇ گۈللۈككە كېچە.

قاناتىسمان پۇتلىرى بىلەن
يېنىككىنە دەسسەپ ھاۋاغا،
شولا چېچىپ قەھۋەخانىغا
كىرىپ كەلدى خۇدا ئاستىلا.

شىشەگىنى ياپ جېنىم ئادىشىم،
ئېقىپ چىقىپ پىۋىدەك كۆزلەر
مەست قىلمىسۇن كۆزلىرىمىزنى.
مەست بوپ قالسا لەۋلەر تۇنجى رەت،
ئاخىرقىغا قۇيايلى ئاتاپ،
مەست بولمىغان سۆزلىرىمىزنى.
شىشىنىڭ ئاغزىدىن
شولا تارتىپ چىقماقتا قۇياش.
توپ-توپ قۇشلار ئۇچماقتا ھەريان.
ناخشا ئېيتار شەھەردە تۇمان.

غېرىبسىنىپ جىمغۇر دەرەخلەر،
تۆكۈلىدۇ خازانلار ئاستا.
ئات يايلىدەك يەلپۈنۈپ كۆككۈم،
كىرىپ كېتەر كۆك شىشىلەرگە.

چەكسىز گۈزەل، يارقىن مەنزىرە
لەيلەپ چىقتى قەدەھ ئۈستىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابلىمىز ھەسەن

# تارىم تۈيغۇلىرى

## چۆلدە جەۋلان قىلماقتا ھايات

قۇياش قۇمدىن قىزدۇرۇپ چىقىپ،
قۇمغا پاتار، جىمجىت بۇ قوتان،
(يازدا نۇرى چۈشسە كۆز چېقىپ،)
قىشتا دەھشەت بولار قەھرىتان.

قوي پادىسى كەتكەن بەك يىراق،
قوتاندىن ھېچ ئاڭلانماس شەپە.
قۇمنى توسقان قېرى چوڭ توغراق،
يېنىدا بار بىر مەزمۇت كەپە.

كەچ كىردى، كۈن قۇمغا قويدى باش،
كەلدى باشلاپ قويلارنى سەركە.
كەلدى ئەنە ئات مىنگەن بىر ياش،
ھەمراھ ئاڭا بۆرەئىت ئەركە.

توغراق تەكتى قاينام بىر بۇلاق
قۇمدىن چىقىپ قۇمغا سىڭىپتۇ.
قۇم، بورانغا بوي بەرمەس ئوتلاق،
ئادىمىمۇ قۇمنى يېڭىپتۇ.

مۈشكۈللۈككە قىلمىغان پەرياد،
بەكمۇ يىراق بۇ يەر رەستىدىن.
جەۋلان قىلىپ تۇرماقتا ھايات
سۇ چىققاندەك توغراق ئاستىدىن.

## يېتەر ئىنسان گۈلدەك مەنزىلگە

قالدى ئارتتا مايلىق تاشيوللار،
تۈت چاق چايقار بىزنى ئېگىز - پەس.

ئۇڭغۇل - دوڭغۇل قۇم باسقان دالا،
شوپۇرغا دەرس—يۈرمەك ئەجەب تەس،

چاڭ - توزانغا دالىنى كۆمۈپ،
گۈرۈلدەيدۇ ماتور كۈچ ئۇلاپ.
سىلكىنىمىز خىيالغا چۆمۈپ،
ماڭماقتىمىز چۆللۈكنى بويلاپ.

قۇم تونىنى كىيگەن چۆلدە بىز،
جېپتىن چۈشتۇق، يولمۇ تارايدى،
چېلىقتۇردۇق يالغۇز ئاياغ ئىز،
مېڭىۋەردۇق، ئۆپۈق قارايدى.

ئازابىمىز يېتەر يولدىكى،
كۆرۈندى بىر قاشا شىنۋاقلىق.
كۈتتۈۋالدى بىزنى چۆلدىكى
بىر چىرايلىق كەڭ ئۆي چىراغلىق.

يۈز ياشلىق بىر قويچى ئارىمىدا،
نەۋرىلىرى بىلەن جەم ئىكەن.
ھەشىمەتلىك ئۆيى ئالدىمىدا،
كۆردۈم: بۇندا نېمە كەم ئىكەن؟

تېلېۋىزور، ئۈننىالغۇ ياڭراپ،
قەلبىمىزنى سالدى زىلزىلىگە.
غەيرىتى تاغ بولسا چۆلدىمۇ
يېتەر ئىنسان گۈلدەك مەنزىلىگە.

## تەكلىماكان نېفىت دېڭىزى

دۆۋە - دۆۋە قۇملار ياقىلاپ،
چۆل قوينىغا كىردىم زەن سېلىپ.

تۆكسە كۈن نۇر كۆكتە پارقىراپ،
قۇملار ياتار قىزغۇچ رەڭ ئېلىپ.

قۇمنى توسۇپ يۇلغۇن، توغراقلار،
چۆل تەكتىدىن سۈمۈرۈپتۇ نەم،
قويغا ماكان جاڭگال – توغراقلار،
چۆلدە شۇنداق بىر گۈزەللىك جەم.

سۇ بولمىسا چۆل تەكتىدە گەر،
ئۈنمەس گىياھ قۇمنى باغاشلاپ.
سۇ، نۇر بىرلە كۆكىرىدۇ يەر
ئىنسان تۇرغاچ ئۆزىدىن بېغىشلاپ.

بۈگۈن كەلدى خۇش خەۋەر يەنە،
ھايات قايناق بۇ چۆل قوينىدا.
ۋىشكىلىرى جاي ئېلىپ ئەنە،
قەد كۆتۈرگەن قۇملار ئورنىدا،

سۇ بار دېگەن ئاددىي ساۋاتقا
قوشۇلدى گاز، نېفىت دېگىزى.
تەكلىماكان تەرەققىياتقا
ئېرىشمەكتە، ئاڭلا يەر يۈزى!

## تارىمدىن سادا

ئاسمان گۇۋاھ جىمجىت بۇ چۆلگە،
ئاڭلانمىغان ھېچبىر ئۈن – سادا.
تالاي ئەسىر ھەمراھ كۈن – تۈنگە،
ياتتى ئۇخلاپ قۇم تونلۇق ۋادا،

ئادەم ئاياغ باسمىغان بۇ چۆل
بىر سىر بولۇپ كەلگەن مۆجىزە.
سىرلىرىنى ئېچىشقا ھېچكىم
قالدۇرمىغان بىزگە ئەندىزە.

دېگىزىنى تاپتۇق نېفىتنىڭ،
يول يوق بولسا ماڭدۇق يول ئېچىپ،
كۆڭلىمىزدەك يورۇپ كەتتى چۆل،
گۈل دەۋرىمىز تۇرغاچ نۇر چېچىپ.

يوق دۇنيادا تەكلىماكاندەك
بارسا كەلمەس تىلسىمات تۇپراق.
مانا بۈگۈن لەپىلدىمەكتە
قۇم ئۈستىگە تىكلەنگەن بايراق.

ۋۇجۇدىنى تارىمغا بېرىپ،
نېفىتچىلار تۆكتى دەريا تەر.
ئاۋاتلىشىپ ئېچىمۋېتىشتىن،
ئۆز بەختىنى تاپتى ئانا يەر.

ئۈستى قۇملۇق، ئاستى نېفىتلىك
كەڭرى زېمىن ئېچىشقا ئامراق.
گۈللىنىشتىن بەردى بېشارەت
قۇم ئۈستىگە تىكلەنگەن بايراق.

**تۇرسۇن مۇھەممەتئىمىن**

# شېئىرلار

## تولۇن ئايلىق كېچە

تورغايلار ئۇخلاپ قالدى تىنچلىنىپ،
دەريالار سۇغا قوشۇپ نۇر چايقايدۇ.
قىياقتا بېزەك بولۇپ قونغان قىراۋ،
گوياكى كۈمۈش زىخچە پارقىرايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

جان بېرىپ نەمخۇش كېچە ھاۋاسىغا
ياپراقلار ئاندا - ساندا شىلدىرلايدۇ،
ئىشىمدىن ئارام تاپقان كۆزلەكلەرنىڭ،
ئۈستىدە پايە، سامان يالتىرايدۇ،
سىپاھ بوپ كۆكتە ئۈزەر ئالتۇن ئايمۇ
ئۈپۈقنى بويلاپ يۇلتۇز جىمىرلايدۇ،
سۈت رەڭگى ئېتەك يايغان كەڭرى دالا،
بۇ كېچە دىلغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

## كۆز تۈيغۇسى

تالالاردىن، نوتىلاردىن شەربەت تامدى،
باغلاردا قونۇپ قالدى كەچكى شەپەق.
ياپراقلار ئوخشاپ گويا يۇلتۇزلارغا،
كوچىنى ياساندۇردى تىللا دەرەخ.
يېپەكتەك شامالاردىن سەگىيدۇ جان،
خاماندا تاۋلىنىدۇ ئالتۇن قۇببە.
دىماغنى غىدىقلايدۇ شۋاق ھىدى،
پەلەكلەر چۈنەكلەردە پۈرمە - پۈرمە،
كۆز پەسلى كەلدى گويا زەر لىباستا،
ئانا يۇرت نۇرغا چۆمۈپ ياساندى ھەم.
نازلىنىپ ئىلھامىمنىڭ مەلىكىسى،
ئالتۇن كۆز تۈيغۇسىغا چۆمدۇم شۇدەم.

## تاغ ئويغاندى

قارىسام ئاسمان - پەلەك شۇ چوققىنىڭ،
بېشىدا ئاق لېچەكى زەپ جىلۋىدار.
ھال رەڭگە كىردى شەپەق ھۆسن تۈزەپ،
ياشىندى نۇر ئىلكىدە ساي - جىلغىلار.
ئىس-تۈتەكلەر تولغىنىپ لەرزان ئۇچۇپ،
ئارچا، قارىغاي ياپرىغىن ئۆتتى يالاپ،
ياڭرىغان كاككۇك ئۈنىدىن بايقىدىم،
بۇندىكى تاڭ شادلىقى كەتتى تاراپ.
قىيغىتار يان باغرىدا موزاي-قۇلۇن،
ساي بويىدىن قايتتى قىزچاق سۇ ئېلىپ،
ئويقۇدىن ئويغاتتى تاغنى بالىلار،
يۈگۈرۈشۈپ قاپتال ئارا چوقان سېلىپ،

## بۇلاق

ئانا يەرنىڭ مېھرى تېشىپ،
يالتىرايدۇ چەشمە بۇلاق.
مۇھەببەتنىڭ قاينىمى ئۇ،
بولدۇقلىشى تۈمەن قوشاق.
گاھى ئۇندا يار كۈلكىسى،
ۋىلىقلىغان ئۈن تارايدۇ،
گاھى ئۇندا ئوتلۇق كۆزلەر،
ھاياتقا جان بېغىشلايدۇ.
بۇلاق بېشى سالقىن ھاۋا،
قىرغاقلىرى گۈلپەسىمەن،
يېشىل مۇخلار قۇراق - قۇراق،
يەلپۈنىدۇ نازۇك چىمەن،
قۇياش ئويناپ سۇ ئىچىدە،
بۇندا نۇرلۇق قەسىر پۈتتى،
تارام - تارام ئاققان سۈنى،
كۈمۈش تارغاق تاراپ ئۆتتى،
شىلدىرلايدۇ سۈزۈك سۇلار،
پىچىرلايدۇ ئانا تۇپراق،
پىچىرلىشى سۆيگۈ سىرى،
مېھرى ئۇنىڭ پۈتمەس بۇلاق،

## ئېقىن

زۇمرەت بىلەن كۈمۈش ئويىنىتىپ،
قىرغاق سۆيۈپ كېلىدۇ ئېقىن،
قىيالارغا تىزىلغان ئۈنچە،
بۇلاقلارنىڭ كۆزدىكە يېقىن،
ئەركىلىتىپ يالپۇز شېخىنى،
دىماغلارغا ئىپار قويىدۇ،

شىلدىردىن ياشىرىدۇ جان،
گويا ئۇندا پەرى كۈلىدۇ،
گويا ئۇندا پەرى كۈلىدۇ،
كۆكتۈللەرنى ئەسىر قىلىدۇ،
تامچىلار سىرغىپ، ئۈنسىز قوشۇلۇپ،
بوستانلارغا ھايات كېلىدۇ.

## بۇلاق بېشىدا

چۈمۈچلەپ سۇ كېلىپ،
چېلىكىنى توشقۇزدى قىزچاق،
تۇردى بىر پەس بۇلاققا قاراپ،
بۇلاقتىكى كۆزلىرى شۇنچىلىك ئويناق.
تىنىچلاندى سۇ يۈزى،
قىز ئەكسى كۆرۈندى ئۇندا شۇنچە ئوماق.
بىلمىدىم،
قاياقتىن كەلدى بىر بەگباش...
تاش ئاتتى بۇلاققا
داۋالغۇدى سۇ يۈزى بىۋاق.
ھەي ئېست!
بىر گۈزەل سىيمانى يۇتۇۋەتتى بۇلاق!

ھەبىبۇللا رەجەپ

## كۆز كەيپى

بۆلىدى زەر چۈشەككە مەلىمىزنى،
ئالتۇن كۆز چاچقا چېچىپ ئۆتۈپ ئەنە،
ئۇرغۇدى يۈرتداشلىرىم يۈرىكىدىن،
قوشىقى يېڭى مەزمۇن پۈتۈپ يەنە،
بەرىكەت قۇشى قوندى ئۆيىمۇ ئۆيگە،
ئاققان تەر ئامەت بېرىپ دېھقانلارغا.
يوقلىدىم ئۇرۇق – تۇغقان دوست- يارەننى،
چۈمۈلۈپ خاسىيەتلىك ئىلھاملارغا.
چاقچاقلار—سۆزنى سۆزگە ئۇلاپ تۇردى،
جۇشقۇن بىر سۇرۇن تۈزدۇق خامانلاردا.
سۆھبەتلەر قىزىپ كەتتى بارغان يەردە —
پېشايۋان، دوقمۇشلاردا، باراڭلاردا.
ھەر ئۆيدە بىر خىل شادلىق تۇيغۇسى بار،
ئۆزگىچە بىر – بىردىن پەيزى ئۇنىڭ.
سۆيۈندۈم بۇندا بولغان ئۆزگىرىشتىن،
مەست قىلغاچ ۋۇجۇدۇمنى كەيپى ئۇنىڭ،

# ئىككى شېئىر

## ئورمانلار

سەن يىلتىز تارتتىڭمىكىن يۈرىكىمگە،
سەن بىلەن سۆيگۈم ھامان گىرەلىشەر.
قەدرى زەر شاخلىرىڭنى يىرالماي-مەن،
دالىلار سېنىڭ بىلەن گۈزەللىشەر.

ئىزگۈلۈك تۇغۇلىدۇ سېنىڭ بىلەن،
قۇچىقىڭ ماكانىدۇر مۇھەببەتنىڭ.
يېقىملىق شىلدىرلىشى ياپىرىقىڭنىڭ،
خۇش ناۋا مۇقامىدۇر تەبىئەتنىڭ.

تاپىدۇ ئۆز قەدرىنى باھار سەندىن،
تۇغۇلار سەندىن يەنە ئابى ھاۋا.
قۇت تېپىپ قۇچىقىڭدا كۈيچى قۇشلار،
شائىرلار تىللى بىلەن قىلار ناۋا.

يانىدۇ شاخلىرىڭدا يېڭى ھايات،
يىلتىزىڭ قەيسەرلىكنى قىلار بايان.
سەن يېشىل قاناتلىرى تەبىئەتنىڭ،
تاتلىق ھېس ئېمەر قەلبىم سەندىن ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قۇچاقلىدىم باھارنى قىنىپ

كۆزلىرىمگە نۇر بەرگەن قۇياش،
قۇچىقىڭغا پۈركىگەن مەرمەر.
يامراپ كەتتى دىلدا ھاياجان،
سۆيگۈ يۇرتى سەندىن ئانا يەر.

تورغايلارنى سايراتقان تاڭلار،
ماڭا ھەر كۈن قىلىدۇ سالام.
يەر بېرىدۇ تەنگە ھارارەت،
سۈت بەرگەندەك گويا جان ئانام.

تاغ تەرەپتىن ئەسكەن شاماللار
ئېتىمىز ـ قىرنىڭ ھالىنى سۆزلەر.

ئېچىپ كۆكلەم نۇرىنى باغلار
يېشىللىقىنىڭ ۋەسلىنى كۆزلەر.

كۈمۈش رەڭدە گۈللىگەن ئۆرۈك
چاڭقىتىدۇ ئىپاردەك پۇراق.
زۇمرەت ئىگىن كىيگەن بۇ كۆكلەم
چىراي ئاچقان پەرىزات سىياق.

باھار بىلەن ئارمىنىمىڭ زېمىن
يۈرىكىمگە كېلەر قول سىلىپ.
ئىزگۈ ھېستەك ئوتلۇق قوينۇڭدا
قۇچاقلىدىم باھارنى قىنىپ.

مۇسا ئەھەد

## بۇ ــ سايرام

نېمە ئۇ، ئۇپۇققا تۇرغان قول سوزۇپ،
بەرقۇتتەك چىمەنزار زەڭگەر تۆشەكتە.
كۆتۈپ يا قۇياشتىن يىتكەن بەختىنى،
پەرىمۇ كۆز يېشى تۇرغان قويۇلۇپ...
بىر باقساڭ بۇ دالا، بۇ گۈل زېمىننىڭ
باغرىغا قويۇلغان ئالماس رەڭلىك جام،
كۆكۈچ ئۇچقۇنلاردا تۇرغان نۇرلىنىپ،
قۇياشنىڭ زىياسى كۆلگەن ئەكسىدە.
بىر باقساڭ زۇمرەتتەك كۆكنىڭ پارچىسى
ئەڭ نەپىس ئىشلەنگەن كۈمۈش مېدال بوپ
تۇرغاندەك چاراقلاپ زېمىن كۆكسىدە.
بىر باقساڭ ئىلاھىي نۇرلار ئىچرە شاد،
بىر ئانا قولىدا مېھرى گۈللىرى،
كۆزدىدە چىرايلىق تاڭنىڭ شولىسى.
ئۇزاق بىر سەپەردىن قايتقان ئوغلىغا
باققاندەك ئىپتىخار، ئۈمىد كۆزدىدە.
بىر باقساڭ سېزىسەن ئۆزۈڭنى گويا
ئەقلىنى لال ئەتكەن تۇمەن پەرىزات
ئاۋاسى ياڭرىغان ئالتۇن قەسىردە.
بۇ سايرام، زۇمرەت كۆل، تەرىپى داستان
يۇرتۇمنىڭ تۇزسىمان چىرايلىق كۆركى.
سەن قاراپ تۇرغاندا قىرغاق لېۋىدە
ئىپتىخار تاشقىنى چاپچىپ تومۇردا،
يۈكسەك بىر مۇھەببەت، شېئىرىي ھاياجان
تەپتىدە سىمابتەك ئېرىپ تەنلىرىڭ،
دۇنياغا كېلىدۇ يېڭى قەسىدە!

قەيسەر مەجىت

# مەڭگۈلۈك ياشلىق



(ئەدەبىي ئاخبارەت)

«ئادەم ئۇ ئاخىرى بىر ئوچۇم تۇپراق،
كەتتىمۇ، كەلمەيدۇ ئەبەدىي بىراق.
شۇ ئوچۇم تۇپراقتىن ئۈنەر قىزىلگۈل
ۋە ياكى شۇمبۇيا ۋە ياكى يانتاق.»

سەيپىدىن ئەزىزى

شۇنداق، تەبىئەتتىن يارالغان ئىنسان ئاخىرى تەبىئەت قوينىغا بىر ئوچۇم تۇپراق بولۇپ قايتىدۇ. بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ تۇپراق قانچىلىغان ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغاندۇر ـ ھە؟!

ئادەملەر ئۆز ھاياتىدا بوۋاقلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك جەريانلارنى ھەم شۇنىڭغا ماس پىسخىك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ھايات شۇنداق يولكى، ئادەم مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بۇ يولدا شەرتسىز ماڭىدۇ. ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھاياتلىقنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى ياراتقان.

ھايات يولىنىڭ ھەر بىر باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىق بېكىتى بولىدۇ، ئادەم بۇ بېكەتتىن يولغا چىقىپ، ئۇ بېكەتكە يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئىگە بولىدىغىنى ۋە ئېلىپ بارىدىغىنى ھايات يولىنى قانداق بېسىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، خالاس.

ياشلىق ـــ ھايات يولىدىكى ئەڭ قايناق، ئەڭ گۈزەل ۋە ئۆگىنىش پۇرسىتى ئەڭ كۆپ بولىدىغان بېكەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ياشلىقنى قەدىرلەپ، ئۆز ھاياتىنى ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئادەمنىڭ كەلگۈسىدىن ئۇلۇغۋارلىقنىڭ سىيماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى، قەدىرلەنگەن ياشلىق مەڭگۈلۈك ياشلىقتۇر.

1

ئەنگلىيە ئىقتىسادشۇناسى ۋىلىيام. پېتتى بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئەمگەكنىڭ قىممەت يارىتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ھاياتىغىمۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۆلچەم بويىچە قىممەت بەلگىلەيدۇ، بۇ قىممەت كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىگە بېرىلىدۇ. ئۆز قىممىتىنى تاپالىغان ئادەم ئۈچۈن ئىستىقبالىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق، ئەمما بۇ خىل تالانت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋە ئىقتىدار شەخسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن كېلىدۇ. دەۋرىمىزدىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوچۇن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش — جەمئىيەتتە ياشاش ئۈچۈن دەستەككە ئىگە بولۇش ئەمەس، بەلكى زۆرۈرىيەت.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوقتىلىق ئالىي مەكتەپ. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، ئىنتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا خېلى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ھەقىقىي ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ بىر خىل يولى.

ئاق دالا.

بىر ياش بايىلا توختىغان قار ئۈستىدە ئىز قالدۇرۇپ خىيال بىلەن كېلىۋەتكەن. بۇ خىيال ياشلىقتىكى ئاللىقانداق تۇيغۇلارنىڭ چوڭ مىكىنى تەنھا يۈرەك ناخشىسى بىلەن مەست قىلىشىدىن تۇغۇلغان خىيال ئەمەس بەلكى ياشلىقنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدىكى ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇر ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ چوقۇم ئالىمىش كېرەك! ئۇنىڭغا بەدىنىدىكى ھەر بىر ھۆجەيرە ئەنە شۇنداق سادا چىقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ يەنە خىيالغا كەتتى.

مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا «ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئۇنىڭغا مەملىكىتىمىزدىكى 15 مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت كىرگۈزۈلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ داشۆ يوق ...

مانا مەكتەپنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ياڭراۋاتقان بىمەنە كۈلكىلەر، ئورۇنسىز جېدەل - ماجىرالار، ناپاك ھېسسىيات ئالدىدا خارلانغان ئەخلاق...

شۇنداق، ئۇ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەن بىر نەچچە ئاي ئىچىدە مەكتەپنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، تۇرمۇش ئۇنى ئازاپلىدى ھەم ئۇنىڭغا تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەتتى، ئۇ كۆزىتىش جەريانىدا بىر قىسىم ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شېرىن مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ بەزى مىللىي ئوقۇغۇچىلاردا يۆلىنىۋېلىشتەك پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى، ھورۇنلۇق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ ئېغىرلىقىنى، بۇ خىل تۆۋەن تەلەپ ۋە تۆۋەن ئۆلچەمگە ئادەتلىنىشنىڭ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئويلاندى، تەپەككۇر قىلدى، ئاخىرى مۇنداق تونۇشقا كەلدى: ھازىر بىز ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېتىبار بېرىش زۆرۈر، لېكىن بىز ئېتىبار بېرىشكە يۆلىنىۋالماسلىقىمىز، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى تىرىشىپ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى قەدىرلەش ۋە جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىش ھەمدە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىككىنچى ئوقۇش يىلىنىڭ بېشىدىلا پاكولتېت رەھبەرلىكىگە ئەسلىدىكى 87 -

يىلىلىق 2 ــ سىنىپتىن (مىللىي سىنىپ) 87 ــ يىلىلىق 1 ــ سىنىپقا (خەنزۇ سىنىپ) ئالمىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەيران قالدى، چۈنكى — ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئويغۇرچە ئوقۇغان، خەنزۇچىنى ياخشى بىلمەيتتى. شۇڭا بەزىلەر ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى، بەزىلەر سىنىپ ئالماشساڭ خەنزۇ ساۋاقداشلارغا يېتىشەلمەيسەن، دەپ نەسىھەت قىلىشتى.

لېكىن ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۆزدىكە بولغان ئىشەنچ ئادەمگە جەسۇرلۇق بېغىشلايدۇ.

پاكۇلتېت رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە ئىرادىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

گەرچە ئۇ ئوقۇۋاتقان تەبىئىي پەننىڭ تۈرلىرى كۆپ، دەرسلەر ئېغىر بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپكە يۈكسەك ئارزۇ-ئارمان بىلەن كەلگەن بۇ تىرىشچان ياش تۈنجى ئوقۇش يىلىدىلا قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسىنى ئاساسى جەھەتتىن ئىگىلىۋالدى. مانا ئەمدى سىنىپ ئۆزگەردى، دېمەك مۇھىت ئۆزگەردى، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشالمىسا، چوقۇم شاللىنىپ كېتىدۇ، ئۇ بۇلارنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۆزدە يۈكسەك ۋاقىت ۋە ئۈنۈم كۆز قارىشىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇ خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، خەنزۇ تىلىدا كەسپىي دەرسلەرنى ئاڭلاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىللە خەنزۇ ساۋاقداشلار بىلەن تەڭ سەۋىيىدە مېڭىش ئۈچۈن ئېنگلىز تىلىنىمۇ ياخشى ئىگىلەش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. بىر نەرسىنى ھېس قىلىش ياكى بايقاش بىر مەسىلە، ئەمما مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قانداق تەدبىر قوللىنىش تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە. ئۆزدىكە بولغان ئىشەنچ، كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئارزۇ-ئارمان ئۇنىڭغا سىنىپ ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلدۇرغان جەسۇرلۇق بەخش ئەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى بۇ خىل جەسۇرلۇق ئۇنىڭ چىدامىلىق، بېرىلىپ ئۆگىنىش، يۈكسەك ۋاقىت ۋە ئۈنۈم كۆز قارىشى بىرلەشكەن ھەرىكىتىنى تاللىشىغا تۈرتكە بولدى.

غايە نۇرغۇنلىغان مەقسەت پەللىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇ قەتئىي نىيەت بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. باشقىلار ئۇخلىغاندا، ئايدىڭ كېچىدە سۆيگۈ كوچىلىرىدا لەيلەپ يۈرگەندە، ئۇ ئۆگەندى. ھەركۈنى سەھەر بەش يېرىمدا تۇرۇپ، 11 يېرىمدا يېتىشنى ئادەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھېچقانداق مۇناسىۋەت زەنجىرى بىلەن باغلىنىپ قالمىدى. ئۆزىنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ئىنتىلگەن ئادەم جەسۇر، ئۇزۇل-كېسىل بولۇشى كېرەك، مانا بۇلار ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرۈلۈپ تۇردى. 87 ــ يىلىلىق 2 ــ سىنىپتىن 87 ــ يىلىلىق 1 ــ سىنىپقىچە بولغان ئارىلىق گەرچە بىر نەچچە قەدەملا بولسىمۇ، لېكىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈشكە قەيسەر ۋە مۇستەھكەم ئىرادە كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوخشىمىغان نۇقتىدىكى يۈگۈرۈش پەللىلىرىدىن چىققان بولسىمۇ، ئەمما جاپاغا چىداپ تىرىشىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆگەنسىلا ئۇلارغا يېتىشىپ، ھەتتا ئېشىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ يولدا ئۇ ۋاقىتنى تىزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىش ئۈنۈمىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى، ھەمدە قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قاتتىق ئولتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىرلىكتە تەن ساغلاملىقىنى، بولۇپمۇ روھى ساغلاملىقىنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە چېنىقىش بىلەن بىرلىكتە زېھنىنى ئېچىش گۇمپىسىنى مەشىق قىلدى. مەن ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى «ئاجايىپ ھايات»① بىئوگرافىيىسىدىكى رۇسىيىلىك ھاشاراتشۇناس ئالىم ليۇبىشېۋنىڭ ھايات يولىنى قايتا بېسىۋاتقان ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن بىر بەت كۆرۈپ باقايلى.

«1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۈشەنبە. ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا ئورنىمدىن تۇردۇم، بەش يېرىمدىن 6 گىچە بەدەن چېنىقتۇردۇم، 6 دىن 7 دىن يىگىرمىگىچە ئېنگلىزچە خام سۆز يادلىدىم. 7 دىن يىگىرمىدىن 8 گىچە تاماق يەپ، دەرسكە تەييارلىق قىلدىم. 8 دىن 12 گىچە دەرسكە قاتناشتىم. 12 يېرىمدىن 2 گىچە «سېنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭ» نى ئوقۇدۇم. 2 يېرىمدىن 4 يېرىمغىچە تەجرىبىخانىدا تەجرىبە ئىشلىدىم. 4 يېرىمدىن 5 كىچە كەچلىك تاماق يېدىم. 5 تىن 6 يېرىمغىچە ئىرسىيەت ئىلمى دەرسىنى ئۆگەندىم. 6 دىن قىرىقتىن 7 دىن ئەللىككىچە تاپشۇرۇق ئىشلىدىم. 8 دىن 9 يېرىمغىچە ئېنگلىزچە كىتاب ئوقۇدۇم. 9 دىن قىرىقتىن 10 دىن قىرىققىچە «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى يارىتىش» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم. 10 دىن قىرىق بەشتىن 11 دىن ئوتتۇز بەشكىچە زېھنىنى ئېچىش مەشىقى قىلدىم.»

ئۇ ۋاقىتنى مانا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ باردى. باشقىلار تۆت كۆز بىلەن كۈتىدىغان تەتىل، دەم ئېلىش، بايرام كۈنلىرىدىمۇ ئۇ ئۆز پىلانى بويىچە ئىش قىلدى. 1989 - يىلى قىشلىق تەتىلدە باشقىلار ئۆيىگە قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇشاللىقتا چۆمگەندە ئۇ مەكتەپنىڭ چېتىدىكى سىنىپىدا 10 نەچچە ئورۇندۇقنى بىرلەشتۈرۈپ «كارىۋات» قىلىپ، شۇ يەردە يېتىپ قوپۇپ، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى. يازلىق تەتىلدىمۇ باشقىلاردىن 20 كۈن بالدۇر قايتىپ كېلىپ ئۆگەندى. ئۇ فاكۇلتېت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەندىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالماي 13 سائەتلىك ئۆگىنىش پىلانىنى ئىجرا قىلدى.

ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىممەت ياراتماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ قان- تەرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل جاسارىتى ۋە يۈكسەك تىرىشچانلىقى ئاخىرى ئۈنۈم بەردى.

① «ئاجايىپ ھايات» سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى دانىئىل ئالىكساندىروۋىچ گىرانىننىڭ رومانى. ئۇنىڭدا ھاشارەتشۇناس ليۇبىشېۋنىڭ ئىلمىي - پەن يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

سىنىپ ئالماشقان بىرىنچى يىلىلا ئۇ 2- دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى 2- مەۋسۇمدە دۆلەت-لىك ئېنگلىز تىلى 4- يىللىقلار ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، سىنىپىدىكى ساۋاقداشلارنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتى- جىلىرى بىلەن فاكۇلتېت بويىچە مۇنەۋ- ۋەر ئوقۇغۇچى ۋە مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى بولۇپ باھالاندى.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆ- ڭۈل، دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان مۇلايىم پەزىلىتى بىلەن خەنزۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ۋە ئۆگىنىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى، ئۇمۇ خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىگە ياردەم بەردى. سەمىمىي يار- دەم ۋە ئىشەنچ ئۇلارنىڭ قەلبىنى يېقىن- لاشتۇردى. 1988- يىلى 10- دېكابىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇلماس كۈن بولدى، 87- يىللىق 2- سىنىپ بىلەن 87- يىللىق 1- سىنىپ بىرلىكتە كەچلىك يې- غىلىش قىلىپ، ئۇنىڭ 19 ياشقا تولغان- لىقىنى خاتىرىلىدى. ئۇلار بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىپ، ئاخىرىدا خاتىرە بۇيۇم ئالماشتۇ- رۇشۇپ «دوستلۇق سىنىپى» قۇردى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى، قەلبى يايراپ، بىر خىل يىللىقلىقبىلەن تولدى... مەن ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى بىلەن سۆھ- بەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: بىز ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە، ئېگىلمەي- سۇنماي تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان روھىغا قايىلمىز، ئۇ بۇ جەھەتتە بىز ھازىرغىچە كۆرگەن ھەر قانداق ساۋاقداشلاردىن ئېش- شىپ چۈشىدۇ.

مانا بۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى. قىممەتلىك نەرسىلەر ھامان كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بو- لىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتىنىڭ خەنزۇچە ساندا ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە ساندا ئېلان قىلىنغان «ئاقلانە تالالاش» ماۋزۇلۇق ماقالە بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئايشەم ئىمىن يازغان «دەۋرنىڭ تەلپىگە ماسلىشىش» دېگەن ماقالىدىمۇ ئۇنىڭ ئىش- ئىزلىرى تەشۋىق قىلىندى، مەدھىيىلەندى.

## 2

يۇقىرىدا ئۇنىڭ شۆھرەتكە بېرىلى- مەيدىغان كەمتەر پەزىلىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئىسمىنى كىتابخانلارغا ئاش- كارىلاش زۆرۈر. ئۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې- تى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى 87- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى نىجات ئىمىن بولىدۇ.

نىجات 1969- يىلى 10- دېكابىردا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەدىمىي شەھەر قەشقەردە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. «كىچىك بالا گۆھەرگە ئوخشاش ئاپئاق، مومىياغا ئوخشاش يۇم- شاق، ئۇنى قايسى شەكىلگە كەلتۈرمەن دېسە كەلتۈرگىلى بولىدۇ». راست، بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىدا تەربىيىنىڭ رولى، بولۇپمۇ ئائىلە تەربىيە- سىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ، شۇنداقلا بىر ئادەمنىڭ يارىلىشى، ئىختىساسلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەم بولۇپ چىقىش - چىقماسلىقى ئۇ
ياشىغان مۇھىت ۋە شارائىت بىلەنمۇ زىچ
مۇناسىۋەتلىك. ھەر قانداق ئاتا-ئانا ئۆز
پەرزەنتىنىڭ بەختلىك، پەزىلەتلىك، يا-
راملىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى
ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئارزۇ بىر بىر
سۇبيېكتىپلىقتا ئىكەن، ئۇنى ئوبيېكتىپ
جەھەتتىكى توغرا تەربىيىلەش بىلەن بىر-
لەشتۈرمىگەندە، ئۇنىڭ نەتىجىلىك بولۇپ
چىقىشى ناتايىن. نىجاتنىڭ بىلىمگە ئىنت-
ىلىشى، تىرىشچانلىقى ئۇنىڭ ئاتا - ئانى-
سىنىڭ تەربىيىسىدىن باشلانغان.

نىجاتنىڭ دادىسى ئىمىنجان ئاكا
قەشقەر شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ مۇدىرى، سابىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇ-
چىسى. ئاپىسى بۇزورا ئاچا قەشقەر شەھەر-
لىك 3 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇ-
چىسى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋ-
ۋەر مائارىپچىلارنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ چوڭ
قىزى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى
پۈتتۈرۈپ مائارىپچىلار سېپىگە قېتىلدى.
ئىككىنچى قىزى شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنس-
تىتۇتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى.

دېمەك، بۇ ئائىلە ئەنە شۇنداق نۇ-
رانە ئائىلە. ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان
مۇھەببىتى پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە نۇر
بولۇپ سىڭگەن، بۇ نۇر ئۇلارنى داۋاملىق
ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە.

زىددىيەت جانلىقلاردىن تارتىپ
ئىجتىمائىيەتكىچە سىڭگەن. ھەر بىر ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا نىسبەتەن ئىپتىقاندا
مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئال-
دىغا تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن
ئوقۇش ۋە ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇشتىن

ئىبارەت ئىككى خىل يولنى تاللاش مە-
سىلىسى قويۇلىدۇ. قايسى يولنى تاللاش-
ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. مەكتەپ جەم-
ئىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ئۇمۇ
ئۆزىگە خاس زىددىيەتكە تولغان، ئوخشاش
مۇھىتتا كىشىلىك ھاياتقا بولغان كۆز قا-
رىشى ھەرخىل ئادەملەر بىللە ياشايدۇ،
ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلى مۇناسىۋەت
قىلىشىدۇ.

نىجات بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز
مەقسىتى ئۈچۈن تىرىشتى. لېكىن ئۇ رو-
بىنزون كروزو ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت-
تىكى ئادەم ئىدى. ئۇيۇتكۇل ئالىي مەك-
تەپ ھاياتىنى مەكتەپ ئىچىدىلا ئۆتكۈز-
دى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ باسقان يولى تۈز
سىزىق بويىچە بولغىنى يوق، بەلكى ئۇ
ئۆگىنىشتە، تۇرمۇشتا ئاز بولمىغان قىيىن-
چىلىقلارغا، زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلدى.
لېكىن ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا بوشىشىپ
قالمىدى. ھەمىشە ئۈمىدۋار بولۇپ، زىد-
دىيەتلىك مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن
بىرتەرەپ قىلدى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى پىس-
خىك تۇسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويمىدى.

ياشلىق — ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى
ئەڭ گۈزەل پەسىل. بەزى كىشىلەرنىڭ
نەزەرىدە ئۇ مۇھەببەت پەسلى. شۇنداق،
بەزى چاغلاردا ياشلىق ئادەمنى خۇددى
مەلۇم بىرى ئۈچۈن ياشايدىغاندەك تۇي-
غۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن بۇ قان-
داقتۇر فىروئىدچىلار ئېيتقاندەك «ئىن-
سان ماھىيىتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاشكارى-
لىشى» ئەمەس! بىر ياش ئۈچۈن ئېيتقان-
دا، بۇ مەسىلىگە ئەتراپلىق، چوڭقۇر،
توغرا قاراش ۋە توغرا تاللاش بولمايدى-
كەن، ئۇ ھالدا بۇ كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ

بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ياشلىق ھېسسىيات بىلەن ئەقىل ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىدىغان دەۋر. ئەقىل بويىچە ئىش قىلىش كېرەكمۇ ياكى ھېسسىيات بويىچىمۇ؟ بۇ ھەر كىمنىڭ تاللىشىغا باغلىق.

نىجات بۇ مەسىلىدە ئۈزۈل-كېسىل پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا پىسەنت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ مۇۋاپىق پەيتتە، مۇۋاپىق ئىشنى قىلىش كېرەك، مېنىڭمۇ ھاياتتا ئۆزۈمگە چۇشلۇق مەقسىتىم بار، مەن ئۆزۈم كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمىگىچە، زۆرۈر بولمىغان مەسىلىلەرنى ئويلاشمايمەن دەپ نىيەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتتى.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋال يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن بىرلەمچى ئېھتىياجنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قاندۇرۇپ، باشقا پىسخىك ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ئويلاشقىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئېھتىياجنىڭ دەرىجىسى يەنىلا ئادەمنىڭ سۇبيېكتىغا باغلىق. بۇ جەھەتتە ئاتا-ئانىسى ئۇنى ياخشى ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىيەلىسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇلارنى رەت قىلدى. چۈنكى ئۇ مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەنمەكچى ئىدى ھەم شۇنداق قىلدى.

ئابروي-شۆھرەت قوغلىشىش ئادەمدە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزىدۇ، ھەتتا كىشىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ھاياتتىن بىزار قىلىدۇ. ئەكسىچە، ھېچقانداق ئابروي تەمە قىلمايدىغان كىشىلەر ھاياتنى نىسبەتەن خۇشال ئۆتكۈزەلەيدۇ. نىجات ئابروي-شۆھرەت قوغلاشمىدى، باشقىلار ئىنتىلىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە زىت بولغان نەرسىلەرگە ئۇ ئىنتىلمىدى، پىسەنت قىلمىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇ ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارنىڭ نەزەرىدە قالتىس ئادەمگە ئايلاندى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قىلچىمۇ مەغرۇرلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۆزىگە بولغان تەلەپنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇ باشقىلاردەك «بۇرادەرچىلىك»سېپىگە قېتىلمىدى، ئويۇن-تاماشاغا قەتئىي بېرىلمىدى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى باشقىلارنىڭ ئۇنى «ساراڭ بوپتۇ»، «ئادىشىپتۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئەيىبلىشىگە سەۋەبچى بولدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا «نەسىھەت» قىلىپ: ياشلىقىڭدا ئوينىۋال، قېرىغاندا ئەسلىگۈدەك بىر نەرسە قالسۇن، دېسە، يەنە بەزىلەر كۆيۈنۈپ: ئازراق ئۆگەن، ساراڭ بولۇپ قالىسەن، دېيىشتى، لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا جاۋاب بەردى، ھەتتا بەزىلەر قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى، ئۇنى ھاقارەتلىدى. مەن بۇ يەردە كىتابخانلارغا مۇنداق ئىككى تەپسىلاتنى سۆزلەپ بېرەي.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوغۇللار 1-ئاشخانىسى، بىر توپ بالا جوزىنى چۆرىدەپ تاماق يەۋاتاتتى، ئارىدىن بىرەيلەن نىجاتنىڭ سوما يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— نىجات، چالما غاجىلاۋاتامسەن؟ — دېدى ھىجىيىپ.

بالىلار كۈلۈپ كېتىشتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھەئە، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

مەلۇم ئوغۇللار ياتتى. بىر قانچە ئوقۇغۇچى نىجاتقا تۇشمۇ تۇشتىن گەپ ياغدۇرۇۋەتتى:

— نىجات، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە. ئۇرۇنۇشلىرىڭ بەربىر بىكار بولۇپ چىقىدۇ، يەنىلا بىزدەك ياشايسەن. ئوينىساڭمۇ شۇ، ئۆگەنسەڭمۇ شۇ...

— نىجات، سەندە ھېسسىيات دېگەن نەرسە بارمۇ؟ ئۇنداق قىلما، ئوينا، كۈل، تانسا ئۆگەن، قىزلار بىلەن ئارىلاش.

— بىلىپ قوي، ھاياتنىڭ قىممىتى لەززەت ئېلىشتا. ئاھ، ياشلىقتىكى لەززەتكە نېمە يەتسۇن!

— گەپ قىل دەيمەن، جىم تۇرۇۋالماي...

ئۇ بۇلارغا نە قاپىقىنى تۈرمىدى، نە كۈلمىدى. ئۇنىڭ ۋىجدانى قاتتىق ئازابلاندى، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ غۇرۇرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭمۇ غۇرۇرىغا ھاقارەت كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بۇلارغا گەپ قىلىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، گەپ قىلمايلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ياتاقتا تېتىقسىز كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدىكى قوش كېزەكلەر، دەرەخ لىڭشىمايمەن دېسىمۇ، شامال لىڭشىتىدۇ، ئادەملەر تىنچ، خۇشال-خۇرام ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما قۇرتسىمان ئادەملەر ھەدەپ كىشىلەرنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ، باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ ئازابلىنىشىنىڭ بىر سەۋەبى. بۇنداق ئازاب كۆپەيگەنسېرى، ئۇ ئادەمدە جەمئىيەتكە سوغ كۆز بىلەن قارايدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نىجاتنىڭ تۇرمۇشىدا قۇرتسىمان ئادەملەر ئۇچرىمىدى ئەمەس، ئۇچرىدى، لېكىن ئۇ بۇلارغا پىسەنت قىلمىدى.

ئادەملەرنى توغرا چۈشىنىش كېرەك، — دەيدۇ ئۇ، — ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، مىجەز خۇلقى، ھەۋىسى ئوخشىمايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزى بىر كۆلگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا مۇخلارمۇ، زامبۇرۇغلارمۇ، پاقىمۇ، قۇمۇچاقمۇ، بېلىقلارمۇ... ئىشقىلىپ ھەرخىل جانلىقلار ياشايدۇ، ھەرقايسىسى مۇشۇ شارائىتتا ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۈرىدۇ. بەزىلەرنىڭ كىشىلەرگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇڭا ئۇلاردىن ئاغرىنىش ھاجەتسىز.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى يەنە مۇنداق يىغىنچاقلىدى:

«ئومۇمەن، بىلىم ئېلىش يولىدا ئوقۇشتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ مەكتەپ ھاياتىمدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئاساسى بولمىغان تەرىپى. مەن بۇ زىددىيەتلەرنى ئۆز روھىمغا ئارتۇقچە يۈك قىلىۋېلىشنى خالىمايمەن، بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن دىققەتنى بۆلۈش ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق. ئۇ ھېچقانداق بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، بەلكى خاراكتېر جەھەتتىن ئادەمنى گۇمانخور، خۇدۈكسىرەيدىغان قىلىپ، باشقىلارنىڭ مەنىۋى قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئادەمگە غايەت زور روھىي بېسىم

ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەمەلىي قىممىتى بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇش كېرەك. خۇددى دالى كارنېگ① ئېيتقاندەك، «تەنھا بۈگۈن ئىچىدە ياشاش» بۈگۈننى قەدىرلەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەتىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىغىلى ۋە گۈزەل ئىستىقبال ياراتقىلى بولىدۇ.

نىجات 1991- يىلى 6- ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى ھەمدە دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو- خىمىيە پەنلىرى بويىچە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. مانا بۇ جاپالىق ئەمگەكنىڭ شېرىن مېۋىسى. مانا بۇ تىرىشچانلىقنىڭ قىممەتلىك روھ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئۇ بۇلار بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى، بەلكى بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

«جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەيدۇ كونىلار. نىجات كەلگۈسى ئۈچۈن بۈگۈننى بەدەل بېرىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

بۇلارنى يېزىۋېتىپ، كۆزۈمنى خۇددى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قوبۇلىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۇزۇرىدا بولغاندەك ھېس قىلدىم. خۇددى ئامانىسا خېنىم 12 مۇقامنى ئۆزى ئورۇنداپ بېرىۋاتقاندەك ھاياجانلىق تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم. مەن قەلىمىمنى قويۇپ سىرتقا چىقىپ كۆككە تىكىلدىم:

— ئەي ئۇلۇغ ئانا! ھەرقانداق دەبدەبىلىك قۇرۇق سۆزلەر ساڭا بولغان ۋاپادارلىقىنىڭ، سېنى سۆيگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. پەرزەنتلىرىڭگە ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭنى بىلدۈر! ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى سۆيۈشنى، قەدىرلەشنى بىلسۇن. ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى سۆيۈشى سېنى سۆيگەنگە ھېساب، شۇنداق ئەمەسمۇ ئانا؟! ئۇلارغا كۈچ بەر، مۇھەممىسى مەرىپەتكە، يۈكسەكلىك، بۈيۈكلۈككە ئىنتىلىدىغان روھ ئاتا قىل! مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان نىجاتلىرىڭنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىل!


كۆزۈمنى يۇمدۇم، ۋۇجۇدۇمنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى، روھىيىتىمدە شېئىردىي تەپەككۇرنىڭ قاناتلىنىپ، پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم:

ياشلىق-ياشلىق سەن بىز ئۈچۈن قىممەتلىك،
بار قىممىتىڭ پەقەت ئىجاد - مېھنەتتە.
ياشاش كېرەك، ھارماي-تالماي تىرىشىپ،
تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن ۋەتەن، مىللەتكە!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

① دالى كارنېگ — ئامېرىكا چوڭلار مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلار ۋە ئارتۇقچىلىقلار» ناتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

www.uyghurkitap.com




سۇلتان ھاشىم

يىگىت ئېڭىردى، بۇ ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئۈچ-تۆت كۈندىن بېرى ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ چىقارغان ئاۋازى ئىدى. كاردىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە يانداپ قويۇلغان ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرغان قىز ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان روھىي ئازاب ۋە جىسمانىي ھارغىنلىق كۈچىنى كۆرسەتتى. قىز ئۆزىنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇدۇل تامغا تارتىلغان گۈللۈك گىلەمگە ئىككى سېكۇنتچە قادىلىپ قالدى، كېيىن ئاپئاق قوللىرى بىلەن يۈزىنى سىيلاپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئېڭىراشنىڭ كاردىۋات تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى سەزگەن قىزنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، ئەمما سارغىيىپ قالغان سولغۇن چىرايىنى شادلىقتىن پەيدا بولغان بىر نۇر يورۇتۇپ ئۆتتى. قىز ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كاردىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردىدە، ھال رەڭ كۆڭلەكنى چىپپىدە كەلگەن نازۇك بېلىنى يېرىم تولغاپ، يىگىتكە ئېگىشتى. يىگىت يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بىلىنەر-بىلىنمەس نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. قىز ئۇنىڭغا يۈزىنى يېقىنلاشتۇردى، يۈزىنى سۇسقىنا سىيپاپ ئۆتكەن ئىسسىق نەپەس ئۇنىڭ روھىغا بىر ئاز تېتىكلىك بەخش ئەتتى. قىز، ئۇ ياشايدۇ دەپ پىچىرلىدى. شۇئان ئۇنىڭ چولپان كۆزلىرى ياشقا تولدى، كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياش قويۇق كىرپىكلەرنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ، يىگىتنىڭ يۈزىگە تامچىلىدى. رېئاللىق رەھىمسىز ئىدى. كۆز ياشلار يىگىتكە تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئاجىز ئېڭىراشلىرىمۇ توختاپ قالدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن قىز ۋەھىمە ئىچىدە گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، يىگىتنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

ئۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى. سەۋەبى ئېنىق بولمىغان كېسەل ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالىنى قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن يىگىتنىڭ چىرايىدا ئېغىر كېسەل تارتقان ئادەملەردە بولىدىغان تاتىراڭغۇلۇق كۆرۈنمەيتتى. ساقال-بۇرۇتىمۇ ھېلىلا قىرىلغاندەك پاكىز بولۇپ، يۈزىدىن كەتمىگەن قىزىللىق ئىچىدە كۆكىرىپ تۇراتتى. قىزنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە چەككەن قايغۇ-ھەسرەتلىرى تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن تۇيغۇسى تۇيۇقسىز ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى.

قولنى ئىختىيارسىز سوزۇپ، تىرناقلىرى قىزىل بويالغان بارماقلىرىنى يىگىتنىڭ يۈزىگە تەگكۈزدى، بارماقلىرىغا يېرىسىك ساقال ئۇرۇلمىدى، بۇ جەلپكار يۈز ھېلىمۇ سىلىقلىق ۋە پارقىراقلىقىنى يوقاتمىغانىدى. ئەجەبا، تۆت كۈندىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن ساقال - بۇرۇت يېڭىلا قىرىلغاندەك تۇرسا - ھە! قىزنىڭ كۆڭلىدىن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان غۇۋا بىر ئەجەبلىنىش سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى. ئاھ، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، نەدىن كەلدى بۇ خىيال، ئاغرىقنىڭ تەسىرىدىن ساقلى ئۆسمىسە ئۆسمىگەندۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىمەنە خىيالغا بېرىلىپ كەتكىنىگە خىجالەت بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ يەنە ئاچتى، ئەمدى ئۇنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىدا كۆيۈنۈش، ئۈمىد ۋە يالقۇنجىغان مۇھەببەت ئەكسىنى تاپتى. قىز پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى سىيلايتتى، ياستۇقتا كۆپۈپ قالغان قارا، قويۇق چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارايتتى، ۋۇجۇدىغا ئېقىپ كىرىۋاتقان يېقىملىق بىر سېزىمنىڭ تەسىرىدىن لەززەت ئالاتتى. يالقۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ ئەستىن چىقماس ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى.

* *

ئۇ، چەت مەملىكەتلەردە ساياھەتتە بولۇپ قايتىپ كەلگەن ھامىسىنىڭ قىزدىن پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. سائەت كېچە ئونبىردىن ئاشقانىدى. ئۇ ھامىسىنىڭ گەچ بولۇپ كەتتى، قونۇپ قال، دېگىنىگە قارىماي ئالدىراپ خوشلاشتى. ئۈچ يىلدىن بېرى ئېغىر رېماتىزم كېسىلى تۈپەيلىدىن مېڭىشتىن قالغان ئاپىسىغا دورا ئىچۈرۈش، ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى تەييارلاش، ئاندىن خىزمەتكە كېچىكمەستىن بېرىش كېرەك ئىدى. ئۇ ئولتۇرغان كىرا ماشىنىسى ئادەم شالاڭلاپ قالغان شەھەر كوچىلىرىدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتاتتى، مۇشۇنداق سۈرئەتتە ماڭسا ئۆيىگە يەنە بەش - ئالتە مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ باراتتى. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بىردىنلا ئاستىلىدى ۋە چوڭ يولغا ئۆتۈشىدىغان تار كوچىنىڭ ئاغزىغا يېقىن قاراڭغۇ جايدا توختىدى.

— كەچۈرىسىز خېنىم، — دېدى شوپۇر، — ماي تۈگەپ قالغاندەك قىلىدۇ، چۈشۈپ قاراپ باقاي.

قىز باشقا بىر كىرا ماشىنىسى توسۇماقچى بولۇپ ماشىنىدىن چۈشتى، قېرىشقاندەك يولدىن بىرمۇ كىرا ماشىنىسى ئۆتمەيتتى.

— سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، ماشىنا ئۇچراپ قالسا چىقىۋالارسىز، بولمىسا ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىپ ئارقىڭىزدىن يېتىشىپ ئېلىۋالىمەن، — دېدى شوپۇر ماشىنىنى قاراشتۇرۇۋېتىپ.

قىز ئەنسىزچىلىكتە قالغانىدى، ئاپامغا تېلېفون بېرىۋېتىپ ئەتە سەھەردە قايتسامۇ بولغانىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ. قىز تار كوچىنىڭ ئاغزىدىن ئەمدىلا ئۆتۈشىگە ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن ئىككى قارا گەۋدە سۇغۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. قىزنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلدى - دە، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك توختاپ قالدى. ئۇ ۋارقىراشقىمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلگۈرمىدى. يېرىدىك بىر قول ئىشىككىدىن قايرىلىپ تۇتۇپ، يۈزىدىكى چىراغ يورۇقىنى چۈشۈردى، ئاندىن «بۈگۈن بىر كارغا كەپسەن ـ دە، جاپپار، يارايدۇ» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈزىدىكى تەگكەن شاپىلاقتىن كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەينىگە سەنتۈرۈلدى. ئۇ ئىككىنچى بىرىنىڭ قۇچىقىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇمۇ يۈزىدىكە چىراغ يېقىپ «مەن تېخى مۇندىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن» دېدى ـ دە، بىر شاپىلاق سېلىپ ئىتتىرىۋەتتى. ماشىنا! دەپ ۋارقىرىدى ئۇلاردىن بىرى. قىز ھوشىدىن كېتىۋاتقان ۋە قاتتىق ئىتتىرىشتىن كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىۋاتقان پەيتتە بايا ئۆزى چۈشكەن كىرا ماشىنىسىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قىز كېچىلىرى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، قىزلارنى ئېلىپ قاچىدىغان قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق «قاپقان» غا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يىقىلغان يېرىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ قالدى.

ئەھۋال بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. قىز ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىسىمۇ قارس-قۇرس قىلغان ئاۋاز ۋە ئىنجىقلاشلاردىن ئەتراپىدا قاتتىق ئېلىشىش بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ سوغۇق يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن يەرگە تايانغىنىچە ئەتراپىغا ئەلەڭ ـ سەلەڭ قارىدى. بىرى يېنىغىلا گۈپ قىلىپ يىقىلىپ قىمىرلىمىدى. قىز ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىسسىق بىر قول ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلىكىدىن تۇتۇپ «مەن بىلەن مېڭىڭ»، دېگەندەك تارتتى. قورقۇپ كەتكەن قىز سىلىقىنا تارتىشتىن بىر ياخشىلىقنى سېزىپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ماڭدى. ماشىنىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، شوپۇرنىڭ ئورنىدا باشقا بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. قىز ئۇنىڭ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋېتىپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ جىم بولدى. ناتونۇش ئادەم قىزنىڭ ئادرېسىنى سورىغان ئىدى. قىز ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقاندا ئۇنىڭدىن ئىككىنچى قېتىم ئاۋاز چىقتى. ئۇ بۇ قېتىم قىزنىڭ ئىسمىنى سورىغانىدى.

— دىلارا، — دېدى قىز.

— دىلارا، — ئۇ بۇ ئىسىمنى ئېسىدە ساقلاپ قالماقچى بولغاندەك قىزنىڭ چىرايىغىمۇ قاراپ قويماستىن تەكرارلىدى، — دىلارا، دىل ۋە ئارام، دىلئارام، چىرايلىق، مەنىلىك ئىسىم ئىكەن.

دىلارا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە يىگىتتىن سۆز كۈتكەندەك بىرنەچچە سېكۇنت ئېگىشىپ قاراپ تۇردى. يىگىت ئۈنچىقماستىن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ياپتى-دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

دىلارا بىر كۈنلۈك خىزمەتنى تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن ھودۇقۇش، چۆچۈش ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ھايات قالغانلىقىغا، ئەپپەتنىڭ بۇلغانمىغانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىناتتى، يىگىتنىڭ ئىسمىنى، ئادرېسىنى سورىۋالمىغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ئاپىسىنىڭ تاماق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرغان جايىدا قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. نېمە كارامەت بۇ! يۆلەپ تۇرمىغىچە ماڭالمايدىغان ئاپىسى پۇتى ئەزەلدىن ئاغرىپ باقمىغاندەك مېڭىپ يۈرسە، بۇنى ئاز دەپ تاماق

ئېيتىپ تۇرسا.

— جېنىم بالام، مېھماننىڭ كارامىتى بۇ، — دېدى ئاپىسى خۇشاللىقتىن كۆزىگە كەلگەن ياشىنى سۈرتۈۋېتىپ ۋە مېھمانخانىنى شەرەتلىدى، — ئۆيدە مېھمان بار، سېنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

ئاپىسىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا ساقىيىپ قالغانلىقىدىن تەسۋىرلىگۈسىز ھەيران قالغان دىلارا ئۆيدە مېھمان بارلىقىنى ئاڭلاپ، نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كەتتى.

دىۋاندا ئالبوم كۆرۈپ ئولتۇرغان يىگىت ئورنىدىن تۇردى.

— كەچۈرىسىز، — دېدى زىيالىيلارغا خاس رەتلىك كىيىنگەن بۇ يىگىت قولىدىكى ئالبومنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ، — سىزنى يوقلىماي ئۆتۈپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. چۈنكى ئاخشام ناھايىتىمۇ قورقۇپ كەتكەنىدىڭىز.

— سىز ئىكەنسىز-دە؟! — دىلارانىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ھەيرانلىقنى يوشۇرالمىدى. بوي-تۇرقى ئېگىزرەك، زىلۋا كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ ئۈچ ئادەم بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، — ئاخشام، — دېدى قىز ئالدىراپ، — ئادرېسىڭىزنى سوراۋالماپتىمەن. بولمىسا تېلېفون بەرگەن بولاتتىم. كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇلار...

— ئۇلارغا ھېچ ئىش بولغىنى يوق، مەن بارغىچە ھوشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

تونۇشۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى. پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاتوم فىزىكىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئېكرام ئىدى.

ئۇچرىشىش قويۇقلاشقانسېرى ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە ياسالمىلىقى يوق غۇرۇرى بىلەن كۆپلىگەن يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناتقان، ئۇلارنىڭ يۈرەكنى ئېرىتكۈدەك ۋەدىلىرى ھەم خۇشامەتلىرىگە ئۆزىگە ياراشقان تەكەببۇرلۇق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، تېخى بىرەرگە كۆڭۈل توختاتمىغان دىلارا ئۆزىنىڭ بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن دەسلەپكى مىنۇتلاردا خۇددى ئىچىدە چاقماق چېقىلغاندەك، ئۇنىڭدىن تارقالغان زەرەتلەر بەدىنىدىكى ھەربىر ھۈجەيرىنى ئويغىتىپ ۋۇجۇدىنى ساراسىمىگە سالغاندەك، شۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. دىلارا قىزلاردا بولىدىغان ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆز ئەتراپىدا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان يىگىتلەرگە سېلىشتۇراتتى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئېكرام ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولاتتى. زېرەك قىزلار ئادەتتە ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ بىرەر پېشكەللىك ئالدىدا قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان يارىنى قوغداپ قالالايدىغان جاسارىتى بولۇشىنى خالايدۇ. ئېكرام بۇ جەھەتتە ئەڭ دەسلەپتىلا ئۇنىڭ سىناق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ بولغان، شۇ چاغدا ئۇ دىلارانى سۆيگەن قىزى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ناتونۇش بىر قىز سۈپىتىدە خارلىنىشتىن ساقلاپ قالغان ۋە بۇ تەرىپى بىلەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياققانىدى.

دىلارا بىلىندۇرمەي ئۇنىڭ خىزمىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى. ئاڭلىغانلىرى ئۇنى ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق خۇشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىۋەتتى. ئىكرام ئىككى ئاي ئىلگىرى يېڭى بىر ئېلېمېنتنى بايقىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ قارىشى تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى ئالىم، پروفېسسورلارنى تاڭ قالدۇرغان. ئەگەر بۇ يېڭى بايقالغان ئېلېمېنت ئۈستىدىكى سىناق - تەجرىبىلەر ئۇڭۇشلۇق بولسىلا، بۇ نەتىجە دۇنياۋى خاراكتېرلىك تۆھپە ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ چاغدا ئىكرامۇ يىگىرمە سەككىز ياشلىق ياش پروفېسسورلاردىن بولۇپ قالىدىكەن.

دىلارا ئۈچۈن مۇشۇنداق جەسۇرلۇق بىلەن تالانتىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى. لېكىن ئىكرام ئۆزىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ دىلئارانى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. ئۇ ھەر دائىم يارىشىملىق كىيىنىپ پاكىز يۈرەتتى، ۋاقىتقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، يالغان گەپ قىلمايتتى، ئولتۇرۇشلاردا ئۆزىنى تېتىك، خۇش چاقچاق تۇتاتتى، ھاراقنى كۆپ ئىچمەيتتى، ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى جۇشقۇن، ئاھاڭدارلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى تىترىتەتتى. بەزىدە ئېسىل نەرسىنىڭمۇ بىرەر نۇقسانى بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئىكرامنىڭ كىشىنىڭ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك قىزىق پاراڭلىرىمۇ كۈلكە ئىپادىسى كۆرۈنمەي پارقىراپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزلىرى دىلارانىڭ ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرىدىغان كۆڭلىنى غەش قىلىپ قوياتتى. مۇنداق چاغلاردا دىلارا ئۇنىڭ كۆز قۇيرۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى زورىغا پۈرۈشۈۋاتقان تېرىسىگە، ئۈمچەيگەندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. كۈلكىدىن تۇۋا، كۈلۈشنى بىلمەيدىغاندەكلا ئولتۇرۇغىنىنى، دېگەن بىر ئوي غىل - پال ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن بۇ نۇقسان ئاي يۈزىدىكى داغلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر كۆرسەتمىگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورۇنلاشقان ئىكرامنىڭ سىيماسىنى غۇۋالاشتۇرالمايتتى.

بىر قېتىم ئۇلار كونسېرت كۆرۈپ تىياتىرخانىدىن ئەمدىلا چىققىنىدا يىراقتىن كېچە قاراڭغۇلۇقىغا بۆسۈپ كىرگەن ئوت شولىسىنى، ئوت يورۇقى ئۈستىدە قارا بۇلۇتتەك تۈگۈلۈپ تۇرغان ئىس - تۈتەكنى كۆرۈپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئەنسىزلىك بىلەن جايىدا تۇرۇپ قېلىشتى. ئوت كېتىپتۇ، دېدى ئىكرام ۋە ئۇنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە ئوت كەتكەن ئالتە قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. شىددەت بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوت بىنانىڭ ھەممە قەۋەتلىرىگە ياماشقان بولۇپ، دېرىزىلەردىن كۆرۈنگەن ئوت شولىسى چۆچەكلەردىكى يالماۋۇزنىڭ قان تولغان قىزىل كۆزىدەك سۈرلۈك ئىدى. قارىماققا بۇ يالماۋۇز بىنانى كۈلگە ئايلاندۇرۇپ يۇتۇۋەتمىگىچە توختىمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ياش بىر ئايال چۇۋۇلغان چاچلىرىنى قاماللاپ، كىشىلەر توپىنىڭ ئالدىدا ئېلىشىپ قالغاندەك ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرەيتتى، ۋارقىرايتتى، لېكىن ئەتراپنى بىر ئالغان قىيا - چىيا ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانمايتتى. بۇ ئاۋازنى ئىكرام ئاڭلىدى. ئۇ دىلارانىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىدا بەش - ئالتە

سىكۇنتلا تۇردى، ئاندىن ئالدىغا قاراپ
ئىتىلدى. ئۇنى توسۇش ئۈچۈن، ئۈچ ـ
تۆت ناسوستىن ئېتىلىپ چىققان يۇقىرى
بېسىملىق سۇمۇ ئۇنى كەينىگە چېكىندۈ ـ
رەلمىدى. ئېكرام ئىشىكتىن سىرتقا سو ـ
زۇلۇپ چىقىۋاتقان ئوت تىللىرى ئىچىگە
كىرىپ كەتتى. بارلىق ناسوسلار ئىشىك ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىغا سۇ چېچىشقا باشلىدى.

دىلارا ھوشىدىن كەتمەسلىك ئۈ ـ
چۈن بايىقى ئايالغا ئوخشاش چېچىنى
چاڭگاللاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ـ
غا يەر پىرقىراۋاتقاندەك، بىنا ئۆرۈلۈپ،
يەر ـ جاھان تىترەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.
ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرمۇ كىرىشكە جۈرئەت
قىلالمايۋاتقان ئوت قاينىمى ئىچىگە كى ـ
رىش ـــ كۆيۈپ كۈل بولۇشتىن دېرەك
بېرەتتى. ئۇ يەردىن تىرىك چىققان ھا ـ
لەتتىمۇ بىرىنچى دەرىجىلىك كۆيۈك
بىلەن ئۆمۈرۋايەت ناكا بولۇپ قېلىشى
تۇرغان گەپ ئىدى. دىلارا ھوشىدىن
كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، لەۋلىرىنى قاتتى ـ
تىق چىشلىدى. شۇ چاغدا بىردىنلا كۆ ـ
تۈرۈلگەن ئادەم شاۋقۇنى ئۇنىڭ سېزى ـ
مىنى يوقىتىۋاتقان نېرۋىلىرىنى سەگىتى ـ
كەندەك بولدى. ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن
بېشىنى ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ
زورىغا كۆتۈرۈپ، ۋۇجۇدىغا باشقىدىن
جان كىرگەندەك ئالدىغا ئىنتىلدى. ئۇ
كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئېكرام گۈللۈك
كۆك ئەدىيالغا ئورالغان بىر بوۋاقنى كۆ ـ
تۈرگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، خۇشال ـ
لانغان ئالامان گۇرۇلدەيتتى.

ئېكرام ئۆزىنى ئورىۋالغان مۇخبىر ـ
لارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا «مەن پەقەت
بىر بوۋاقنىڭ بىنادا قالغانلىقىنىلا بىلـ ـ
دىم، باشقىسىنى ئويلاشقا چولام تەگمىدى»
دەپلا جاۋاب قايتۇراتتى. ئەتىسى بۇ
چوڭ شەھەردە چىقىدىغان بارلىق گېزىتـ ـ
لەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئوتتا كۆيمەس
قارام، قەھرىمان يىگىتنىڭ رەسىمى
بېسىلىپ، ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر يېغىپ
كەتتى.

پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ يىگىتنىڭ
كۆلۈشىنى بىلمەيدىغان كۆزلىرىدىن بۇ ـ
رۇنلا سەل ھەيران بولغان دىلارا بىۋگۈن
ئوت ئىچىدىن ئۇنىڭ بىر تال كىرپىكىمۇ
كۆيمەي خۇددى تىياتىرخانىغا كىرىپ
چىققان ئادەمدەك ساق ـ سالامەت يېنىپ
چىققانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم ئەجەبلىنە ـ
دى. خىيال بىلەن ئۇنىڭ كېچىچە ئۇيـ ـ
قۇسى كەلمىدى، ئويلىغانسېرى خىيالى
چىگىشلىشىپ كېتەتتى. چۈنكى دوزاخ ئىچى ـ
دە قالغان بوۋاقمۇ زاكىسىغا ئوراقلىق
پېتى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك تات ـ
لىقىنە ئۇخلاۋاتاتتى. خوش، بۇنىڭغا
نېمە دېيىش كېرەك؟ كۆرسەتمىگەن دوخ ـ
تۇر قالمىغان، ھېچقانداق دورا كار قىلـ ـ
ماي ئاخىرى مېڭىمىشتىنىمۇ قالغان ئانىسى ـ
نىڭ قاچانكى ئېكرام شۇ ئۆيدە پەيدا
بولغاندىن باشلاپ ساقىيىپ قالغانلىقى،
ھازىر ياشىرىپ تېتىكلىشىپ قېلىۋاتقان ـ
لىقى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش
ئىدى. دىلارا ئۇنىڭدىن بۇ ئىشلارنى
سورىۋىدى، ئېكرام مۇرىسىنى قىسىپ
قويدى. بوۋاق ۋەقەسىگە چاقچاق ئار ـ
لاش بەلكىم مېنىڭ ئوتتا كۆيمەيدىغان
كارامىتىم باردۇر، دېگەن بولسا، ئاپىسى ـ
نىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىغا دوختۇرلارنىڭ
ھەممىلا كېسەلنى ساقايتىپ كېتىشى
ناتايىن، مېنىڭمۇ دوختۇرلۇقتىن ئانچە ـ

مۇنچە خەۋەردىم بار، دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى. دىلارا كوچىلاپ سورىمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك بىر يىگىتكە ئۇچراپ قالغانلىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدى.

بىرلا نەرسە ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئەنە شۇنداق يىگىت ئالتە ئايدىن بېرى دىلارا زارىقىپ كۈتۈۋاتقان سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن مۇقەددەس سۆزنى ئاغزىدىن چىقارماي كېلىۋاتاتتى، دىلارا تاقەتسىزلىنەتتى، ئازابلىناتتى، بەزىدە ئۇيقۇسى قېچىپ كېچىچە يىغلاپ چىقاتتى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئۈمىد پەيدا بولاتتى - دە، شۇنىڭ كۈچى بىلەن ئىبراھىمدىن كېلىدىغان تېلېفوننى كۈتەتتى، ئۇنىڭ ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرەتتى. ئۇلار ئۇچرىشاتتى، لېكىن دىلارا ئۆزى تەشنا بولغان سۆزنى ئاڭلىيالمايتتى.

دىلارا بۇ سۆزنىڭ ھامان بىر كۈنى ئېيتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئىبراھىم ئۆيىدە ئۇچراشقان چاغلاردا ئۇنىڭغا سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئولتۇرۇشلاردا، كوچىدا كېتىۋاتقان چاغلاردىمۇ پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىۋالاتتى. دىلارا ئۇنىڭ بىرەر قىزغا قادىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى بايقىمىدى. دېمەك، ئۇ دىلارانى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ دىلاراغا مەنسۇپ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى تېخىچە دېمەيۋاتقانلىقىدا ئويلىغان بىر يېرى باردۇر...

* *

كارىۋاتنىڭ يېنىككىنە تەۋرىنىشى دىلارانىڭ خىيال يىپىنى ئۈزدى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ قىمىرلىغانلىقىنى سەزدى. بۇ ھال ئۇنى خېلىلا خۇشال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىق چاقماق تېزلىكىدە يەنە غايىب بولدى. ئۇ چارچىغان، ھالسىزلانغانىدى، ئۇنىڭدىكى چىدام، سەۋرمۇ چېكىگە يەتكەنىدى. دىلارا كۈتۈلمىگەندە كارىۋاتتىن ئاجراپ ئۆرە بولدى، ئاندىن چوڭ بىلىكىگىچە ئوچۇق تۇرغان ئاپئاق قوللىرىنى ئىككى ياققا كېرىۋىگىنىچە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ تورۇسقا تىكىلدى. ئاھ خۇدا، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا نالە قىلىپ، — سەندىن بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم تىلەيمەن، ئاجىز بەندەڭنىڭ زارىغا قۇلاق سال. ئۇنى قۇتقۇز، ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەر! ئۇنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىشقا مادارى يەتمىدى، ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆزىنى يىگىتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. يىگىتنىڭ سوۋۇشقا باشلىغان، لېكىن قىزىقى تېخى يوقىلىپ كەتمىگەن يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— دىلارا...

قىز چۆچۈپ بىردىنلا يىغىسىنى توختاتتى.

— دىلارا.

بۇ ئۇ ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولغان ئاۋاز ئىدى. ئاھ، ئۇنىڭ نالىسى شەپقەتلىك تەڭرىگە يەتكەن، تەلىپى قوبۇل قىلىنغان ئوخشىمامدۇ.

دىلارا كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بارماق ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋەتتى، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئىبراھىم كۆزلىرىنى بىردىنلا چوڭ ئاچتى، بۇ كۆزلەر يەنىلا ھەرقاچانقىدەك

سوغۇق ھەم ئىپادىسىز ئىدى.

ئېكرام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرماقچى بولغاندەك ھەرىكەت قىلدى. چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن دىلارا دەرھال ئىككى ياستۇقنى قاتلاپ ئۇنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ، يىگىتنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشتى.

— يىغلىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئېكرام زەئىپ ئاۋازدا.

— ئاھ خۇدا، سىز ئاخىرى ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، خۇشاللىقىمدىن...

— كۆپ ئاۋارە بولدىڭىز، قىيىنالدىڭىز دىلارا، مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. سىزگە رەھمەت ئېيتىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مۇشۇنداق چاغدا يېنىڭىزدا بولمىسام قانداق بولىدۇ. دوختۇرلارمۇ سىزگە قاراشنى ماڭا تاپشۇرغان.

— ئۇلار كەلدىمۇ؟

— كەلدى، ھەر قانچە تەكشۈرۈپمۇ سىزدىن بىرەر كېسەللىك ئالامىتىنى تاپالمىدى. ئاخىرى بۇ ھارغىنلىقتىن پەيدا بولغان، قېنىپ ئۇخلىۋالسا تۈزىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ قاراشتى. ماڭا ئەگەر سىزدە بىرەر ئۆزگىرىش كۆرۈلسە ياكى ئۇيقۇدىن ئويغانسىڭىز ئۆزلىرىگە دەرھال تېلېفون بېرىشىمنى تاپىلىغانىدى. مەن ئەمدى ئۇلارغا تېلېفون بېرىدۇۋېتەي.

دىلارا تېلېفون قويۇلغان تۇمبۇچكا تەرەپكە قاراپ قوزغالدى.

— توختاڭ، — ئېكرام قولىنى سەل كۆتۈرۈپ توختاش ئىشارىتى قىلدى، — ئالدىرىماڭ، يېنىمدا ئولتۇرۇڭ.

دىلارا ئەجەبلەنگەن ھالدا ئولتۇردى.

— ھاجەتسىز، — دېدى ئېكرام، — ئۇلار كەلگىنى بىلەنمۇ مەندىن كېسەللىك تاپالمايدۇ.

— بۇنى سىز نەدىن بىلىسىز؟

— دوختۇرلۇقتىن خەۋىرىم بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

دىلارا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي لېۋىنى چىشلىدى.

— مەن سىزگە يالغان گەپ قىلىشنى خالىمايمەن، دىلارا، — ئېكرام قىزنىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ قولىنى سىيلىدى، — شۇنداق، يالغان گەپ قىلماسلىقىم كېرەك.

— مەنمۇ سىزنى يالغان گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن.

ئېكرام ئۇنىڭغا ئۈنچىقماستىن خېلىغىچە قاراپ ئولتۇردى.

— دىلارا، — دېدى ئاخىرى ئۇ ئېغىز ئېچىپ، — ئېھتىمال، مەن يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن سىز بىلەن مۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرالمايمەن.

— نېمە، نېمە ئۈچۈن؟!

— سىزدىن يوشۇرمايمەن، مېنىڭ بىر سائەتلىككىلا ئۆمرۈم قالدى.

— نېمە!؟ — دىلارا يىلان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، — سىز تېخى ھوشىڭىزغا كەلمەپسىز... جۆيلۈۋاتىسىز...

— ياق، دىلارا، مېنىڭ ئەقلىم جايىدا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟! — دىلارا چىداپ تۇرالماي ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئالقانلىرى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭ پايدىسى يوق، سىز بەرىبىر ئاۋازىمنى ئاڭلايسىز. ياخشىسى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ.

دىلارا ئىنسانلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدىغان سۆزنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئېيتىۋاتقان بۇ يىگىتكە چەكچىيىپ قاراپلا قالدى.

— سىز ئالدى بىلەن ماڭا ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىڭىز كېرەك، مەن شۇنىدىلا خاتىرجەم بولۇپ، ھەممىسىنى دەپ بېرىمەن.

بېشى گاراڭ بولۇپ قالغان دىلارانىڭ كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى يوقىتىپ، نېمە دېسە ھە دەيدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش باش لىڭشىتتى.

— بۇ مېنىڭ سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى كۈنلەردىن كېيىن كەلگەن خۇلاسەم،— دېدى ئېكرام ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — سىزدىن ۋەدە ئېلىشىم بولسا، سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن.

دىلارا ئۈنچىقمىدى، چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭدا گەپ قىلغۇدەك مادار قالمىغانىدى.

— ئۇنداقتا ئىككىمىز كېلىشتۇق. مېنىڭ مەقسىتىمنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز. مەن ھازىر سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىمەن. ھېكايە سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرغىچە سەۋر قىلىپ ئاڭلاڭ.

* *

«ئالەم غوجىسى» شىركىتىنىڭ «چاقماق» ناملىق ئالەم كېمىسى سەييارىلەر ئارا ئۇچۇپ بارغان پايدىسىز قىدىرىشتىن كېيىن، تۈگەپ قېلىۋاتقان يېقىلغۇنىڭ چەكلىكى بىلەن نۇر تېزلىكىدىكى سۈرئەتتە ئۆز سەييارىسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. شىركەت بىزنىڭ ئەڭگۈشتەرىمىز دەپ ئىپتىخارلىنىدىغان بۇ قۇدرەتلىك كېمە ئالدىغا ئۇچرىغان كىچىكرەك مېتېئورىتلارنى يەراقتىنىلا كۇكۇم - تالقان قىلىپ، چوڭراقلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

«ئالەم غوجىسى» شىركىتى ئۇزۇندىن بېرى ئاپەتلىك زەربىدىن قۇتۇلۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى مەسىلىسى ئىدى.

يەن - تېخىنىكا يۈتۈن سەييارە بويىچە يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللاشتى، ئادەملەرنىڭ ئۇخلاشتىن تارتىپ ئوزۇقلىنىشىغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتلاشتى. ئېرىشكەن قۇلايلىقلاردىن خالىغىنىچە بەھرىمەن بولۇۋاتقان كىشىلەر راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، بارلىق ئىشلارغا، ھەتتا كىيىم كىيگۈزۈش - سالدۇرۇشقىمۇ ماشىنا ئادەملەرنى قويۇشتى، بۇنىڭ ھەممىسىگە ئېنېرگىيە لازىم ئىدى. ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى - يېڭى كەشپىياتلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ تۈگەپ قېلىۋاتقان خام ئەشيانى ھەرگىز كۆپەيتەلمەيتتى. ھازىرچە بار بولغان خام ئەشيا ئىشلىتىلىپ، يېڭى بىر خام ئەشيا مەنبەسى تېپىلماي قالسا، بۇ سەييارە يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ، ئاخىرى ۋەيران بولۇش تەرىپىگە قاراپ ماڭاتتى.

«ئالەم غوجىسى» شىركىتى ئۆزىگە مەلۇم بولغان سەييارىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالەم كېمىلىرىنى ئەۋەتىپ خام ئەشيا ئىزدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپىيىۋاتقان

ئاھالىنى كۆچۈرۈشكە بولۇش - بولماسلىقىنى تەكشۈردى. ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەكتە ئىدى: كۆپلىگەن سەييارىلەردە ئۇلارغا زۆرۈر بولغان خام ئەشيا يوق ئىدى، بولسىمۇ زاپىسى ئاز بولۇپ، قېزىش ۋە توشۇپ كېلىشكە سەرپ قىلىنىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايتتى؛ ئالەم كېمىسى بەزى سەييارىلەرگە قونۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇ يەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ جانلىقلار ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوراللىرىغىمۇ پەسەنت قىلماي يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ، دىققەت قىلمىسىلا ئالەم كېمىسىنى پاچاقلىۋېتىشتىن يانمايتتى؛ ئۇلار بەزى سەييارىلەرگە ئەمدىلا يېقىنلىشاي دېگەندە، قارشى تەرەپنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قېچىشقا ئالدىرىدى. ئاھالە كۆچۈرۈش ئىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«چاقماق» نىڭ ئۇچقۇچىسى دوگال ئۇنىڭ ياردەمچىسى لېرىخ يىراقنى كۆرسىتىش ئېكرانى ۋە سىگنال ئاپپاراتلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۈلتىيىپ چىققان چوڭ، دۈگىلەك كۆزلىرىدىن نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنچىقماي جىم ئولتۇرۇشىدىن، قىسقا بارماقلىرى بىلەن خاس ئورۇندۇقنىڭ جەينەك تايانچىسىغا توختىماي چېكىشىدىن جىلى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

خەتەردىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېكران تەڭشىلىپ، بىر ئالەم كېمىسى نامايان بولدى.

— بىزنىڭ كېمىلىرىمىز ئەمەس، تەييارلان! — دېدى دوگال ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ.

— ھاجىتى بولمىسا كېرەك، — دېدى لېرىخ ئېكراندىن كۆز ئۈزمەي، — ئېھتىماللاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا پالاكەتكە ئۇچرىغاندەك قىلىدۇ.

— قۇتقۇزۇش سىگنالىمۇ ئاڭلانمايدۇ.

— ئېغىر زەخىملەنگەن...

ئون بەش سېكۇنتتىن كېيىن «چاقماق» نامەلۇم كېمىگە ياندىشىپ توختىدى. مۇنداق چاغلاردا نېمە قىلىشنى بىلىدىغان لېرىخ بۇيرۇق كۈتمەيلا «چاقماق» نىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى مەخسۇس ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

لېرىخ كېمە ئىچىگە كىرىپلا ئۈسكۈنىلەرنىڭ بۇزۇلغان، چۇۋۇپ تاشلانغان، ئورۇندۇقلارنىڭ ئۆرۈلگىنىگە قاراپ، بۇ يەردە قاتتىق ئېلىشىش بولغانلىقىنى جەزم قىلدى. ئۇچقۇچىلارنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. لېرىخ باش باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، چۆچۈپ توختاپ قالدى. بۇ يەردە پۇت - قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ، لېرىخ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان — ئۆزلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئادەم ياتاتتى. ئۇ سەگەكلەشتى، ئەتراپىغا يەنە بىر قۇر قارىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشتى. ئېڭىشىپ، ئالقىنىنى ياتقان ئادەمنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا تۇتتى، كېيىن يۈزىنى تۇتۇپ باقتى، جەسەت سوۋۇپ كەتكەنىدى. لېرىخ جەسەتنىڭ يۈزىگە تەئەججۈپلەنگەن ھالدا تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇ كىم بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ لېرىخ كۆپلىگەن سەييارىلەرگە بارغانىدى. بەزى سەييارىلەردە ھاياتلىقتىن



ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بەزى سەييارىلەردە ئۇچرىغان مەخلۇقلار شۇنچىلىك بەتبەشەرە ئىدىكى، ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىدا ياتقان جەسەت ئۇلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئۈچ سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ، خۇددى تىرىك ئادەمدەك — ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. تەن تۈزۈلۈشى مۇكەممەل بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىكى گۈزەللىككە كىشىنىڭ زوقى كېلەتتى. لېردىخ جەسەتنىڭ يېنىنى ئاقتۇرۇپ، بىر خاتىرە دەپتەر تاپتى. خاتىرىگە ناتونۇش ئۇششاق خەتلەر يېزىلغانىدى. خاتىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. لېردىخ قاتتىقىراق كەلگەن بۇ قەغەزنى يەردىن ئېلىپ ئۆرۈپ قارىدى. بۇ ئۆلگەن ئادەمدىنمۇ گۈزەل بىر ئادەمنىڭ رەسىمى ئىدى. لېردىخ ئۇنىڭدىن ئۈزۈنغىچە كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. رەسىمدىكى ئادەمنىڭ چېچى ئۇزۇن ئىدى. لېردىخ رەسىمدىكىسىنى ئايال، يەردە ياتقىنىنى ئەركەك دەپ جەزم قىلدى. ئۇ رەسىمنى دەپتەر بىلەن بىللە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئېلېكترون مېڭە سېلىپ قويۇلىدىغان ئاپپاراتنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، ئۇنى ئېچىپ، تۇگمىدەك كېلىدىغان ئېلېكترون مېڭىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالدى.

— جەسەتنىمۇ ئېلىۋېلىش كېرەك، — دېدى دوگال كەسكىنلىك بىلەن، — تەكشۈرىمىز، ئېھتىمال، ئۇنىڭ بىزگە پايدىسى تېگىپ قالار.

«چاقماق» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز سەپىرى «ئالەم غوجىسى» شىركىتىنى قاتتىق چۆچۈتتى. لېكىن ئۇلار نامەلۇم ئالەم كېمىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن جەسەتنى كۆرۈپ باشقا بىر سەييارىدە ئۆزلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان جانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. جەسەت يېڭى بىر سەييارىنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. جەسەت شۇ سائەتتىن باشلاپ قەتئىي مەخپىي تۇتۇلدى، دوگال بىلەن لېردىخمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن شىركەتنىڭ «ئالاھىدە مېھمانخانا» سىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلدى.

ئېلېكترون مېڭىدە ساقلىنىپ قالغان ئۇچۇردىن مەلۇم بولدىكى، جەسەت «يەر شارى» دەپ ئاتىلىدىغان سەييارىدە ياشايدىغان ئادەم ئىكەن. بۇنى جەسەتنىڭ يېنىدىن چىققان خاتىرە دەپتەر

مۇقاۋىسىنىڭ ئىككىنچى بېتىگە چۈشۈرۈلگەن شار شەكىللىك خەرىتىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ چۈشكەن ئالەم كېمىسى نامەلۇم ئالەم كېمىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئۇچقۇچىلار ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەر بۇلاپ كېتىلگەن، بۇ ئادەم ئۆزى چۈشكەن ئالەم كېمىسى ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن بۇرۇن يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ تىقىلىشىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

«ئالەم غوجىسى» شىركىتى مۇنداق قارارغا كەلدى: «يەر شارى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ سەييارىنى جەزمەن تېپىش كېرەك. باشقا سەييارىدىكىلەر ئىزدەپ تاپقان بۇ سەييارىنى «ئالەم غوجىسى» شىركىتىمۇ چوقۇم تاپالايدۇ؛ بۇ سەييارە باشقا سەييارىدىكىلەرنى قىزىقتۇرغانىكەن، ئۇ چوقۇم جەلپ قىلارلىق سېھرىي كۈچكە ئىگە، جەسەتتىكى كۆركەملىكنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلار ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باقمىغان مۆجىزە ئەمەسمۇ.

«چاقماق» يەنە سەپەرگە تەييارلاندى. لېرىدىخ ئۇچۇشتىن بىر سائەت ئىلگىرى شەكىل ئۆزگەرتىش ئۆيىگە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۆزى تېپىپ كەلگەن جەسەتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بەدىنىگە ئورنىتىلغان مىكرو تىپلىق قۇرۇلمىلار ئۇنى بىلىمەن دېگىنىنى بىلەلەيدىغان، قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ قويغانىدى. لېرىدىخ بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئادەتتىكى سەپەر ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى ئورۇنداشقا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

بۇ قۇدرەتلىك كېمە ھالاكەتكە ئۇچرىغان نامەلۇم ئالەم كېمىسىنىڭ يېقىلغۇسىدىن قالغان ئىس ـ تۈتەك زەررىچىلىرى قالدۇرغان ئىزنى بويلاپ شىددەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۈچ كۈندىن بېرى بىر ئېغىز سۆز قىلماستىن خاتىرجەم ئولتۇرغان دوگال ئەتىگەندىن باشلاپ تىنچسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز گەپ قىلىشقا، سوئال سوراشقا بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان لېرىدىخ جىمغىنا ئولتۇرۇپ، ئۇنى كۆزىتەتتى.

دوگال بىردىنلا «چاقماق» نىڭ تېزلىكىنى ئەڭ تۆۋەن سۈرئەتكە چۈشۈردى.

— ناھايىتى يىراقلاپ كەتتۇق، — دېدى ئۇ لېرىدىخقا قارىمايلا، — يولنى يەنە داۋاملاشتۇرساق قايتىپ كېتىشىمىزگە يېقىلغۇ يەتمەي قالىدۇ.

— قايتىمىزمۇ؟

دوگالنىڭ جاۋابى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئىدى:

— يولنى سەن داۋاملاشتۇرىسەن، بۇنىڭغا سەندىكى قۇۋۋەت تامامەن يېتىدۇ. مەن سېنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن، ساڭا بېرىلىدىغان مۆھلەت بىر ھەپتە، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئېنېرگىيە خام ئەشياسى ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما.

دوگال ئۇنىڭغا ھېلىقى خاتىرە دەپتەر ۋە خەرىتىنى بېرىپ، پەقەت لېرىدىخلا چۈشىنىدىغان بىر ئىشارەتنى قىلدى.

ئالەم بوشلۇقىدا بىر كۈن ئۇچقان لېرىدىخ ئىنتايىن يىراقتىن بارغانسېرى يوغىناپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان سەييارىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دۈگىلەك شەكلى ھەم يورۇق تەرىپى خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىدىن چىققان خەرىتىدىكى كۆرۈنۈشكە ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېرىدىخ نىشانىدىن ئاداشمىغانلىقىنى، مۇشۇ سۈرئەتتە يەنە بىر سائەت ئۇچسا كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ھەرقانداق كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ نىشانىغا چۈشمەيدىغان ھالەتكە كېلىۋالدى. لېرىدخ قالغان ئىشلارنى ئۆز سەييارىسىدە يۈرگەندەك بىمالال قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

* *

— شۇنداق قىلىپ يەر شارىدا ئۇ يەردىكى ئىنسانلاردىن نەچچە باراۋەر كۈچلۈك ھەم ئىقتىدارلىق غەيرىي بىر ئىنسان پەيدا بولدى، — ئېكرام ھېكايىسىنىڭ تەسىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك سۆزدىن توختاپ، دىلاراغا تىكىلدى.

مۇنداق فانتازىيىلىك ھېكايە، رومانلارنى كۆپ ئوقۇغان دىلارا دەسلەپ پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا قول ياغلىقىنى تۈرمەكلەپ، جىمغىنا ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ھېكايە بارغانسېرى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ ياغلىقنى تۈرمەكلەشتىن توختاپ، گۇمانغا تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەي قالدى. ھېكايىنىڭ سىرلىق ۋە قىزىق تەپسىلاتىدىن كۆرە ھېكايە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندەك تۇتۇلماي، ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىشى ئۇنى غەلىتە بىر تۇيغۇغا سېلىپ قويدى. بۇ خىيالىي ۋەقە بىلەن مېنىڭ ئىناۋىتىمنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى باردۇر دېگەن بىر سوئال ئۇنىڭ كىرسىز، پاك مۇھەببەت بىلەن تولغان قەلبىدە غەليان كۆتۈرگەندەك، ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. قىز ئېكرامنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەينەكتىن ياسالغاندەك پارقىراپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن بىرەر ئەپادىنىڭ زەررىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق سەزدى. مۇھەببەت لەززىتىدىن مەست بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا قارا چاچلار ئارىسىدىكى بىر تال ئاق چاچتەكمۇ بىلىنمىگەن بولسا، ھازىر ئۇ تۈۋىگە يەتكىلى بولمايدىغان ھاڭدەك بىلىنىپ كەتتى. دىلارا بەدىنىنى چېقىپ ئۆتكەن ئاچچىق بىر سېزىمدىن قورۇلغاندەك بولدى.

— يەر شارىدا نامەلۇم سەييارىنىڭ ئادىمى پەيدا بولۇپتۇ ـ دە، — دېدى دىلارا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىز بۇنى قانداق بىلىسىز، ئېكرام؟

ئېكرام ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى.

— بىلىمەن، دىلارا، ياخشى بىلىمەن، بۇنىڭغا سىزنىمۇ ئىشەندۇرەلەيمەن، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ.

— بەلكىم سىز ئۇنىڭ يەر شارىدا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنىمۇ بىلەرسىز؟

— مېنىڭ سىزگە بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشتىكى ئەسلى مەقسىتىممۇ دەل مۇشۇ يەردە، — ئېكرام بېشىنى ئېگىزرەك قىلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن جەينەكلىرىگە تايىنىپ سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنجىقلاپ خېلىلا كۈچەندى. باشقا ۋاقىتتا بولغان بولسا دىلارا ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ۋە مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنى بەختىيار سەزگەن بولاتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئېكرامنىڭ كۈچىنىشتىن پۈرۈشكەن چىرايىغا قاراپ قويۇپ ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىغا

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.

— شۇنداق، ئەسلى مەقسەتكە ئەمدى كېلىمىز، — دېدى ئىكرام جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېرىخ ئۆزىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىمۇ سەزمىگەن بۇ تىنىچ سەييارىدە بىخارامان ھالدا زۆرۈر تەكشۈرۈشنى دەرھال باشلىۋەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى كۈن كېرەك ئىدى. ئۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئانتاراكتىكىغا ياكى شىمالىي قۇتۇپقا بارالايتتى. دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغىچە چۆكەلەيتتى، تاغ ۋە يەر قاتلاملىرىغا خالىغانچە تېشىپ كىرەلەيتتى، ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن ئېپتىدائىي ئورمان، چۆل-جەزىرىلەرگە بېرىپ، دەخلىسىز ھالدا ئۆز ئىشىنى پۈتتۈرەلەيتتى. ئۇ، يەر شارىدا ئۆز سەييارىسىنىڭ جېنىغا جان قوشىدىغان ئېنېرگىيە خام ئەشياسىنىڭ موللىقىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولاتتى ۋە بۇ ئاجايىپ خۇش خەۋەرنى ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان دوگالغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، يەر شارىدىكى خام ئەشيا زاپىسى ئۇلارغا بىر ئەسىر ئىشلەتسىمۇ يېتەتتى. لېرىخ خام ئەشيا زاپىسى شۇنچە كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يات سەييارىدىن كەلگەنلەرگە قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان مۇنداق ياۋاش سەييارىنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى.

ئۇ قايتىشقا تەييارلىنىپ، ياڭاق چوڭلۇقىدەك خام ئەشيا ئەۋرىشكىلىرىنى ئوراپ قوينىغا سېلىۋاتقاندا، قولىغا ئورۇلغان قەغەزنى ئېلىپ بىرنەچچە سېكۇنت تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل رەسىم ئۇنى ئەينى چاغدا ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغانىدى. ئۇ ئاشۇ كىچىكلىك قىزچاقنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن سىزىلىپ قالسا جېنىدىن ئايرىلىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان، يەنى شەكىل ئۆزگەرتىش ۋاقتىدىمۇ بۇ رەسىمنى بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ قالغانىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكىن؟ لېرىخ بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى، ئۇنىڭدا پەقەت قىزىقىشلا بار ئىدى. لېرىخ ھازىر ئۆز تۇرقىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغان ئالەم كېمىسىدىكى جەسەتنىڭ ئىسكەتىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، مۇنداق ئادەملەرنى ھازىر ئۆزى دەسسەپ تۇرغان تۇپراقتا كۆپ كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋاشلىقىنى ئويلاپ، ئارتۇقچە ئىككىلەنمەستىن تۇرمىدى، ئۇنىڭ يەنە ئۈچ-تۆت كۈنلۈك ۋاقتى بار ئىدى. لېرىخنىڭ كاللىسىدا بۇ يات سەييارىدىكى ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ بېقىشنىڭ ئەپچىل پىلانى تۇغۇلدى.

لېرىخ ئۆز پىلانىنى يات سەييارىگە دەسلەپ قەدىمى تەگكەن جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان كاتتا شەھەردىن باشلىدى. ئۇ، كېچىسى شەھەر ئايلىنىپ، ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ھالەتكە كىرىۋالالايدىغان ئىقتىدارى كۇتۇپخانىدا خاتىرجەم ھالدا خاتىرە دەپتەردىكى يېزىقنى ئوقۇيالايدىغان بولۇشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى. ئۇ كۇتۇپخانىدىن چىققاندا شەھەردىكى ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيتتى، مۇنازىرە قىلىشالايتتى...

www.uyghurkitap.com

مەملىكەت بويىچە قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئۈچ چوڭ مۇھىم ئورۇننىڭ بىرى — تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ بەش كۈن ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن بۇ مۇلايىم يىگىتنى يېرىم سائەت راسا ئەيىبلىدى. ئەگەر مۇشۇنداق ئۆز بېشىمچىلىقنى قايتا سادىر قىلسا، ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىپلا قالماي، بەلكى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ قايسى تەتقىقات ئورنى ئىكەن؟ — دەپ سورىدى دىلارا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— مەن سىزنى مۇنچىۋالا تاقەتسىز دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — دېدى ئىكرام بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن، — سىز قورققاندەك قىلىۋاتىسىز، شۇنداققۇ دەيمەن.

— سىز مېنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز.

— بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن، كەچۈرۈڭ.

— سىز تېخى ھېلىقى ھالاكەتكە ئۇچرىغان نامەلۇم ئالەم كېمىسىدىكى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتمىدىڭىز.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي دىلارا، ئازغىنا قالدى، نېمىلا بولمىسۇن كىچىككىنە سەۋر قىلىڭ، ھەممىنى دەپ بېرىمەن.

دىلارا ئېغىر نەپەس ئېلىپ ھالسىز ياتقان بۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قانداقتۇر مۇھىم بىر نېمىنى — ئېھتىمال بۇ يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر — ئېيتىشقا قارار قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يىگىتكە بولغان چىن ئىخلاسىغا شەك كەلتۈرگەنلىكىگە ئۆكۈندى. ئۇنىڭ چولپان كۆزلىرى بىردىنلا ياشقا تولدى، يىگىتتىن كەچۈرۈم سورىغاندەك ئاستا ئېڭىشىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ ماغدۇرسىز قولىغا ياقتى.

ئىكرام يانغا ئۆرۈلۈپ، دىلارانىڭ يېيىلىپ تۇرغان يىپەكتەك چاچلىرىنى سىلىدى:

— رەھمەت سىزگە دىلارا، سىز مېنى چۈشەندىڭىز. مەن سىز قورقىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. سىلەرگە، جۈملىدىن سىزگە كېلىدىغان قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ مەڭگۈ بولماسلىقىنى خالايمەن.

— مېنى كەچۈرۈڭ ئىكرام، — دېدى قىز ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — مەن سېزىپ تۇرىمەن، سىز ئالىيجانابلىق قىلماقچى، ئىنسانىيەتكە كېلىدىغان قانداقتۇر بىر خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇۋاتىسىز. مەن ھېكايىڭىزدىكى ئىنسانلار تېخى تولۇق مۆلچەرلەپ كېتەلمىگەن جەريانلارنى ئاڭلاپلا سىزدىن ئۆزۈمنى تارتقاندەك قىلدىم...

— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا بىرى بولغان بولسا، ئاللىقاچان ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى. مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزگە قايىلمەن. ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىش قىلىۋاتقانلىقىمغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى.

ئىكرام قولى بىلەن قىزنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. دىلارا ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئىكرامنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى.

— لېرىخ تەتقىقات ئورنىدا ھېلىقى ئۆلگەن يىگىتنىڭ ئىشىنى قىلغىلى تۇردى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى

ئېكرام قىزنىڭ مۈرىلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانلانمىدى. ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى بەزى ئوخشاشماسلىقلار خىزمەتداشلىرى ۋە ئەل-ئاغىنىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، خىزمىتىدىكى ئاجايىپ تالانتى، مۇئامىلىسىدىكى سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك باشقىلاردا بۇنىڭدا يېڭى بىر ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش بار دېگەن ئوينى پەيدا قىلدى. ھېلىقى يىگىتنىڭ ياتقى ۋە تەئەللۇقاتى ئۆزىگە ئوڭچە قالغان لېرىخ دەسلەپكى ئاخشىمىلا چامادانىدىن مەھكەم ئورالغان بىر بولاقنى تېپىۋېلىپ، ئاۋايلاپ ئاچتى. بولاقتىن ئون نەچچە پارچە خەت، بىرەر يۈز پارچە رەسىم ۋە بىر خاتىرە چىقتى. ئۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ رەسىمدىكى گۈزەل قىز بىلەن مەنزىرىلىك جايلاردا چۈشكەن رەسىملىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن بايىقى خەتلەرنى ۋە خاتىرىنى تاڭ ئاتقىچە ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا مۇھەببەت دېگەن بىر ئۇقۇم ئۇنى لال قىلغان ھالدا نامايان بولدى. شېرىن سۆزلەر بىلەن تولغان بۇ خەتلەر چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغاندى. لېرىخ ھەيران قالدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تەرىپلىگىلى بولمايدىغان بۈيۈكلۈككە كۆتۈرۈلدى. لېرىخ خاتىرە دەپتەردىن رەسىمدىكى گۈزەل قىزنىڭ راك دەيدىغان كېسەل بىلەن تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. يىگىتنىڭ قىزنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىماي چەككەن ئاھۇ-پەريادى ئىپادىلەنگەن ھەسرەتلىك قۇرلار ئۇنى خېلىغىچە سۈكۈت بىلەن ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

يەر شارىدىكى ھاياتنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ قايناق، جۇشقۇنلۇقى لېرىخقا ئالاھىدە قىزىق بىلىندى. ۋاقىت تۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆز سەييارىسىدىكى قائىدە - يوسۇن، ئەمىر - پەرمانلارنى مۇقەددەس دەپ بىلىدىغان لېرىخ رايى تارتمىغان ھالدا قايتىشقا ھازىرلاندى، لېكىن ئۇ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا كېچە بولسا تاڭ ئاتماسلىقىنى، تاڭ ئاتسا كېچە بولماسلىقىنى تىلەيتتى. يەر شارىدىن بىر كۈن بۇرۇن قوزغالسا، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىنسانلارنىڭ ھالاكەتكە بىر كۈن بۇرۇن يېقىنلىشىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇنى كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولغىدەك بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى تىلەپ، كېچىلەپ كوچا ئايلىناتتى، ئارامسىزلىناتتى.

ئەگەر بۈگۈنمۇ بىرەر سەۋەب تېپىلمىسا يەر شارىدىن ئايرىلىمەن دەپ ئاخىرقى قېتىم چەك قويغان كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئىزدىگەن سەۋەب تېپىلدى. بۇنى سەۋەب دېگەندىن كۆرە، تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا يولۇقتۇرغان قىسمىتى دېيىش توغرا ئىدى.

ئۇ، كېچىسى ئىچى سىقىلغان ھالدا كوچا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئايال كىشىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئىككى بەستلىك ئەركەك بىر ئايالنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، مۈشۈك چاشقاننى قىيىنىغاندەك ئۇرۇۋاتقاندا ئۈستىدىن چۈشتى...

— ئاندىن ئۇ ھېلىقى ئىككى لۈكچەكنى ھەم بىچارە قىزنى ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈپ بەرگەن شوپۇرنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ، قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، — دېدى دىلارا يىگىتنىڭ كۆكسىدىن ئايرىلىپ.

— قىزنىڭ ئىسمى دىلارا، ئۇنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالغان ئېكرامنىڭ ئەسلى ئىسمى لېرىخ ئىدى...

دىلارا كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ياش بىلەن ھۆللەنگەن، چىڭقىلىشتىن قىزىرىپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن يۈزىدە نە چۆچۈش، نە قورقۇش، نە ھاياجان ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى دىلارا خۇددى ئۈچىنچى بىر شەخسكە گەپ قىلىۋاتقاندەك پەردىسى ئىككى ياققا قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، — كۆڭلۈم تۇيغانىدى. سىزدىكى كۈچتۈڭگۈرلۈك، ئاپامنىڭ ساقىيىپ قېلىشى، ئوت ئىچىگە كىرىشىڭىز، بوۋاقنىڭ شۇنچە كۈچلۈك ئوت ئىچىدىمۇ ئامان قېلىشى ۋە يەنە سىزدىكى ھەممىگە ماسلىشالايدىغان ئالاھىدىلىكلەر مەندە گۇمان پەيدا قىلغانىدى. شۇنىڭغا ئىقرارمەنكى، سىزنى تاشقى پىلانت ئادىمى دېگەن ئوي بىرەر قېتىممۇ خىيالىمغا كىرىپ چىققان ئەمەس.

— ئەمدى بۇ سىزگە غەلىتە بىلىنمەمدۇ، پۇشايمان قىلمامسىز؟

دىلارا دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، لېرىخقا يۈزلەندى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىغا جىددىيلىك يۈگۈرگەنىدى. تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ۋە يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كەسكىن قارارغا كەلگەنلىكىنى بايقىۋېلىشقا بولاتتى:

— يەر شارىدىكى بەزى ئادەملەر تاشقى پىلانت ئادەملىرى، بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا يېقىنلىشىشتىن قورققانىدى. بىر قىز تاشقى پىلانت ئادىمىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، دېگەن بۇ خەۋەر مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپلا كەتسە، چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ، يەر شارىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. ئىنسان ئەقلىگە سىغمايدىغان مۇنداق ئىشنىڭ ئالدىدا مەندە غەلىتىلىك بولمىدى دېسەم سىز ئىشەنمەرسىزمۇ؟ توختاڭ، ئالدىرىماڭ، بۇ سوئالغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. سىز ئۇزۇندىن بېرى مېنى مۇشۇنداق بىر غەلىتىلىككە كۆندۈرۈپ كەلدىڭىز، بولمىسا ھوشۇمدىن كەتكەن بولاتتىم. ھازىر شۇنى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، سىزگە بولغان مۇھەببىتىم سۇسلىشىپ قالغىنى يوق. ئەمدى سىزدىن سوراي، مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرسىڭىز توغرا جاۋاب بېرىڭ. سىزنى يەر شارىدا تۇتۇپ قالغان نەرسە زادى نېمە؟

لېرىخ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزۇنغىچە جىم بولۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ توختاپ قالغاندەك يۈز ـ كۆزىدىكى بىرەر مۇسكۇلىمۇ قىمىرلاپ قويمايتتى. ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالغان دىلارا ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، تىترەك ئۇلاشقان بارماقلىرىنى ئۇنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدى، قولى ئىسسىق ئۇرۇلغان نەپەسنى سەزگەن قىز لېرىخنىڭ يۈزىنى سىيلىدى.

— مۇھەببەت، — دېدى لېرىخ بىردىنلا كۆزىنى ئېچىپ، — مانا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە كۆيۈنىدىغان، تەسەللى بېرىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان،

خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىدىغان، پەقەت يەر شارىدىلا بولىدىغان مۇھەببەت. مەن نۇرغۇن سەييارىلەرگە باردىم، ھېچقايسى سەييارىدە يەر شارىدىكى ئىنسانلاردەك قۇۋۋاق ھايات كەچۈرىدىغان مەخلۇقلارنى ئۇچراتمىدىم. مەن ئېكرامنىڭ خەت - خاتىرىسىنى ئوقۇپ، ئىنسان مۇھەببىتىدىكى ۋاپادارلىقتىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئەگەر يىغلاشنى بىلگەن بولسام ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتكەن بولاتتىم. مانا قاراڭ، مەن ياشىغان سەييارىدىكى ئادەملەر يىغلاشنىمۇ، كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلاردا مۇھەببەت دېگەن ئۇقۇم يوق، بولسىمۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرىقى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى جىنسىي ئىستەك. ئۇلار جىنسىي ھەۋىسى قانسىلا شۇنىڭدىن قانائەتلىنىدۇ، بىر - بىرىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. سىلەر بۇنى ھايۋانلارچە تۇرمۇش دەيدىكەنسىلەر. شۇنداق ئادەملەردىن بىزار ئىكەنسىلەر.

لېرىخنىڭ نەپىسى تېزلەشتى، ئۇ ھاياجانلانغانىدى.

— مەن بۇ يەردە ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆردۈم. مەن تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتقىنىمدا، ماڭا ئائىلەمدىن، يەنى ھەقىقىي ئېكرامنىڭ ئاتا - ئانىسى، سىڭىللىرىدىن خەت كېلەتتى. سېغىنىش، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق بىلەن تولغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ - ئوقۇپ قانمايتتىم. ئائىلە مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىش ئۈچۈن، دەم ئالغان كۈنلىرىمدە بىر مىڭ يەتتە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېكرامنىڭ ئائىلىسىگە ئۈچ - تۆت قېتىم بېرىپ كەلدىم. ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئېكرامنىڭ ئاتا - ئانىسى قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ، مېنى قارشى ئالاتتى، باش - كۆزۈمنى سىيلايتتى، قاراپ - قاراپ تويمايتتى. بىر دەمدىلا ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىلىپ ھال - ئەھۋالىمنى سوراپ كېتەتتى. ھەممىسى مەن ئۈچۈن پەرۋانە ئىدى. مەن ياشىغان سەييارىدىچۇ؟ ئۇلاردا ئائىلە دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ يوق. بالىلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا مەخسۇس بالا باقىدىغان ئۆيلەرگە ئېپكېتىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى، ئائىلە مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي چوڭ بولۇشىدۇ. ئېھتىمال ئۇلارمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن لەززەتلىنەر. ئەمما مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن يەر شارىدىكى تۇرمۇش لەززىتى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرى. شۇنداق، مەن بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئالاھىدە يېڭىلىق ۋە قىزىقارلىق بىلىندى. مانا مۇشۇلار مېنى يەر شارىدا تۇتۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب سىز. مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئىنسانلاردىكى بۈيۈك خىسلەتلەرنى كۆردۈم. سىزگە باغلاندىم، سىزدىن ئايرىلغۇم كەلمىدى...

لېرىخ سۆزلەيتتى، ئاۋازىمۇ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلگەندەك جاراڭلىق ئىدى، كۆزلىرىنى دىلارادىن ئۈزمەيتتى. دىلاراغا ئۇنىڭ سوغۇق كۆزلىرى ھازىر نۇرلىنىپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئىككى سەييارىدىكى تۇرمۇشنى كۆزىتىپ، يەر

شارىغا مېھرىنى بەرگەن بۇ يىگىت دىلا-
راغا بارغانسېرى يېقىملىق تۇيۇلماقتا
ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ بېرى زارى-
قىپ كۈتۈۋاتقان جاۋابقا ئېرىشكەنىدى.
لېرىدخنىڭ ئۇنى چەكسىز ياخشى كۆرىدى-
غانلىقى، ئۇنى دەپ ئۆز سەييارىسىگىمۇ
قايتمىغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.

دىلارانىڭ خۇشاللىقى بىرنەچچە
مىنۇتلا داۋاملاشتى. ئۇ لېرىدخنىڭ ئۆلۈم
توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ، بىر-
دىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە لېرىدخنىڭ
قوللىرىغا ئېسىلىپ:

— ماڭا راستىنى ئېيتىڭ ئېكرام،
ياق، لېرىدخ، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، —
سىز ئۆزىڭىزنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقى-
ڭىزنى بىلەمسىز؟ مېنىڭ بۇنىڭغا زادىلا
ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سىز ياشىشىڭىز
كېرەك، بۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

لېرىدخنىڭ بېشى چۆشۈپ كەتتى.



— قولۇمدىن كەلمەيدۇ، دىلارا، —
دېدى ئۇ ئارانلا ئاڭلانغۇدەك قىلىپ، —
كەلمەيدۇ، ماڭا باشقا يول يوق.

— ئىشەنمەيمەن، ئاپامنى ساقايتىش،
ئوت ئىچىدە قالغان بوۋاققا ھاياتلىق
ئاتا قىلىش قولىڭىزدىن كەلگەن يەردە
نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇش
قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. ياق، مەن قاراپ
تۇرۇپ سىزنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرە-
لمەيمەن. ھازىرلا ئۆيىدىن چىقىپ، ئاتاق-
لىق دوختۇرلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن...

لېرىدخ قوزغىلىشقا تەمشەلگەن دىلا-
رانىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ھاجىتى يوق
دېگەندەك بېشىنى چايقىدى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى
ئۇ خىرىلىدىغان ئاۋازدا، مېنىڭ يەنە
چارەك سائەتلىك ئۆمرۈم قالدى. مېنى
كەچۈرۈڭ دىلارا، مەن سىزنى ئالدىماس-
لىقىم كېرەك. سىز مېنى تاشقى پىلانت
ئادىمى دەپ تونىدىڭىز. مەن تاشقى پىلانت
ئادىمى ئەمەس، بەلكى تاشقى پىلانت ئادەم-
لىرى تەرىپىدىن ياسىلىپ، شۇلار تاپشۇرغان
ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتىلگەن ماشىنا
ئادەممەن.

دىلارانىڭ بېشى ئۈستىدە چاقماق
چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇر-
ماقچى بولدى، ماغدۇرى يەتمىدى. كۆز-
لىرى چۆچەكتەك چەكچەيگەن، چىرايى
تاتىرىپ كەتكەن دىلارا ئېلىشىپ قالغان
ئادەمدەك ماشىنا ئادەم، ماشىنا ئادەم
دېگەن ئىككى ئېغىز سۆزنىلا تەكرالايتتى.

— شۇنداق، مەن ماشىنا ئادەم، —
لېرىدخ بۇ گەپنى دىلارانىڭ چىرايىغا
قارىماي ئېيتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن مېنىڭ
نېمە ئامالىم بار، دېگەندەك ئوخشاش
ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، — مەن
سىزگە بۇنى بۇرۇنلا ئېيتىشىم كېرەك
ئىدى. لېكىن سىلەر ياشاۋاتقان ھاياتتىن،

سىزدىن كۆپرەك زوق ئېلىشنى ئويلىدىم. سىز ئېھتىمال، ماشىنا ئادەملەر زوقلىنىشنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ھازىر سىلەردە ياسىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان ماشىنا ئادەملەرنى بىزنىڭ سەييارىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ماشىنا ئادەملەر دېيىشكە بولىدۇ. ئادەملەر ماشىنا ئادەمنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ يولىنى تاپتى. شۇڭا ماشىنا ئادەملەرنىڭ تەرەققىياتى ئۇنى كەشىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېز بولدى. ئۇلار ھازىر ئادەملەر قىلىشنى ئويلىغان، لېكىن جۈرئىتى يەتمىگەن ئىشلارنى قىلماقتا. ئەگەر مۇنىدىن كېيىن ئۇلارنى باشقۇرۇش قاتتىق مەخپىي تۇتۇلمىسا، ماشىنا ئادەملەر ئۆز ئىگىلىرىگە بويسۇنماي، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئورۇنغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. بىزدىكى ماشىنا ئادەملەر ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىدىغانلار ۋە مۇرەككەپ، خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلار دەپ ئايرىلىدۇ. كېيىنكىلىرى بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىپلا قالماي، قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى، ئۆزىنى قوغداشنى، زۆرۈر تاپسا ھۇجۇم قىلىشنىمۇ بىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار پىكىر قىلالايدۇ. مانا مەن شۇنداق ماشىنا ئادەممەن. مەن بۇ قېتىمقى ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ماڭغاندا، ئۇلار ماڭا يەنە ئالاھىدە قۇرۇلمىلارنى قوشۇمچە ئورناتتى. مېنىڭ ھازىرقى ئىقتىدارىم ئادەملەردىن قېلىشمايدۇ. مەن ياخشى بىلەن ياماننى پەرق قىلىشنى، سىلەردەك تەبىئەتتىن، گۈزەللىكتىن زوقلىنىشنى بىلىمەن.

ماشىنا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى دىلاراغا قاتتىق ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، بېشى قېيىپ، ئۆي پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئۇ يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن كارىۋات يۆلەنچۈكىنى تۇتۇۋالدى. قانداق قىلسۇن؟ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ تېگىشلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلسۇنمۇ، مەلۇم قىلسا ئۇلار دىلاراغا ئىشىنەرمۇ. ئىشەنگەندىمۇ دەيلى، ھۆكۈمەت، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ سورۇشتۇرۇشلىرى، مۇخبىرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس زىيارەتلىرى، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ كۈلكىلىك سۆز - چۆچەكلىرىگە چىدىغىلى بولارمۇ؟ ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان ماشىنا ئادەم لېرىخنىڭ ئىناۋەت دېگەندە كۆزدە تۇتقىنى مۇشۇ بولسا كېرەك.

— سىز مەن توغرىلىق ھەرگىز باشقىچە خىياللاردا بولماڭ. مەيلى قانداقلا مەقسەت بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتسىڭىزمۇ ھېچنېمىگە ئۇلگۈرەلمەيسىز. ئىنسانلارغا چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلغان بىر ماشىنا ئادەمنى ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىرەر ھەرىكەت قىلىشىڭىزغا قەتئىي ئىشەنمەيمەن.

دىلارا قىزىرىپ كەتتى. ماشىنا ئادەم لېرىخ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكنى سېزىپ قالغانىدى. ئىنسانلارغا سىرلىق تۇيۇلىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرگە كۆنۈشكە باشلىغان دىلارا بۇ قېتىممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سىزدىكى ئالىيجانابلىق قاراڭغۇلاشقان قەلبىمنى يورۇتتى، — دېدى ئۇ، — مەن يەنىلا سىزگە سادىقمەن، سىز ياخشى كۆرگەن دىلارا بولۇپ قالىمەن.

لېرىخ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى، بۇ ناھايىتى ھەسرەتلىك، ئاچچىق ئۇھ تارتىش ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك تۈگۈلۈنۈپ، ئاندىن تولغاندى:

— ئاھ خۇدا، سەن ئادەملەرنى ھەممىگە قادىر قىلىپ ياراتتىڭ. ئادەم ئاتا

www.uyghurkitap.com

بىلەن ھاۋا ئانا ئۆزلىرىدە كەم بولۇپ قالغان نەرسىنى جەننەتتىن تېپىۋالغاندا، بۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلىدىغان جەننەتتىن قوغلىنىشتەك قاتتىق جازامۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئادەملەر ماشىنا ئادەمنى ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىدىنمۇ ئارتۇق كۈچ ـ قۇدرەت بەردى، لېكىن، ئەڭ مۇھىم نەرسە ــ ھېسسىياتنى بېرىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمىدى. شۇڭا ئۇ يەنىلا بىر تال سىمنى ئۈزۈۋەتسە، كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەسەك دۆۋىسى بولۇپ قېلىۋەردى.

بۇ ئاچچىق پەرىيادتىن دىلارانىڭ قەلبى ئېزىلدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

ــ لېرىخ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ــ دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ، ــ ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز. سىز ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلالايسىز. مەن سىزنىڭ سىرىڭىزنى ئادەم بالىسىغا تىنىماسلىققا قەسەم بېرىمەن.

ــ كېچىكتىم، دىلارا، ــ لېرىخ بېشىنى چايقىدى، ــ كېچىكتىم، لېكىن قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلدىم. ئۇلار مېنى ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىزدەشكە ئەۋەتكەن. مەن يەر شارىنى ئايلىنىپ، بۇ يەردە ئۇلارغا زۆرۈر بولغان خام ئەشيانى ھېسابسىز ئۇچراتتىم. ئەگەر ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببەت مېنى ئۆزىگە باغلىۋالمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىدا قىيامەت يۈز بەرگەن بولاتتى. مەن ئالەم كېزىپ نۇرغۇن سەييارىلەردە بولدۇم. مەن كۆرگەن سەييارىلەر ئىچىدە كۈچلۈكلىرىدىن ئاجىزلىرى، رەھىمسىزلىرىدىن رەھىمدىللىكلىرى كۆپ. مەن ئۇچۇپ چىققان سەييارىدىكىلەر بولسا (سىز بۇنى مۆلچەرلىيەلمەيسىز)، چەكسىز قۇدرەتلىك، لېكىن تەبىئىتى ۋەھشىي. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئالەم غوجىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆزلىرىگە بويسۇنمىغان ھەرقانداق سەييارىنى بىتچىت قىلىۋېتىش ئۇلار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. ئەگەر مەن ئۇلارغا يەر شارىدىكى كېرەكلىك خام ئەشيا زاپىسىنى مەلۇم قىلسام، ئۇلار ئۆزلىرىدە بار بولغان ئاخىرقى ئېنېرگىيە زاپىسىنى سەرپ قىلىپ، بۇ يەرگە بىر تۈركۈم ئالەم كېمىلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئەمدى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ: ئۇ ئادەملەر يەر شارىغا تەلۋىلەرچە يۇپۇرۇلىدۇ، يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. ئەگەر يەر شارىدىكىلەر قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى يەر بىلەن يەكسان قىلىنىدۇ. نەتىجىدە بۇ مۇنبەت زېمىن ئوت ياكى سۇ دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ئاقىۋەت مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. مەن كىم، مەن بىر ماشىنا ئادەم، مەن بىر مېتال دۆۋىسى. سىزگە دېگەنىمەن، مەندە ياخشى ـ ياماننى پەرق قىلىش ئىقتىدارى بار. نېمە ئۈچۈن تىنچ، خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتقان بىر سەييارە باشقىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشى كېرەك ئىكەن؟ ئىنسانلار ۋە ئىنسان پەزىلىتى مېنىڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىشىمگە تۈرتكە بولدى. مەن قايتىپ كەتمەسلىك، ئىنسانلارنى قوغداپ قېلىش نىيىتىگە كەلدىم. مانا، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن قايتىپ كەتمىدىم.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قۇدرەت ۋە پىداكارلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىققان بۇ ماشىنا ئادەمنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرى دىلارانىڭ قەلبىنى دولقۇنلاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسان بالىسىغا بولغان مۇھەببەت يالقۇنىدىنمۇ

كۆچلۈك بىر ئوت گۈلخان بولۇپ يانماقتا ئىدى.

— لېرىخ، — دەپ پەرياد قىلدى قىز ئۇنىڭ ھايات - ماماتلىقى ئۈستىدە خۇداغا نالە قىلغان چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك بىر پىغان بىلەن، — سىز يەر شارىدا قالدىڭىز، ھاياتىڭىزغا يېتىدىغان خەۋپ ناھايىتى يىراقتا قالدى. ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتى قولىڭىزدا تۇرغان پەردە يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ھالاك قىلىسىز. سىز ئىنسانلارنىڭ دوستى، سىز ئىنسانلار ئۈچۈن يەنە كۆپلىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسىز.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. مەن ئۇلارنىڭ يەر شارىغا كېلەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۇچۇپ كەلگەن ئىزنى بىر ئاخشامدا يوق قىلىۋېتىپ كەلدىم. لېكىن شۇ ئاخشىمى مەن مېنىڭ شەكلىمنى ئۆزگەرتىش ۋاقتىدا بەدىنىمگە يەر شارىنىڭ ھېسابى بويىچە ئالتە ئايدىن ئارتۇق ھەرىكەت قىلالمايدىغان بىر مىكرو تىپلىق قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. بۇنى بەكمۇ كېچىكىپ بىلدىم، بالدۇرراق بىلگىنىمدە يەنە بەزى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرەتتىم.

— ئۇنى ئېلىۋەتكىلى بولمامدۇ؟

— مېنىڭ ئېلېكترون مېڭەمدە بۇنداق نەرسە ئەسكەرتىلمىگەن. ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىش ۋە ئېلىۋېتىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن بۇ قۇرۇلمىنى ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقى ھەم ھەرىكەتلىنىش كۆرسەتكۈچىمدىن سېزىپ قالدىم...

لېرىخنىڭ نەپەس ئېلىشى ئاجىزلاپ، ئاۋازىمۇ بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئالدىراپ قالغان دىلارا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئۇنىڭ سوۋۇپ قالغان قوللىرىنى، يۈز - كۆزىنى سىيلايتتى، قىزنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياش لېرىخنىڭ كىيىمى، ئۇچۇق بويىنى ۋە يۈزىنى ھۆللەيتتى.

— ئىنسانلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم، شۇلارنىڭ ئارىسىدا، سىزنىڭ قولىڭىزدا ھەرىكەتتىن توختايدىغانلىقىمغا رازىمەن، — لېرىخ ئەمدى پىچىرلايتتى، ئاۋاز چىقىرىپ سۆزلەشكە مادارى يەتمەيتتى، — مېنى ئىنسان سۈپىتىدە دەپنە قىلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىزگىمۇ پايدىلىق. ئىكرامنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئىكەن، ئۇلارغا ئوغلىنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغانغا قارىغاندا، ئاغرىپ قازا بولغانلىقىنى ئاڭلاش ھەر ھالدا يېنىكرەك بىلىنىدۇ. شۇنداق، مېنى ئىنسانغا ئوخشاش ئۈزىتىپ قويۇڭلار... ئا... ئاخىرقى ئىلتىماسىم... مەن... مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭ...

دىلارا لەۋلىرىنى ئۇنىڭ سوغۇق لەۋلىرىگە ياقتى. لېرىخ يۇمۇلغان كۆزلىرىنى زورلاپ ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى. «ئىنسان بولۇپ قالغان بولسام» دېگەن سۆزلەرنى دىلارا قۇلىقى بىلەن ئەمەس، يۈرىكى بىلەن ئاڭلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قەيەرىدىندۇر بىر يېرىدىن تىرىق قىلغان ئاۋاز كەلدى. لېرىخنىڭ تېنى لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى، ئۇ ھەرىكەتتىن توختىغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

غالىب قۇربان

# ئىككى شېئىر

## تۇرنا

ئۇچ تۇرنا، قۇچ بۇلۇت، بوزما سېپىڭنى،
بۇلۇتلار يولۇڭغا بولسۇن پايانداز.
پېيىڭگە قوندۇرۇپ كۆكلەمنى ئەپكەل،
كۆكلەمنىڭ ئەلچىسى بولغىن چەۋەنداز.

ئېچىلغان كۆللەرنى قوچۇپ ئال بىراق،
ياپراقلار كۈيىگە قوشۇپ بەر ناخشا.
قانىتىڭ چاقنىسۇن نۇرلاردەك ھامان،
مەلەمگە كەلگەندە ئۇچارسەن ئاستا.

ئۇچ تۇرنا، ياپېپىشىل كۆكلەمنى ئەپكەل،
چۆللەرنىڭ چۈشىگە تاشلا چىمەننى.
تىنىمسىز ئويناقلاپ ئاققان بۇ دەريا
ئەۋەتسۇن ئۇنىڭغا گۈلىيەسمەننى.

## جەڭچى ناخشىسى

كەتسەم يىراق ـ يىراقلارغا سۆيۈملۈك دىلدار،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىدىن سورىغىن مېنى.
شاماللارنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سال بىدار،
ئۇنىڭدا بار يۈرىكىمنىڭ تونۇش رىتىمى.

قارىغايلارغا ھەمراھ بولۇپ يۈرىمەن ھەردەم،
ئاق باش چوققا، قىيالارغا ئېيتىپ سىرىمنى.
ھەر زەررىنى، ھەر گىياھنى جېنىم دەپ بىلسەم،
ياپراپ كېتەر ئىپتىخاردا يۇرتۇمنىڭ جېنى.

سۆيۈن سەنمۇ چېكەمدىكى دۆلەت گىرىمىدىن،
ھەۋەس قىلغىن مۇرەمدىكى كۈمۈش يۇلتۇزغا.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراق قەرزىدىن،
مۇئەككەلمەن ۋەتىنىمنىڭ دەرۋازىسىغا.

ئاپەت كېلىپ، يۇرت بېشىغا كۈن چۈشسە ئەگەر،
ئۇنىڭ ئۈچۈن پولات قالقان مەڭگۈ بۇ تېنىم.
جەڭگە كىرسەم ۋەتەن ئىشقى يېنىپ قەلبىمدە،
تۇپراق ئۈزرە سىڭىپ كېتەر قىپقىزىل قېنىم.

نۇرگۈل يۈنۈس

# مەن سەھەرنىڭ ئامراق كۈيچىسى

## گۈل

تەگىرىنىڭ سوۋغىسى بولمىسۇن يەنە
پەنجىرەم ئالدىدا تۇرغان بۇ رەيھان؟
قونماپتۇ ئۇنىڭغا تاڭ كېپىنىكى،
ياپپېشىل ياپراقلار شۇنچىلىك يۇمران.

قوزغىتىپ ئاجايىپ تۇيغۇلىرىمنى،
يىلتىزلار لېيىدىن چاڭقىيدۇ ئىپار.
ئاياغىنىڭ يېپىدا باغلانغان تېخى،
ئەكەلگەن كىم ئۇنى، قايسى ئاي دىدار.

ياپراقلار قېتىغا مۆككەن بىر ھېكمەت،
تەڭداشسىز پاكلىقتا چۆمۈلگەن ھەتتا.
گۈلمۇ بۇ ۋە ياكى پىنھان بىر سۆيگۈ،
گۈلدەستە ئاھ، ئەجەپ سىرلىق نېمىشقا؟

بۇ خۇشتار يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىپ،
كۆڭلۈمگە يېقىملىق تەشۋىشلەر كېلەر.
شۇ كۈندىن باشلاپلا قالدىم ئەندىكىپ،
دەپ قاچان گۈلچىنى پەنجىرە چېكەر؟

## سەھەرلەردىن ئىزدىگىن مېنى

مەن سەھەرنىڭ ئامراق كۈيچىسى،
كۈي قاتىمەن سەھەرگە پەقەت.
بالقىغاندا ئوتقاشتەك قۇياش،
تىنىقىمدىن ئالار ھارارەت.
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلمەيدۇ ياش،
ئايرىلسامۇ سەندىن قانچە رەت.

ئۇچۇپ كېتىپ قالىمەن بەزەن،
بارلىقىمنى تاشلاپلا تەنھا.
ئانام دۇئا قىلار پەرىشان،
دادام خوش دەپ ياش تۆكەر ھەتتا.
چىغىر يوللار خىيالغا چۆكۈپ،
ئۇزاق - ئۇزاق سوزۇلار ئاستا.

سەن شۇ يولدىن ئۆتسەڭ ناۋادا،
تونۇش شامال سۆيسە يۈزۈڭگە.
يۇمشاققىنە ئۇھ دېگىن، بىراق،
ياش كەلمىسۇن ئوتلۇق كۆزۈڭگە.
تېپىلارمەن پەقەت شۇندىلا،
سەن تىۋىنساڭ جىمجىت سەھەرگە.

ساھىللارنى بويلىسام تەنھا،
سۈرىتىمنى سىزار كۆك دېڭىز.
ھىدلاپ قاچار سەھەر شامىلى،
ۋۇجۇدۇمنى تاتلىق سۆيۈپ تېز.
سەھەرلەردىن ئىزدىگىن مېنى،
كۆمۈلمەيدۇ مەن قالدۇرغان ئىز.

www.uyghurkitap.com

# ئۇستاز

سىنىڭ نۇرانە يۈزۈڭدە ماناندەك بور توزانى بار،
دىلىمدا زەررە توزانغا مۇھەببەتنىڭ قىيانى بار.
قىيانىمنىڭ پەلەكنى قۇچـقىدەك ياڭراق چۇقانى بار،
گويا ھەر زەررىنىڭ كۆڭلۈم دالاسىدا بورانى بار.
نەزمەم ئارا ساڭا تارتۇق بۇ ئىشقىمنىڭ بايانى بار.

قارا قۇندۇز چېچىڭغا قوندى ئاقلىق قار كەبى لەپ ـ لەپ،
چېچىڭنىڭ ئاقلىقى كۆچتى يۈرىكىمگە بولۇپ سەپ ـ سەپ،
قۇيالمايدۇ يامانلار ئاق دىلىمغا قاراداغ سەپلەپ.
كۆڭۈلدە ئىزگۇ ھېس مەۋجى دەقىقە قالمىغاي پەسلەپ،
بۇ ئاقلىقنىڭ ساڭا قايتار تۇمەنلەپ ئارمىغانى بار.

ئىدىم كۆچەت نەۋ نىھال ـ يۇمران، بولدۇم بىر دەرەخ ـ ئورمان،
چېچەك ئاچتى كۆلەلمەي ھېچ بۇقۇلداپ يىغىـلىغان ئارمان.
تومۇردا ئاقتى ئويناقلاپ خۇشاللىق بىرلە ئۇرغۇپ قان،
گويا يەلكەن بولۇپ ئۈزدۈم كۆرۈپ مېھرىڭدە بىر ئوكيان،
ئەقىدەمنىڭمۇ ئوكياندەك ئەجەب كەڭرى پايانى بار.

ئېرىتكەي سۆزلىرىڭ ئۇستاز، يۈرەكلەر پۈتسىمۇ تاشتىن،
سۆزۈڭنى ئاڭلىسام ھەر رەت تۇغۇلغايمەن يېڭىباشتىن،
ماڭا ئۆزگە مەنە يوقتۇر سىنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشتىن،
ئۆگەتتى غەيرىتىڭ ئۇستاز چېچەك ئۈزمەكنى كۆز ياشتىن،
جاراھەت ئورنىدا كۈلگەن گۈلۈمنىڭ باغ ـ ۋارانى بار.

ماڭا ئاپئاق چېچىڭ بەرگەي ۋاقىتتىن ھەر نەپەس ئاگاھ،
ياشا دەيدۇ كۈلۈپ ئاپئاق چېچىڭ ھەسرەتتە چەكسەم ئاھ،
سىنىڭ ھەر خىسلىتىڭ ئىچرە خۇشال كۈلگەي جىمى دۇنيا،
يەنە كۆرسەت ئەقىل كۆپلەپ، سىنىڭدىن بولسامۇ بىر دانا
ھايات يولۇمدا مۈشكۈلنىڭ يەنە نۇرغۇن داۋانى بار.

تالاي سىرلارنى يەشتىڭ ھەم ماڭا مىڭلاپ سوئال بەردىڭ،
سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن قوشلاپ ئامال بەردىڭ،
ئىدىم مەن بىغەم، بەڭباش چېكى يوق ئوي ـ خىيال بەردىڭ،

ئەجىر ـ مېھنەت تەرىنىڭ بىرلە كۆكلۈل بېغىغا گۈل تەردىڭ،
ماڭا بەرگەن ئەجىرلەرنىڭ ھەممىسە ئىمتىھانى بار.

ئارزۇگۈل ئالىم

# گۈزەللىك — يەردە

## مەڭگۈلۈك ماۋزۇ

قولۇمغا ئالسام قەلەمنى شۇئان،
تەپەككۇر قۇشلىرىم قىلىدۇ پەرۋاز.
تىزىلىپ مىسرالار پۈتىدۇ داستان.
پۈتكەندەك يىللارنى كۈز، قىش،
باھار، ياز.

ھېسىمغا ھاكىمدۇر چەكسىز تەشنالىق،
سۆيگۈنىڭ ئەۋجى بار تومۇرلىرىمدا،
شۇ سۆيگۈ ۋەتىنىم، خەلقىمگە تالىق،
مەڭگۈلۈك ماۋزۇ ئۇ شېئىرلىرىمدا.

قەلبىمنىڭ ئىزھارى، ھەربىر شېئىرىمدىن
زوقلىنىپ كۈلسە ئەل، قانسا يۈرەكلەر،
ئاشۇ چاغ مەمنۇن بوپ مېھنەت ـ
ئەجرىمدىن
كۈلەتتى قەلبىمدە ئۇتلۇق تىلەكلەر.

## يېزام گۈزەل، كۆرۈكلار

چارچىغان قۇياشنىڭ كۆزى قىزىرىپ،
سۈلەتلىك تاغلارغا باش قويدى يەنە،
ئۇپۇقنىڭ جىيەكى گۈلگۈن بېزىلىپ،
جانانىنىڭ لېۋىدەك رەڭ ئالدى ئەنە.

كۈگۈمنىڭ تونىغا ئورىنىپ ئاخشام،
بوۋاقتەك بەخۇدۇك ئۇخلايدۇ يېزام
ۋەلېكىن ئۇخلىماس ئوغۇل ـ قىزلىرى،
مۇجەسسەم ئۇلارغا غەيرەت ۋە چىدام.

يېزامنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ كېتەلمەي
خۇش چىراي باقىدۇ نۇرلۇق تولۇن ئاي.
يۇلتۇزلار چاراقلاپ كۆزنى ئۈزەلمەي،
يېزامغا سۆز تاشلار دېيىشىپ ئاي ـ ھاي.

دوستلىرىم، كۆرۈكلار گۈزەل يېزامنى،
ماختىسام سۆزلىرىم مەڭگۈ تۈگىمەس،
ئۇزلۇقى جەننەتكە ئۆرنەك بوستاننى
تەرىپلەپ يازساممۇ ئەبەدىي پۈتمەس.

## گۈزەللىك — يەردە

خىياللىرىم كۆك قەرىگە ئېتىلىپ،
چاراقلىغان يۇلتۇزلارنى يوقلايدۇ.
ھىلال ئاينىڭ گىرۋىكىگە ئېسىلىپ،
پىرقىرايدۇ، بىر جايدا ھېچ تۇرمايدۇ.

خىياللىرىم سامان يولى بويىدا
تەئەججۈپتە قىلار ھامان ساياھەت.
سەييارىلەر ئۇنىڭ ئوڭى ـ سولىدا،
يەتكۈزەلمەس ئاڭا ھېچبىر مالامەت.

www.uyghurkitap.com

خىياللىرىم يۇلتۇزلارغا يولۇقۇپ،
سورار ھەربىر چىققان نۇردىن گۈزەللىك،
بەختىياش نۇرلار قاچار تېزلا ھولۇقۇپ،
تېپىش ئۈچۈن يەر شارىدىن ئەۋزەللىك.

خىياللىرىم سوراپ ئايدىن ھارمايدۇ،
— ئېيتقىنا بىر چىن گۈزەللىك نەدە؟ —
دەپ.
تولۇن ئايمۇ جاۋاب بىلەن قارايدۇ،
«ئەسلى بىلسەڭ گۈزەللىك — ئۇ يەردە!»
دەپ.

## شۇمىكىنە مۇھەببەت دېگەن

ئۆزگىلەر تىلىدىن ئاڭلانسا ئىسمىڭ،
نېمىشقا ياپراقتەك تىترەر ۋوجۇدۇم.
بىرەلمەي بىر يىللىق سېزىمگە بەرداش،
نېمىشقا ئاسقار سەبىي يۈرىكىم.

نېمىشقا رىتىمدىن ئازىدۇ يۈرەك؟
نېمىشقا سېنىلا ئارتىدۇ كۆڭلۈم؟
نېمىشقا خىيالىم سەندىلا پەقەت؟
نېمىشقا سېنىلا ئىزدەر كۆزلىرىم؟

ئابلىز ھوشۇر

خىياللار ، ئىچىگە پېتىپ قالىمەن،
ۋىسالچۈن دەرد چېكىپ ئۇھسىنىپ بەزەن.
چېچىلدى ھېسلىرىم ئالالماي تىنىم،
بىلمىدىم شۇمىكىن مۇھەببەت دېگەن؟!

## سېنىڭلا بەختىڭگە كۈلۈپ ئۆتەي مەن

سۆيگۈمگە خېرىدار قىلاي دەپ سېنى،
ئاھ ئۇرۇپ تالاي رەت يېلىندىم ساڭا،
ۋە لېكىن سۆيگۈنى تۇتتۇڭ سەن پىنھان،
كۆزۈڭنى قىيا بىر سالمىدىڭ ماڭا.

چۈشەندىم ئاخىرى سۆيگۈ سىرىڭنى،
ئىكەنغۇ سۆيگۈڭگە باشقىلار ئۇلپەت.
ئاخىرقى ئۈمىدىم ـ تىلەيدىغىنىم
سادىق بول سۆيگۈڭگە ئەبەدىلئەبەت.

سۆيگۈدە پۇچۇلۇپ يىغان يۇتسامىمۇ،
رازىمەن ھەم ساڭا بەخت تىلەيمەن،
بىر ئۆمۈر دەردىڭدە ئازاب چەكسەممۇ،
سېنىڭلا بەختىڭگە كۈلۈپ ئۆتەي مەن.

# غەزەللەر

1

ۋىسال يولىدا تەرك ئەتمەك مېنى زىنھار ئىلاجىمدىن،
تاپاي مەن دەردكە دەرمانىنى ھالال ئەجرۇ ـ خىراجىمدىن.

قاچانكى ئۇ پەرى ـ پەيكەر مېنى ھىجرەتتە قالدۇردى،
بۇ ھىجرەت دەردى ئاياندۇر كۆزۈم ياشى رىۋاجىمدىن.

كۆڭۈل ۋادىسىدا سۆيۈپ ئۇ دىلبەر شەرتى دەپ ئىشتىكەچ،
ئالۇرمەن كۈندۈزى ئاپتاپ، كېچە نۇر شام ـ سىراجىمدىن.

يۈرەكىمنىڭ ئويىنىشى تەپتىن، دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم،
كۆرۈڭ بۇ تەپنى - ئاتەشنى بۈگۈن ھالۇ - مىزاجىمدىن.

جۇنۇنلۇق دەشتىدە چۆشسە ھوشۇرى باشىغا گەر تاغ،
كېچەر دەپ ئويلىماڭ زىنھار ۋىسالىغا ئېھتىياجىمدىن.

2

نىگارا، تەسۋىرىڭ بىر - بىر خالايىق قالسا سوراقلاپ،
دېگەيمەن: جەننەتۇ ھۆرمۇ تۇرار ئالدىمدا قول باغلاپ.

نە ھۆركى، لەۋلىرىڭدىن گۈل، قېشىڭدىن تاغ قىياقى لال،
رەشىك ئوتىدا داغ قىپتۇ يۈزىنى ئايمۇ تىرناقلاپ.

ۋۇجۇدۇڭ پاكلىقىدىن با تېنىم تاپقاچقا پاكلىقنى،
ئۆزۈمنى بەختىيار سەزدىم ئۆمۈر قىسسەمنى ۋاراقلاپ.

كۆزۈمنىڭ گۆھىرى سەن - سەن، سېنىڭسىز تاڭمۇ تۈن گويا،
ياشايمەن چىن ساداقەتتە ئۈمىد - ئىستەكلىرىڭ ئاقلاپ.

3

بىلەمسەن دىلرەبا، ھەر تاڭ ساڭا مىڭ كۆي ئاتاي دەيمەن،
ئاياغىڭغا قويۇپ باش ھەم قولۇڭغا سۇ تۇتاي دەيمەن.

دىلىم ئەمالقىدىن بۇ جاھاندا نۇر گادايىمەن،
جامالىڭ ۋەسلىدە قەلبىم ئۆيىمنى يورۇتاي، دەيمەن.

سىنىڭ خۇش - شادلىقىڭ ھەردەم ماڭا جەننەتتىن ئەۋزەلدۇر،
بېھەش پەيزىنى چېھرىڭدە تەبەسسۇمدىن ئالاي، دەيمەن.

جاپانىڭ تاغلىرى باسسا ئەگەر يەلكەڭنى بىر مەرتە،
دەقىق بەختىڭگە مىڭ مەرتە جېنىمنى ئۆپرىتاي، دەيمەن.

كېچەلەر كىرپىكىڭ يۇمساڭ، بېشىڭدا مەن بولۇپ ماھۇق،
سەھەر ئۇيقۇغا يۈزلەنسەڭ، سۆيۈپ بىر ئويغىتاي دەيمەن.

ساڭا بولغان ئەقىدەمدىن جېنىڭغا جان قوشۇپ ھەردەم،
ھاياتىڭ شامىنى پارلاق قۇياشتەك چاقنىتاي دەيمەن.

ھوشۇرى قەلبىمدە چوغسەن، گويا يەلپۈللىگەن توغسەن،
ئۈنىڭچۈن بىر ئۆمۈر، بىلسەڭ بېشىمدا ئوينىتاي دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالىم تۇرسۇن

# ئىككى شېئىر

## سەن گويا قەلبىمدە ئېچىلغان بىر گۈل

سەن گويا قەلبىمدە ئېچىلغان بىر گۈل،
كۈمۈش رەڭ شەبنەملەر بەرگىڭگە جىيەك.
ئىلاھ سەن ئۈزلۈكتا بىر ماڭا تۈگۈل،
بار ساڭا ئېتىقاد، ئۆچمەس بىر تىلەك.

پۈركۈيدۇ ۋەسلىڭدىن خۇش پۇراق ئىپار
جېنىمغا تۈگىمەس ھۇزۇر بېغىشلاپ.
ئۆتكۈزدۈم تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز — بىدار،
نامىڭنى يادلىدىم يېنىش - يېنىشلاپ.

يارقىن ۋە قۇدرەتلىك سۆيگۈنى كۈيلەپ،
نۇر بولۇپ پارلايدۇ مەندىكى ئىستەك.
بەرگىڭگە چاڭ قونۇپ قالارمىكىن دەپ،
ئۈششۈگەن يۈرەكتە باردۇر بىر تىترەك.

سەن گويا قەلبىمدە ئېچىلغان بىر گۈل
ۋە لېكىن ۋەسلىڭدىن تۇرىمەن يىراق.
ئۇپۇقتا ئوخشايدۇ سۆيگۈ بار كۆڭۈل،
شارابقا ئوخشايدۇ سەۋدا ۋە پىراق.

## بەرىبىر

سەن مېنى سۆيگىن ۋە سۆيمە بەرىبىر،
سەن قەلبىم بېغىدا توزىغان بىر گۈل.
توزىغان نەرسىلەر نەقەدەر پەقىر،
قۇت قونماس، نۇر قونماس ئۇنىڭغا
پۈتكۈل.

كۆمۈلگەن ئۆتمۈشنى كەلتۈرمە مىسال،
سەن ئۈچۈن ئۇ شېرىن، مەن ئۈچۈن
ئازاپ،
قۇدرەتلىك بولسىمۇ قانچىلىك خىيال،
بېرەلمەس بىر زەررە رېئاللىق تاشلاپ.

مەخمۇتجان مېھمان

# بىر نۇر كېلەر

بۆسۈپ كېلىپ بىر پارچە بۇلۇت،
يەر بويىنغا سالدى چىمىڭ گىرە،
چاقناپ كەتتى بىپايان ئاسمان،
بىر نۇر كېلەر (تىلسىم مەنزىرە).

قارىچۇقۇمدا قالغان شۇ سىياق،
ئاھلىرىمدىن ياسايدۇ تىزىق.
يامغۇر بىلەن قوشۇلار يېشىم،
بىر نۇر كېلەر، بىر ئالتۇن سىزىق.

بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ غەمكىن
ئۆتۈپ كەتتى شۇ تونۇش ۋۇجۇد.
كۆزلىرىدىن ئاجايىپ تەمكىن
بىر نۇر كېلەر، كېلەر بىر ئۈمىد.

ئايشەمگۈل قارى

## ئۇستاز مېھرى

ئۇستازنىڭ قەلبىدە پارلايدۇ قۇياش،
تارايدۇ دىللارغا بىھېساب نۇرى.
ئېرىيدۇ تەپتىدىن مۇدھىش زىمىستان،
ئۇ بىلەن ئاشىدۇ دىلنىڭ غۇرۇرى.

ئۇ بىلەن رەڭلىنەر ھەر يۇمران غۇنچە،
ئۇ بىلەن ھەمىشە چېچەكلەيدۇ جان.
ھەر سۆزى جاۋاھىر، ھەر سۆزى ئۈنچە،
ئۇ بىلەن ئاپتاپتەك چاقنايدۇ ۋىجدان.

سىڭمەكتە جانىجان ئۇستازنىڭ مېھرى
بىز ئۆسمۈر باللار قېنىغا ھەردەم.
ئۇ بەرگەن ھېكمەتتەك ياندى كۆزىمىز
گۈل رەڭلىك كېلىچەك ئورنىغان مەھكەم.

ئايسىمە ئىدرىس

## ئېزىققان سەيياھ

### خەير خوش، خەير خوش، تەنتەك ئۆتمۈشلەر...

كۆز نۇرۇڭ گوياكى قىزىغان بازغان،
قىسىلغان يۈرەكنى قىينايدۇ ئەنسىز.
قەلبىڭدە ئۆتمۈشۈم بولۇپ بىر ۋولقان،
بىلىمەن، سۆيگۈڭنى ئۆرتەر تىنىمسىز.
سۆزۈڭدىن ھېسلىرىڭ ئايانىدۇر ماڭا،
كار قىلماس تەسەللىي ئەسەبىي تەنگە.
تىمتاسلىق ھەسرەتنى كەلدى ھاپاشلاپ،
تۇرىمەن ئىزادىن تىكىلىپ يەرگە.
خىيالىي ناملارنى ئاتىدىڭ ماڭا،
تەۋرەنگەن چۈشسىمان سايىلەر ئىچرە
مەجبۇرمەن ئۇلارنى قىلىشقا قوبۇل
قايتساملا تۇمانلىق ئاشۇ ئۆتمۈشكە.
ئۇنتۇشقا مۇمكىنتى سالمىساڭ ئەسكە
يۈرىكىم ئورنىغا چۈشەتتى بىر پەس،
ئاھ، ئاشۇ تەنتەكلىك، بەڭباش خىيالدىن
باسارمۇ مېنىلا ئۆمۈر بويى نەس؟
تاللارنىڭ ياپرىقى توسۇپ ئاي نۇرىن،
تاتارغان يۈزۈڭگە چۈشكەندە سايە،
بىلمىدىم نېمىلەر ئويلىدىڭ جانان؟
تۇتتۇڭ سەن قولۇمنى سىلىق-سىپايە...

### ئاھ، كۆچتى قەلبىمگە دەريا شاۋقۇنى

ئاقىدۇ تىنىمسىز قەدىمى دەريا،
ھەسرەتلىك كۈيلەرنى باغرىغا يېقىپ.
تۇرىمەن ياپيېشىل قىرغاقتا يالغۇز
قىرغاقتىن ئايرىلغان كېمىگە بېقىپ.
گىرىمسەن شوللار غەمكىن داۋالغۇپ،
كېيىنكى ھىجراننى سالماقتا ئەسكە.

تۇمانلار ئاتلىنىپ قوندى تاغلارغا،
ئۇپۇقتا تاقاشتى يەلكەننىڭ چېتى.
كۆرۈنەر يىراقتىن ئاق رەڭلىك سىيما،
خوشلىشىپ ماڭدى ئۇ ناتونۇش يەرگە.
دوقمۇشتىن قايرىلىپ يوقىلەندە كېمە،
ئاھ، كۆچتى قەلبىمگە دەريا شاۋقۇنى...

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

# ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى

تەھرىر بۆلۈم ئوبزورچىسى

بۇ يىل 5 ـ ئايدا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىغا 50 يىل توشىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرىدە جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، ماركسىزم ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئىجادىي بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ مەقسىتى، نىشانى، يۆنىلىشى، ۋەزىپىسى، جۈملىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئەسەر يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى غەلىبىگە يېتەكلەيدىغان قىبلىنامە بولۇپ كەلدى. بۇنىڭغا ئېلىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئەمەلىيىتى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «نۇتۇق» تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ مىللەتنىڭ ئىلمىي، ئاممىۋى، يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزمنى، جەمئىيەتنى ئۆگىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە «يېڭى ئادەم، يېڭى دۇنيا» نى تىرىشىپ ئىپادىلەش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى؛ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەيىنەك قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ھەمدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ يىمىرىلمەس ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىغانلىقى ئەڭ جانلىق مىسال بولالايدۇ.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ، جۈملىدىن «نۇتۇق» نىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. بىزنىڭ ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرىمىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى بويىچە جاپالىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سان - ساناقسىز ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. بۇ پاكىتلارغا كۆز يۇمۇش مۇمكىن ئەمەس.

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتكەن مەزگىللەردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «نۇتۇق» تا ئىلگىرى سۈرۈلگەن تۈپ يېتەكچى ئىدىيىنى ئىنكار قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى تۈيۈق يولغا باشلاشقا ئۇرۇندى. نەتىجىدە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، ئەدەبىيات سەنئەتنى رېئال تۇرمۇشتىن، دەۋردىن، خەلقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ھەتتا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى بىلەن بىلىش رولىنى چەتكە قاقىدىغان خاتا خاھىشلار باش كۆتۈردى. مۇقامى تۆۋەن، چاكىنا، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام بولمىغان، ھەتتا چىرىك، زىيانلىق نەرسىلەر تەرغىب قىلىنغان يامان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىگە، ئاساسلىقى «نۇتۇق» قا قارىتىلغانىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق تارىخىي شارائىتتا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ماھىرلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە، جۈملىدىن «نۇتۇق» نىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش بىردەكلىككە ئىگە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆزى» ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەمۇنىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدە، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپ، مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلغا ئاساسەن

www.uyghurkitap.com

يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى يېڭى ئەھۋاللارغا، يېڭى مەسىلىلەرگە، يېڭى تەلەپلەرگە، ئەدەبىيات ــ سەنئەت سېپىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار يېڭى ئىلمىي يەكۈن ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئالدى بىلەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يېڭىباشتىن مۇئەييەنلەشتۈردى، ئىككىنچىدىن، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مېتودولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات ــ سەنئىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پروگراما «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرى» دېگەن كىتابتا، بولۇپمۇ «جۇڭگو ئەدەبىيات ــ سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 ــ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز» دە ئىنتايىن سىستېمىلىق شەرھلەندى.

يولداش جياڭ زېمىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» دە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ، جۈملىدىن ئېلىمىز ئەدەبىيات ــ سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبە ــ ساۋاقلىرىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، دەۋرنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىيات ــ سەنئەتكە قويۇۋاتقان يېڭى تەلىپىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەرمىللەت ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلىرىگە توغرا نىشان كۆرسىتىپ بەردى ھەم كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

ئۇ ئۆز سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئارزۇسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى، خەلقنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى، كۆپ تەرەپلىمە، مول، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، خەلقنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغىشى كېرەك. (بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس ــ بەستە سايراش)، (قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش) ــ پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك پەن ــ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم فاڭجېنى. بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىدىغان جۇشقۇن كەيپىياتنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي كۆز قاراش، سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ بەس ــ بەستە سايرىشى ۋە كېڭىشىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، يولداشلارچە تەنقىد ۋە قارشى تەنقىدنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، ساغلام، مەدەنىيەتلىك، ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم. بۇ ئەسەرلەردە سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىي مۇقام بولۇشى كېرەك.»

يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىدە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئىرادىسى نامايان قىلىنغان. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر نۆۋەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئېلىمىز مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ھەم يېڭى تەرەققىياتى.

ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەش مەسئۇلىيىتى بار. خەلقىمىز ئىجادىيەتچىلەردىن روشەن سوتسىيالىستىك دەۋر روھىغا ئىگە، رېئال ھەم قايناق تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ھەم يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بۈگۈنكى تارىخىي دەۋردە خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك ئىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت. ئىجادكارلىرىمىز دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئەمەلىيەتكە، بۇ جەددىي رېئاللىققا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇنىڭغا ئاساسىي زېھنىنى قارىتىپ يېقىندىن ياندىشىشى، ئۇنى ئالدى بىلەن گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈشى، قىزغىن كۈيلىشى لازىم. بۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا بارلىققا كەلگەن دەۋرىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ھەرقايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئادەملەر، يېڭى روھ، يېڭى كەيپىيات قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا يېڭىچە روھ، غەيرەت ـ جاسارەت، يۈكسەك ئىرادە بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش ئىرادىسى ۋە ئاكتىپلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىشى، شۇنداق قىلىپ خەلقىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن دادىل شۇغۇللىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى كېرەك. مانا بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى، ئىجادكارلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى.

خەلق ئەدەبىياتقا موھتاج. ئەدەبىيات خەلققە تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا يۈكسەك ئاڭلىقلىق ھەم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا چۆكۈپ،

uyghurkitap.com

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

# بالىلار ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى

— ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

يولداشلار، رەھبەرلەر:

بىز بۈگۈن بۇ يەردە خۇشال - خورام جەم بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر، بالىلار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىۋاتقان 3 - نۆۋەتلىك باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى. بۇ پائالىيەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈر - بالىلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش، ئۆسمۈر - بالىلارغا بولغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ قېتىمقى باھالاش - مۇكاپاتلاش ۋە ئەسەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە باشتىن - ئاياغ باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى يېتەكچىلىك قىلدى. باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى بۇ پائالىيەتنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولغان بەش ئورۇننىڭ مەسئۇللىرى ۋە يازغۇچى، ئوبزورچىلاردىن بولۇپ توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان. يولداش لى كاڭنىڭ ھەيئەت مۇدىرى، قەييۇم تۇردى، چېن بەيجۇڭ يولداشلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرى بويىچە تۆت باھالاش گۇرۇپپىسى ۋە باھالاپ مۇكاپاتلاش خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئەسەر قوبۇل قىلىش ۋە باھالاش - مۇكاپاتلاش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا 1990 - يىلى 4 - ئايدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغانىدى. ئۇقتۇرۇشتا باھالاش - مۇكاپاتلاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر 1987 - يىلىدىن 1991 - يىلى 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مەتبۇئاتلارنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بويىچە بىر قېتىم كەڭ دائىرىدە ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتى

ئۆتكۈزۈشى تەلەپ قىلىنغان. شۇنداقلا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بۇ قېتىمقى باھالاپ مۇكاپاتلاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندىغانلىقى تەلەپ قىلىنغان.

باھالاش-مۇكاپاتلاش بىلەن ئەسەر قوبۇل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش بۇ قېتىمقى باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، ئەدەبىياتچىلار جەمئىيەتلىرى، نەشرىياتلار، ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرى بۇ پائالىيەتكە قىزغىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئاكتىپ ماسلاشتى. ھەرمىللەت بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تەۋسىيە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە قىزغىن قاتناشتى. 1991-يىلى 8-ئايغا قەدەر باھالاش-مۇكاپاتلاش ئىشخانىسى 20دىن ئارتۇق ھەتبۇئات، كوللېكتىپ ئورۇنلار ۋە نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار تەۋسىيە قىلىپ كۆرسەتكەن 716 پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئەسەرلەر پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسىر، مەسەل، چۆچەك، تېپىشماق قاتارلىق خىلمۇ-خىل بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆت باھالاش گۇرۇپپىسى تەۋسىيە قىلىنغان ئەسەرلەرنى تولۇق، ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى. باھالاش-مۇكاپاتلاش ھەيئىتىنىڭ باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرگە قويغان ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، مۇقامى يۇقىرى بولۇش، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر، بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە قىزىقىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شەكلى يېڭى ھەم جانلىق، ئۆسمۈر-بالىلار ياقتۇرىدىغان بولۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق بىرقەدەر مۇنەۋۋەر دەپ قارالغان 50 پارچە ئەسەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ، باھالاش-مۇكاپاتلاش ھەيئىتىنىڭ بېكىتىشىگە سۇندى. 10-ئاينىڭ 12-كۈنى باھالاش-مۇكاپاتلاش ھەيئىتى يىغىن ئېچىپ، بۇ 50 ئەسەرنى بېكىتتى. بۇنىڭدىن 16 ئەسەر بىرىنچى، 34 ئەسەر 2-دەرىجىلىك ئەسەرگە ئايرىلدى، بالىلار ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەشكىلاتچىلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، باھالاش-مۇكاپاتلاش ھەيئىتى يەنە ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدە مۇكاپات تەسىس قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بالىلار ئەدەبىياتى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئىككى يولداشقا مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى خىزمەتچىسى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ھەمدە تەھرىرلىگەن ئەسەرلىرىدىن بۇ قېتىم ئىككىدىن ئارتۇقى مۇكاپاتلانغان 10 نەپەر مۇھەررىر مۇنەۋۋەر مۇھەررىر بولۇپ باھالاندى.

بۇ قېتىمقى باھالاش-مۇكاپاتلاشتا گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلار ۋە ئاپتورلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى بىرلەشتۈرۈلدى، باھالاش-مۇكاپاتلاش دائىرىسى، كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەر بىرقەدەر كەڭ بولدى، باھالاش خىزمىتى بىرقەدەر ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلەندى، تەسىر دائىرىسىمۇ بىر قەدەر چوڭ بولدى، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىلىرى يەنە بىر قېتىم كۆرەك قىلىندى ۋە يەكۈنلەندى. ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى پائالىيەت ھەر مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ «بالىلارنى

www.uyghurkitap.com

ئاسراش، بالىلارنى تەربىيىلەش، بالىلارغا ئۈلگە بولۇش، بالىلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش» مەسئۇلىيىتى ۋە ئېڭىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، ھەر مىللەت بالىلار ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقى، ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، شۇنداقلا بالىلار ئەدەبىياتى ئىشلىرىنى ئويۇشتۇرۇش، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشتا كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغۇسى.

بۇ قېتىمقى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بىز مەمنۇنىيەت بىلەن شۇنى كۆرىمىزكى، بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنىڭ سەۋىيىسى خېلى دەرىجىدە ئۆسكەن، كۆپ ساندىكى ئەسەرلەردە بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە «ئىجابىي ئوبراز يارىتىش، تەربىيىۋى رولىدا چىڭ تۇرۇش، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش» تىن ئىبارەت تەلەپ گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىدە مەلۇم دەرىجىدە بۆسۈش بولدى، تېما، شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلدى. مەسىلەن: ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «چۆل ئوغلى» ناملىق پوۋېست، «بالىلار مېنى ئەپۇ قىلىڭلار»، «چاشقانلارنىڭ قايغۇسى»، «بوۋام قۇشلار تىلىنى بىلىدۇ»، «مەن دۆت ئەمەس»، «چۈجە خورازنىڭ دوست تېپىشى»، «توغراق» ناملىق ھېكايە، نەسرلەر، «ئۇ نېمە»، «باغچا قوينىدا» ناملىق تېپىشماق ۋە شېئىرلار، خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «بىر جۈپ بۇغىنىڭ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق پوۋېست، «يايلاقتا بەخت ئېلىپ كەلگەن قارلىغاچ» دېگەن ئەدەبىي ئاخبارات، «خىيالچان بالا» ناملىق چاتما شېئىر، قازاق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «نۇرادىل ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئىلمىي فانتازىيىلىك پوۋېست قاتارلىقلاردا ھەر مىللەت ئۆسمۈر ـ بالىلىرىنىڭ شوخ، جۇشقۇن، ئوماق ئوبرازى تىرىشىپ يارىتىلىپ، بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە قىزىقىشى بىرقەدەر ياخشى بىرلەشتۈرۈلۈپ، كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن.

ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇرۇنقى ئىككى قېتىملىق بالىلار ئەدەبىياتىنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېڭى كىشىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى قوشۇنى بارغانسېرى زورىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەسلىدىكى كونا ئاپتورلىرىمىز يېقىنقى يىللار مابەينىدە ھارماي ـ تالماي ئىجاد قىلغان بولسا، يېڭىدىن مەيدانغا چىققان ئاپتورلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ـ يېڭى ئەسەرلىرى بىلەن بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارىمىزغا يېڭىچە رەڭ، يېڭىچە پۇراقلارنى بەخش ئەتتى. بۇ قېتىمقى باھالاش ـ مۇكاپاتلاشتا بىز ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق باھالاشتا مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، سۈپىتى تەڭ باراۋەر بولغان ياكى يېقىنلىشىدىغان ئەھۋالدا

يېڭى ئاپتورلارغا ئېتىبار بېرىپ ئۇلارنى باھالاپ، بالىلار ئەدەبىياتى قوشۇنىنىڭ زور دېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەكىتلىدۇق. بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان ئاپتورلار ئىچىدە يېڭى ئاپتورلار تەخمىنەن بەشتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى ئاساسىي قاتلاملاردا تۇرۇۋاتقان ياكى بالىلار مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار. 12 سى ئايال ئاپتور. بىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ تۆتى ئۆسمۈر ۋە ئوقۇغۇچى ئاپتور. بىز شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرقەدەر مۇقىم، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىر بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيەت قوشۇنى شەكىللەندى.

ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىشلىرى بەلگىلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى ۋە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مەخسۇس ياكى دائىم باسىدىغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلاردىن يىگىرمىگە يېقىنى بار. بالىلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ شەكىل بارغانسېرى گېزىت-ژۇرنال ۋە نەشرىياتلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىشكە باشلىدى. مەسئۇلىيەتچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم بالىلار ئەدەبىياتى مۇھەررىرلىرى، تەشكىلاتچىلىرى ئاپتورلارنى ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەپ، ئەسەر ۋە كىتابلارنى چىقىرىپ، بالىلار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا نۇرغۇن ئەجىر قىلدى، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ نامىنى، خالىسانە ئەمگىكى بىزنىڭ ئالاھىدە قەدىرلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىشلىرىدا خېلى چوڭ ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە يەنىلا روشەن پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر ساقلانماقتا، يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ سانى، بولۇپمۇ سۈپىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈر-بالىلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى دېگەندەك قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ئۆسمۈر-بالىلار ياقتۇرىدىغان، تەسىرى چوڭراق يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر يەنىلا ئاز، بالىلار ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارىنى بەرپا قىلىش، بالىلار ئەدەبىياتى ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش خىزمەتلىرىدىمۇ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر بار. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ئۆسمۈر-بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم» دېگەن چاقىرىقىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى سوتسىيالىزملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق روھ بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، بىز ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆز ئارا تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىپ، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى ھارماي-تالماي چىڭ تۇتۇپ، بالىلار ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور دەرىجىدە گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز. ھەممەيلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى — بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى يولىدا تېخىمۇ كۆپ ئەجرىمىز ۋە ئەقىل-پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

سەييارە سەلەي

## ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدا

ئىنقىلابىي قۇربان ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى شېئىر، فېلىيەتون، نەسىر، سەھنە ئەسەرلىرى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ، پەقەت شېئىر ئىجادىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ل. مۇتەللىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، قويۇق دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، زور ئىدىيۋى ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى. شائىر كىچىككىدىنلا رېئال ھاياتنىڭ قاينىمىدا ئۆسكەن ۋە ئىجادىيەتتە رېئال كۈرەشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ رېئالىزمنى ئاساس قىلىپ، قويۇق رومانتىزم ئارقىلىق ئەينى دەۋرنى ۋە خەلق قەلبىنىڭ سادالىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى قىلغانىدى. ئۇ مەيلى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى بىۋاستە سۈرەتلەشتە بولسۇن ياكى مەنزىرە تەسۋىرىگە تايىنىپ ھېسسىيات ئىزھارلاپ ئوخشىتىش، مەجاز، تەمسىل قىلىش، بىشارەت بېرىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بولسۇن، ھەمىشە ئىجادىيەت تېمىلىرىنى رېئال تۇرمۇش ئىچىدىن تاللىغان ۋە ئۇنى ئۆز قەلبىدە پىششىق تاۋلىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئۇيغۇر خەلقىگە خاس ئەقىل نۇرى ۋە پىداكارلىق روھ سىڭگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرىمۇ شائىر شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتتە كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ.

مەن تۆۋەندە ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان بىرنەچچە جەھەتتىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

### بىرىنچى، شېئىرىي پىكىر

شېئىرىي ئەسەرلەردە شېئىرىي پىكىر، يەنى ھېس ـ تۇيغۇلۇق پىكىر ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق پىكىر كۆپ ھاللاردا شائىرنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا غايە مەۋجۇت ۋە بۇ غايە شائىرنى ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ ئۆزى قاتناشقان رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەر-قايسى تەرەپلىرىنىڭ روشەن تەسۋىرى ئىنقىلابىي غايە بىلەن يۇغۇرۇلغان، شائىر ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى، خەلق ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىدىيە ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن، مىللەت ۋە خەلقنى فاشىزم جاھالىتىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قوراللىق ئىنقىلاب، ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ھەققانىي كۈرەشنىڭ ئاخىرى جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى «كەڭ غالىب بولغا» پەقەت «يېڭىش بىلەنلا چىققىلى» بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياشلارنى، خەلقنى، پۈتۈن دۇنيانى «قارا داغلارغا قارشى»، «قايناق لاۋا» چېچىشقا ئۈندەيدىغان جەڭگىۋار، يالقۇنلۇق چاقىرىقنامىلەر ئىدى. شائىر «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» دېگەن داستانىدا ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ باشقا ھەرقانداق مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جانان ئەيلەر»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل-قىزلىرى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۈرەش»، «جۇڭگو» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ شۇ دەۋر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك تېمىلاردا يېزىلغان زور ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر-لەر بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان، شۇنداقلا «ماي — كۈرەشچان ئاي»، «ماي ناخشىسى»، «قىزىل گۈلگە پۈركەنگەنچە يەر-جاھان» دېگەن شېئىرلىرىدا «يەر-جاھان قىزىل گۈلگە پۈركەنگەنچە» جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتەك ئىرادە ۋە ئىنتېرناتسىئوناللىق روھ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى پىكىر چوڭقۇر ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ شېئىرى بولۇش، يەنى شائىرنىڭ ئۆز سېزىملىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان گۈزەل، تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق بولۇشى، شۇنداقلا قويۇق پەلسەپىۋى پۇراقنىڭ شېئىردى ئەھمىيەتكە ئىگە تىلدا ئىپادىلىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «پارچىلار»، «يىللارغا جاۋاب»، «ياشلىق ئۆگەن» قاتارلىق شېئىرلاردا شائىر ئەينى دەۋردىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئېچىپ بەرگەن.

«غورۇرلىنىپ كەلمىسەڭ بوپتۇ، كۆز بولۇپ خازانلار قويۇلۇپتۇ،
پولىشىپ بىر كۈن كېلەرسەن. سولىشىپ بىر كۈن ئېگىلەرسەن.»

ل. مۇتەللىپ كىشىنى ئويغا سالىدىغان چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بۇ پارچىسىدا ياپراقلار سارغايغان كۆز ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، قارا كۈچلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى ۋە قارا كۈچلەرگە ئۈمىد باغلىغانلارنىڭ ئاخىرى ھەقىقەتكە قايتىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى جانلىق شېئىردي ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

«مەردىپەت ئىزدە، ئېرىنمە، «ئەسىرلەر توم، يىللار ۋاراق،
سەرپ ئەتكىن كۈچىڭنى. ئايلىرى قۇر، كۈنلەر چېكىت.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، ئاي، كۈنلەرگە ماغدۇر بېرىپ،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.» يىللار ياسار جەڭچى يىگىت.»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇ پارچىلار تۇرمۇش مەنتىقىسىنى، هايات ۋە تارىخنىڭ قارشىلىق قىلغىلى بولـ مايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىخچام ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە بىزنى قانۇنىـ يەتلىك نەرسىلەر بىلەن قارشىلاشماي، بەلكى ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭ يۆنىلىـ شى بويىچە ئىلگىرىلەپ، تارىخنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ل.مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى ئىنقىلاب بىلەن تەقدىرداش ئىدى. مۇھەببەت ـ نەپـ رەتنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۇنىڭ جەڭگىۋار ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. شېئىرلىرىدىكى ئىدىيىۋى خىسلەت ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ مۇئەييەن دۇنيا قارىشى ۋە روھىي كەيپىياتىنىڭ نامايان بولۇشىدۇر. ل. مۇتەللىپ مۇھەببەت ـ نەپرەتتى ئېنىق بولغان ھالدا قارا كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ قەلىمى قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىگە تەگكەن، ھەرخىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن، «خائىنلارنىڭ يوللىرىنى كېسىپ»، ساتقىنلارنى رەھىمسىز قامچىلىغان، ئەمەلىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تۇتۇپ،زور ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەنىدى.

«چېلىش، يوقلە دۈشمەننى، ئۆرتە، ئوتقا ياق،
يېپىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق.
كەسكىن مىنۇت يېتىپ، جېنىڭغا كەلسە ئىمتىهان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يا ياق.»

تۇيۇق شەكلىدىكى بۇ شېئىردا شائىر ئىنقىلاب ئۈچۈن، ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن پىداكارانە جەڭ قىلىش ۋە شۇ يولدا ئىككىلەنمەي ئۆزىنى قۇربان قىلىش كېرەكلىكىنى بايرىقى روشەن ھالدا ئىپادىلەپ، ئىنقىلابىي دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت توپ مەسىلىگە تېگىپ ئۆتىدۇ. ئادەم چوقۇم يۈكسەك ئىنقىلابىي روھقا ئىگە بولۇشى، ۋەتەن ۋە خەلق ئىشلىرى يولىدا قىيىنچىلىقتىن، ئوڭۇشسىزلىقتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىقى كېرەكلىكىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» ناملىق شېئىرىدىكى:

«ھەربىر ھادىسە يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ،
توقۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئاجايىپ.
ئىلىم تۈگىمەس، مەرد ئادەمنى ياقلايدۇ،
نادانىنىڭ كۆزىدىن ئۇ ھەر قاچان غايىب.
.......... .......... .......... .......... ..........
ئويلىساڭ ياشلىق قىسقا سېنىڭ ئۆمرۈڭ،

تاڭدا چېچەكلەپ، گويا كەچتە قۇيۇلىدۇ.
.......... .......... .......... .......... ..........
پولاشمايدۇ دەرەخلەر ياپپىاش تۇرۇپلا،
يىلىلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەيدۇ قۇرتلار.
ياشلىق چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچمەسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ، ئۆگەنگىن ئۆگەن!»

دېگەن مول پەلسەپىۋى پىكىرلەردە ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر شېئىرى — «يىللارغا جاۋاب»تا بولسا، پەلسەپىۋى پىكىر شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئوبراز بىلەن شۇنچىلىك يېپىشىپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنكى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شېئىردا شائىر يىللار يولى بىلەن ئادەملەر يولىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ۋاقىت، دەۋر، تارىخ بىلەن ئىنسانلارنىڭ،

ئىنقىلاب بىلەن شەخسنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا، دەل، چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. تارىخنى ئىنسانلار يارىتىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىنسانلار خوجايىن ئىكەنلىكى، قۇتىرىغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تارىخ چاقىنى كەينىگە قايتۇرالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق تارىخىي نۇقتىئىنەزەرنى ئىلگىرى سۈرگەن. شائىر:

«ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتىلغان يولغا.
..........................................
يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە.
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى،
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى»

دېگەن ئوبرازلىق مىسرالاردا كىشىلەرنى ئىنسانلار بەختى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئەگرى - توقاي، لېكىن غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۇلۇغ جەڭگە قاتنىشىشقا ئۈندەيدۇ ۋە بۇ جەڭنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش يولىدىكى تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەينى چاغلاردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئومۇمىي تارىخىي قانۇنىيەتكە بولغان بۇنداق ئىخچام يىغىنچاقلاشتا پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ رولى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. يىللار ئۆتۈپ تۇرىدۇ، دېگەن بۇ ھەممىگە ئايان ئاددىي پاكىتنىڭ چوڭقۇر، ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى شائىر مانا شۇنداق ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئۇنى ئۆز تالانتىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ گويا بۇ ماھىيەتلىك پاكىتلارنى شېئىرىيەتتە يېڭىدىن ئىجاد ئەتكەن.

شائىر شېئىرلىرىدىكى ئاشۇنداق ئۆتكۈر پىكىر، تەبىئىي ھېسسىيات ۋە مۇناسىپ سۆزلەر كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە قايىل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر رېئال قانۇنىيەتلەر بىلەن شائىر قەلبىنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان. شائىر يىللارغا قانداق جاۋاب بېرىشىنىڭ ئاستىدا ياتقان چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنىنى بىرىنچى بولۇپ ئېچىپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولغان.

ل. مۇتەللىپنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەنە بىر ئەسىرى — «خىيالچان تىلەك» تىن ئىبارەت. بۇ شېئىردا چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئامىل قايناق ھېسسىيات بىلەن تەبىئىي بىرلىشىپ، شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىچكى مەنە، ئوبرازلىق شېئىرىي پىكىرنى شەكىللەندۈرگەن. كىشىلەر بۇ ئاجايىپ شېئىرىي ئەقلىيە سۆزلەرنى ئوقۇغاندا ئايرىن دەپلا قالماستىن، بەلكى ئىختىيارسىز يوسۇندا ئۇنى يادقا ئېلىۋالىدۇ. بۇ نۇقتا شائىرنىڭ ئومۇمىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ئىچكى دۇنياسىنىڭ نەقەدەر باي ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ شېئىرلاردا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالغىدەك كۈچ بار. ئۇلار ياڭراق سۆز، ھاياجانلىق ئاھاڭ (ئىنتوناتسىيە) ۋە كۆپ خىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۇلۇغۋار ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، كۈرەش قىلىش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشتەك

www.uyghurkitap.com

روھىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ئىجادىي پىكرى، يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكى كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئۇسسىغان يېرىگە تېگىدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى پىكىر توغرىدىن - توغرا ئېيتىلماستىن، بەلكى مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تەبىئىي مەنتىقىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن ۋە شېئىردا كۆرسىتىلگەن ھادىسىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇپ چىققان، شۇنداقلا بىز يەنە بۇ شېئىرلاردىن بەدىئىي ئۇسلۇبنى تەشكىل قىلغۇچى — شائىرنىڭ خاراكتېرى، شەخسەن ئۆزى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ئادەمگەرچىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەمدە شائىرلىق ماھارىتى قاتارلىق مۇقىم ئامىللارنى كۆرۈۋالالايمىز.

شائىرنىڭ ئومۇمىي شېئىرلىرىغا قارىغاندا، بىز ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭمۇ تەدرىجىي شەكىللەنگەنلىكىنى بايقايمىز. شائىرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان شېئىرلىرىدا ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ روشەنلەشكەنلىكى، بارغانسېرى چوڭقۇر، يوشۇرۇن، مۇڭلۇق، ھېسسىياتلىق بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ شائىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىدەك ساددا، قىزغىن مەدھىيە، ئوچۇق سۆكۈشلەرگە قانائەت قىلماي، بارغانسېرى بەدىئىي تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ؛ سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى پەللىلەرنى يارىتىپ، يېڭى يۈكسەكلىكنى ئىزدىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۈرەش قايىنىمىدا چېنىقىش ئارقىلىق ئىدىيە جەھەتتىنمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ، بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كېيىنچە ئۇ بىرەر شەيئىنى تەسۋىرلەشكە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇش ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى بىرقەدەر ئەگرى - توقاي قىلىپ ئىزھارلايدىغان ئۇسۇلنى قوللاندى. بىرەر مۇۋاپىق ئوبيېكتنى تاللاپ، ئۇنىڭ تارىخىي يوشۇرۇن تەرىپىنى سىمۋوللاشتۇرۇش ياكى مول تەپەككۇر ئارقىلىق جىددىي پەلسەپىنى ئېچىپ بېرىشكە ماھىر بولدى. ئۇنىڭ «غەزەل»، «پەرياد»، «يىللارغا جاۋاب»، «كەل باھار»، «تەسىراتىم»، «كۆردۈم»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ» قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى پىكىر، پەلسەپە رەڭدار تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن، شائىر ئۇلارنى ئۆتكۈر نەزىرىدە بايقاپ ۋە قېزىپ چىقىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئۆزىگە خاس تونۇش ۋە چۈشەنچىسىنى قوشۇپ، بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلغان. شائىرنىڭ تىپىكلىككە ئىگە بولغان شېئىرىي پىكرى ئەمەلىي تۇرمۇشنى چىقىش قىلغان ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ياتىدۇ. بۇنداق ئىخچام، كىشىلەرنى ئويغا سالىدىغان ھېسسىياتلىق شېئىرلارنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسىرى چوڭ بولىدۇ.

### ئىككىنچى، شېئىرىي ھېسسىيات

ل. مۇتەللىپ بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ يەنە بىر روشەن تەرىپى پىكىرنى دولقۇنلۇق شېئىرىي ھېسسىيات ئارقىلىق بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرىي ھېسسىيات دېگىنىمىز روھىي

ۋە ئىچكى دۇنيا ھادىسىلىرىنى مەزمۇن قىلغان گۈزەل، تەسىرلىك، يۈكسەك ھىسسىياتقا قارىتىلىدۇ. شېئىردىي ھىسسىياتسىز ھەقىقىي شېئىرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

«باھار كۆلمەكتە، يولداش تەبىئەت غەمگۇزار سېنىڭدەك.
قىش يىغلىدى، كۈلدى قۇياش، خوش زەركار سېنىڭدەك.
ئىخ...باھار قەدرىنى يەنە مەندەك كىملەر بىلەر؟!
چۈنكى مەنمۇ چىن باھارغا تەشنائىي زار سېنىڭدەك.
زۇلۇم يوق بىچارىلەرگە قىش بوۋاينىڭ شورىدەك،
شۇلارغىمۇ مەڭگۈ شەپقەت بولسىدى يار سېنىڭدەك».

(«باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ»)

ھەقىقىي ھىسسىياتتىن بارلىققا كەلگەن بۇ شېئىردىكى ئىدىيىۋى يۈكسەكلىك ئەينى چاغلاردىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئازادلىق باھارى ۋە ئىنقىلاب مەنزىرىسىنىڭ ئىخچام سۈرەتلىنىشى ئىدى، شۇنداقلا ۋەتەن ئىستىقبالىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ باھار كەڭ خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن شائىر تەلپۈنگەن پارلاق كەلگۈسى ئىدى. ئۇنىڭغا شائىرنىڭ چەكسىز چىن ھىسسىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تەبىئىي تۈردە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئازادلىققا بولغان تەشنالىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تېمىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭدا غايە بىلەن رېئاللىق جىپىسلاشقان، سۈرەتلەش بىلەن ئىزھارلاش بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. شائىرنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ئىنقىلابىي ھىسسىياتى تولۇق ئىزھارلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ كۈچلۈك ھىسسىداشلىقى قوزغىتىلغان.

ل. مۇتەللىپ قاراڭغۇ يىللاردا ئازادلىققا، ئانا ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئازادلىق ۋە ئازادلىق يولىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشكە بېغىشلىغانىدى.

«تۈندىن قۇتۇلۇپ، چوغدەك ياز تېڭى ئاتقاندەك،
ھەر بۇلۇڭدا تاڭ شولىسى، بىز سىگنال بەرگەچكە؛
بوزەكلەر دۇنياسى داۋالغۇپ خۇددى دېڭىزدەك.
جور بولدى، قوزغالدى كۈتكەن مىڭلار يەتكەندەك.»

(«ئازادلىق تويى»)

«قاقاس چۆللەردە ئاتىدۇ شۇچاغ كۈرەش چېچەكى،
ئۇلار ئارىسىدا خۇددى كۈن نۇردەك پارقىرايمىز.»

(«كۈرەش دولقۇنلىرى»)

«يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس، يالىلدار.
قانلىق ياشلار، قىزىل قانلار
خۇددى كۈندەك پالىلدار.»

(«تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا»)

www.uyghurkitap.com

شائىر پارلاق غايە ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە تەلپۈنەتتى. ئۇ ئەينى زاماندىكى جاپالىق جەڭگىۋار تۇرمۇشنى تەسۋىرلىگەن ھەمدە يىراق ئىستىقبالنى نامايان قىلغان. قوراللىق ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى يازغان، شۇنداقلا ئۇلۇغۋار كوممۇنىزم غايىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى مەدھىيىلىگەنىدى.

شائىرنىڭ ھېسسىياتى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە، كۈرەشچان ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى جاھانگىرلىككە، ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان نەپرەتتىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ مىسرالىرى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان ھەقىقىي، ئەمەلىي ھېسسىياتنىڭ ئىزھارلىنىشى، دەۋر روھىغا بولغان تېپىك تەسىراتنىڭ بايان قىلىنىشى ئىدى.

ل. مۇتەللىپ 1922 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاتار مەكتىپىدە باشلانغۇچ مەلۇماتلىق بولغاندىن كېيىن، رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇپ، رۇس ئەدەبىياتىدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. كىچىكىدىنلا كونا جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ ئازابىنى تارتقاچقا، زۇلۇمغا قارشى كەيپىيات ئىچىدە ئۆسكەن. شۇڭا سوۋېت ئەدەبىياتى ئارقىلىق كىرگەن سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئۇنىڭغا ناھايىتى چاپسانلا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بىر تۈركۈم ئىلغار ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىدىيە جەھەتتە بىر قەدەر ئاڭلىق باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى، دەۋر تەلىپىنى بىر قەدەر چۈشىنىدىغان بولدى. چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات ۋە مىللەتكە، خەلققە بولغان قايناق مۇھەببەت ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۈرەش»، «چوڭ كۈرەش قويىنىدا»، «جۇڭگو» قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن ئەكس ئەتتى. ئۈرۈمچىدە ئوقۇش ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تونۇشىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېز ئۆسكەنلىكىنى بىز ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا يېزىلغان «ئازادلىق تويى»، «باتۇر يىللار»، «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «يانار تاغلار» قاتارلىق يالقۇنلۇق شېئىرلىرىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز. مۇتەللىپ ئۆز شېئىرلىرىنى ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق ھېسسىياتنى بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇشقا ماھىر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېسسىياتنى پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىيات ئارقىلىق ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى پىكرى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىدە ئۇزاققىچە ئەكس سادا قوزغىيالايدۇ. ئۇنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىنىڭ بىرى. ئاق تېررورلۇق شىنجاڭنى قاپلىغان دەۋردە يېزىلغان بۇ شېئىر شائىرنىڭ گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا ئىلغار ئىنقىلابىي نۇقتىئىنەزەرنى، بۈيۈك غايىنى ئۆزىگە خاس تالانتى بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. شائىر خەلقنىڭ يىللارنى تىزگىنلەپ، جەڭ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئىنقىلابىي ئىشلارنىڭ ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلىقىنى ۋە ھالاك بولمايدىغانلىقىنى «ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ» دېگەن مىسرالاردا قەيت قىلىدۇ. شائىر:

«كۆرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار
قەبرىلىرىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.»

دېگەن قايناق مىسرالار ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان تەزىيەسىنى، قۇربان بولغان پەرزەنتلىرىنى مەڭگۈ يادلايدىغانلىقىنى ئىزھارلىغان.

«ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلانغان يولغا.
كۆرەش باياۋاندا هارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىب يولغا.»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىزىدىن مېڭىپ، ئىنقىلابىي كۆرەشنى ئاداقىغىچە ئېلىپ بارىدىغان ئىرادىسىنى ۋە غەلىبىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچىسىنى ئىزھارلىغان. روشەنكى ئۇنىڭ غايىسى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ۋە كونكرېت شارائىتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، خەلقىنىڭ تەلىپى ۋە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غايە ئىدى. شائىرقوراللىق ئىنقىلابنىڭ مۇھىم رولىنى سەزگەن ھەمدە بارلىق ۋىجدانلىق كىشىلەرنى ھەققانىي جەڭگە كىرىپ خەلقنى، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان ئىدى. ئاخىردا شائىر يىللارغا:

«يىللار دېگىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۇچقۇنلىرىڭنى ياردىۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقۇتۇپ باقساڭمۇ،
ئىجاد يىللارنى قىيرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاب.»

دەپ خىتاب قىلىپ، چوڭقۇر ئىچكى مەنە ئارقىلىق سۇنماس ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. ئىدىيىۋى مەزمۇن، ھېسسىيات ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتلەردىن بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بۇ شېئىرنى كىشىلەر ھازىرغىچە سۆيۈپ ئوقۇپ كەلمەكتە. شېئىر باشتىن ـ ئاخىر جەڭگىۋار ھېس ـ كەيپىياتقا تولغان. ئۇ ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا بولغان ئاغرىنىشى، ھەسرىتى بولماستىن، بەلكى چىرىك ھۆكۈمرانلىققا بولغان شەپقەتسىز تەنقىدى، ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ جەڭگىۋار مارشى ئىدى. شېئىردا شائىر مەيدانىنىڭ مۇستەھكەملىكى، كەيپىياتىنىڭ جىددىيلىكى، ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېچكىمدىن قورقمايدىغان روھى، ئوچۇق ـ يورۇق قەلبى ۋە ھەقىقەتكە بولغان تەلپۈنۈشى نامايان بولغان. بۇ ھال شېئىر شائىرنىڭ يۈرەك سۆزى، خەلقىنىڭ ئىرادىسى، تارىخنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە شائىرنىڭ خەلق بىلەن قەلبداش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇر

تېماتىك ئىدىيە ئوبرازدىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاسىتە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرىي ئوبراز گۈزەل، يۈكسەك، ھېسسىياتلىق ئوبرازدۇر. ئوبراز يارىتىشتا شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى مۇئەييەن بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتىكى مۇھىم قەدىمى، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ خام ماتېرىياللىرى شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. شائىرنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ يېڭى، ئەپچىل، ساز ياكى ئادەتتىكىچە، زېرىكەرلىك، قاتمال بولۇشى كۆپ ھاللاردا تۈرھاللاردا شۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، بەدىئىي سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بەلگىلەشنىڭ ئاچقۇچى بولىدۇ. ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئىرادىنىڭ يۇقىرىلىقى، قىزىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەسەۋۋۇرنىڭ يېڭىلىقى، پىكىرنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەر كونكرېت شېئىردا ئەگرى - توقاي، تەبىئىي بېشارەتلىك تۈردە ئىپادىلىنىدۇ. «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر جەھەتتىن مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا مەۋھۇم گەپلەر دۆۋىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ياكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى قاتار تىزىپ چىقمىغان. مودا بولۇپ كەتكەن شوئارلار ئارقىلىق ئىنقىلابنى، خەلقنى ئادەتتىكىچە مەدھىيىلىمىگەن. ئەكسىچە يىللار بىلەن سۆزلىشىدىغان ئالاھىدە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۆزىگە خاس يېڭى نۇقتىدىن يىللارنىڭ قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئېچىپ بېرىپ، سېلىشتۇرما ھالدا خەلقنىڭ ئۇنى بويسۇندۇرىدىغان خىسلەتلىرىنى ۋە ئىرادىسىنى تەبىئىي تۈردە ئىزھارلاپ، بەخت بىلەن زۇلۇمنىڭ، ئۆلۈم — پەستەقىلىش بىلەن كۈرەش - ئىجادنىڭ كۈچلۈك تۇقۇنۇشىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىنقىلابىنىڭ يېڭىلمەسلىكىنى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تارىخىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى، خەلق ئوغۇللىرىنىڭ جىددىي سىناقلار ئالدىدا قانداق قىلىشى، قانداق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئىجابىي، سەلبىي سېلىشتۇرما ئىچىدە ئىپادىلىگەن. ئۆز قەلبىدىكى مۇھەببەت - نەپرەتنى، ھاياجان، غەزەپنى، ئۈمىد - ئىشەنچنى ئەگرى - توقاي، روشەن، جانلىق، چوڭقۇر بايان قىلغان. بۇ شېئىر ئاجايىپ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە ئىچكى مەنتىقىي كۈچكە تولۇپ تاشقان بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇر جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

مەلۇمكى، شېئىردا ئىپادىلىنىدىغىنى تەبىئەت ھالىتى ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ھالىتى. شائىر ھېسسىياتىنىڭ جانلىق، كونكرېت بولۇشى، خىيال ياكى تۇيغۇ شەكلىنىڭ گۈزەل بولۇشى چوقۇم ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ تەسەۋۋۇرى كەڭ ۋە ئاجايىپ. ئۇ كىشىلەر ئويلىمىغان جايدىن تۇرمۇشنىڭ مەلۇم

خۇسۇسىيەتلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىنىڭ مەلۇم تەرتىپى بىلەن باغلايدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى كاتتا ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئوخشىتىشلىرى يېڭى، ئەپچىل ۋە پىكىرگە باي، تەسەۋۋۇرنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شائىرنىڭ ياخشى بايقاش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىندۇر. ئۇ ھاياتتىكى ھەر بىر ھادىسىدىن، ھەر بىر پاكىتتىن شۇ ھادىسە ھەم پاكىتلارغا خاس بولغان نەرسىلەرنى بايقاشقا، بىلىشكە ماھىر ئىدى.

ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى كۆپ خىل، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى شېئىرلىرىدا مۇھاكىمە بىلەن شەيئىنى بىرلەشتۈرىدىغان، ماددا ئارقىلىق روھنى سۆزلەيدىغان ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلغان. بۇ نۇقتىدا شائىرنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنە ۋە شەكىللىرىگە، بولۇپمۇ بارماق ۋەزنى شەكلىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى بېيىتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ جىسىم ۋە ئوبيېكت تاللاش ئارقىلىق تەپەككۇر قاتلىمىنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئەدەبىيات سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىپ، كەڭ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئايرىم، تەپسىلىي، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىك ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى، بەدىئىي ئوبرازنى «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك» شېئىرلىرىدەك ئەپچىل، ئىخچام ئىپادىلىگەن. نەتىجىدە شەيئىنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى كۈچەيگەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**********************************

(بېشى 121 ـ بەتتە)

خەلق تۇرمۇشىدىن تېما، ۋەقەلىك، ھېسسىيات ۋە زوق ئېلىشىمىزغا، ئۆزىمىزنى خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى بىلەن تەربىيىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بىز ئىجادكارلىرىمىزنىڭ «نۇتۇق» نىڭ روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى ئەنئەنىنى ئىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى يىلدا يېڭىچە روھ، يېڭىچە سەۋىيە بىلەن ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىغا باي، ئاساسىي مۇقام گەۋدىلەندۈرۈلگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، خەلقنىڭ كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە مول، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىپ، «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ يېڭى يىلىغا مۇبارەك بولسۇن!

زۇنۇن تاھىر

# «رەڭدار قۇيۇن» نىڭ رەڭدارلىقى نەدە

نويابىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى. يېرىم كېچە. تۇيۇقسىز چاقنىغان ئاجايىپ بىر رەڭدار نۇرنىڭ تەسىرى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، ئۇدۇلۇمدىكى دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان 14 كۈنلۈك ئاينىڭ نۇرى مەشتە كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنىڭ يالقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆي ئىچىنى ھەسەن-ھۈسەن نۇردەك بېزىتىپتۇ.

مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرنى تېخى ھازىرلا چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 11-سانىغا بېسىلغان يازغۇچى خالىدە ئىسرايىلنىڭ «رەڭدار قۇيۇن» ناملىق پوۋېستىدىنمۇ كۆرۈۋېدىم. قىسقىغىنا ئۈچ باسقۇچتا ئوخشاش بىر خىل رەڭدار نۇرنى كۆرۈش ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر ئىش ...

ئۇيقۇم قاچتى. ئېلېكتر چىرىغىنى ياقتىم. قارىسام، بېشىمدا ئىككى نۆۋەت ئوقۇپ تۈگەتكەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 11-سانى تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ، 3-نۆۋەت يەنە ئوقۇدۇم.

ياق! مەن خالىدە ئىسرايىلنىڭ پوۋېستىدىن «رەڭدار قۇيۇن» نى ئەمەس، بەلكى خالىدەنىڭ قەلىمىدىن چاقناپ تۇرغان «رەڭدار نۇر» كۆردۈم، تەبىئىيكى، ئوخشاش بىر ئەسەرگە نىسبەتەن كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مەنىۋى تەقەززالىقى ئوخشاش بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىر ئەسەر ئوخشىمىغان كىتابخانلارغا ئوخشىمىغان تەسىر بېرىدۇ. ئەسەر تەسىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى كىتابخانلارنى ئوخشىمىغان يەكۈن، خۇلاسىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا باشقىلار ئالدىدا، بولۇپمۇ كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش يازغۇچى خالىدە ئىسرايىلنىڭ ئالدىدا تەپمۇ تارتماستىن ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ «رەڭدار قۇيۇن» نى رەڭدار نۇر دەپ ئاتىدىم.

خوش، ئۇنداقتا خالىدە ئىسرايىلنىڭ «رەڭدار قۇيۇن» پوۋېستىنىڭ رەڭدارلىقى زادى نەدە؟ مەن پوۋېستنى 3-نۆۋەت ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ سوئالغا قىسمەن جاۋاب تاپتىم. ئويلاپ باقسام، ھېچنېمىدىن غەم-غۇسسەم يوق ئادەم ئىدىم. خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتلاردا كاللام خۇددى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان چىنىدەك قۇرۇق تۇراتتى. ئاخشىمى قانداق ياتسام، ئەتىگىنى شۇ پېتىم تۇراتتىم، بىراق قاچان «رەڭدار قۇيۇن» نى ئوقۇدۇم، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كاللامدا ئەتىدىن-كەچكىچە، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ چىرايىنى، ئۇلار ياشىغان مۇھىتنى، ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى، دراماتىك توقۇنۇشلارنى توختىماي ئويلايدىغان بولدۇم. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇلارنى ھەتتا چۈشۈمدىمۇ كۆرىدىغان بولدۇم.

بۇنىڭدىكى سېھىردى كۈچ زادى نەدە؟ تازا ئويلاپ باقسام، «رەڭدار قۇيۇن» نى

ماڭا رەڭدار نۇر قىلىپ كۆرسەتكەن ئامىل خالىدە ئىسرايىلنىڭ «بېخىل» قەلىمى
ئىكەن. مەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ خېلى داڭلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. ئۇ ئەسەر-
لەرنىڭ ئاپتورلىرى «مەرد» چېغى، ھەممە نېمىنى قالدۇرماي شۇنداق ئېنىق، چۈشە-
نىشلىك قىلىپ يازاتتى، كىچىككىنە بىرەر تەپسىلاتلارنىمۇ ئايرىپ قالمايتتى، بىراق
خالىدە ئىسرايىل «رەڭدار قۇيۇن» پوۋېستىدا تولىمۇ «بېخىل» لىق قىپتۇ، نۇرغۇن تەپ-
سىلات، تەسۋىر، توقۇنۇش، ھەتتا دىمەكچى بولغان پىكىرلىرىنىمۇ ئەسىرىنىڭ ھەربىر
قۇرلىرىغا يوشۇرۇۋېتىپتۇ. كىتابخانىلىرى ئەڭ قىزىقىدىغان ئاشۇنداق يەرلەرگە كەلگەندە
ئاپتورنىڭ قەلىمىنىڭ سىياسى تۈگەپ قالدىمۇ ياكى «قۇيۇن» ئۇچۇرتۇپ كەتتىمۇ،
بىلمىدىم. ئىشقىلىپ نېمە بولسا بولغاندۇ، ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمچە
تالانتلىق بىر يازغۇچىنىڭ پىشقان ئاشۇ «بېخىل» قەلىمى ئاستىدىكى نادىر ئەسىرىگە
باش قاتۇرۇپ، نۇرغۇن ئىشلەپ كېتىپتىمەن. تىپتىنىچ ياتقان بىر كىتابخاننىڭ
ئىچكى دۇنياسىنى مالىماتاڭ قىلىپ، كاللىسىنى قوچۇۋەتكەن كۈچ زادى نېمە؟ بۇ
ئېنىقكى، ئاپتور ئەسىرىدە ئۆز كىتابخانلىرىغا قالدۇرغان قايتا ئىجاد قىلىش بىلەن
قايتا ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتىدىن ئىبارەت. قايتا ئىجاد قىلىش ــ بەدىئىي ئەدەبى-
ياتنىڭ كىتابخانلارغا ئاتا قىلىدىغان بىر خىل ئېستېتىك زوقلىنىش جەريانى، مۇنداق
جەريانىنى ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە قالدۇرمىسا ياكى قالدۇرغاندىمۇ دائىرى-
سىنى تولىمۇ تار، مەزمۇنىنى تولىمۇ يۈزە، شەكلىنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتسە ياكى
بەكمۇ ئىنىدىۋىدۇئاللاشتۇرۇۋەتسە ئەسىرى قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ كىتابخان-
لارنى زوقلاندۇرالمايدۇ، شۇنداقلا ھاياجانغىمۇ سالالمايدۇ. يازغۇچى خالىدە ئىسرايىل
بۇنۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، «رەڭدار قۇيۇن» پوۋېستىدا نۇرغۇنلىغان ئوي-
پىكىر، تەسۋىر، دىئالوگ، زىددىيەتلەرنى كىتابخانلارغا بىۋاسىتە تاپشۇرماي، ئۇلارغا
قايتا ئىجاد قىلىش ۋە زوقلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن.

پروزىنىڭ خاراكتېرى كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلارغا پېرسوناژلار
ياشاۋاتقان مۇھىتنى قايتا ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە،
پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىۋاسىتە ئېچىپ بېرىش، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا،
ھەرقانداق ماھىر يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژنىڭ چىرايى بىلەن تەبىئەت
مەنزىرىسىنى كىتابخانلار ئۆزى ئۇچراشقان ئادەم ۋە جايلار ئاساسىدا كۆز ئالدىغا
كەلتۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى ئادەم ۋە جايلار بىلەن ئوخشىتالمايدۇ.
ئەكسىچە، يېڭى ئۆگەنچى بىر رەسسام ـ ھەيكەلتىراش ياكى فوتو سۈرەتچىنىڭ بىۋىيىقى،
ئاپاراتى ئاستىدىن چىققان پېرسوناژ ياكى مەنزىرىنى كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى ئەينى پېتى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل ژانىرلاردىكى ئەسەر-
لەرگە قايتا ئىجاد قىلىش جەريانى توغرا كېلىدىغان بولسا، پەقەت خاراكتېر، ئىچكى
ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەرلا قايتا ئىجاد قىلىنىدۇ.

يازغۇچى خالىدە ئىسرايىل پوۋېستىدا مۇشۇ نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا كىتابخان-
لار قايتا ئىجاد قىلىشقا تېگىشلىك قىياپەت، مىزاژ تەسۋىرلىرىدە، ئىپادىلەش ئۇس-
لۇبىدا مەلۇم بوشلۇق تاشلاپ، كىتابخانلارنىڭ قايتا ئىجاد قىلىش جەريانىدىكى تەپەككۇر

www.uyghurkitap.com

قانىتىنى بوغۇپ قويۇشتىن ساقلانغان. بۇ جەھەتتە كەتكەن زېھنىي كۈچىنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئېچىپ بېرىشكە قاراتقان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پورترېت تەسۋىرى بىلەن پېزاژ تەسۋىرى ئىنتايىن ئىخچام ۋە يەڭگىل بولۇپ، ھەرقانداق كىتابخاننىڭ قايتا ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەرھال نامايان بولىدۇ. پوۋېستتىن بەزى ئەسەرلەردەك نەچچە بەتلەپ، ئابزاسلاپ ئۇزۇن، تولىمۇ كونكرېتلاشقان تەسۋىرلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئەسىردە ھامىدجاننىڭ قىياپەت تەسۋىرىنى «ئوتتۇرا بوي، چوقا چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن» دەپ، ئايشەمنىڭكىنى بولسا «ئاق سېرىق چىرايىدا قاش - كۆزىنىڭ تايىنى بولمىغان بىلەن ئاشۇ ياساپ قويغاندەك قىرلىق بۇرنى ... يۇملاق ئېڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر بىر تال زىنىقى» دەپ ئىخچاملا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇكەممەل قىياپىتىنى كىتابخاننىڭ قايتا ئىجاد قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ، كىتابخانلار ئاپتور بېشارەت بەرگەن يۇقىرىدىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىك بويىچە، ئۆزىنىڭ نەزەرىدىكى، يەنى ئۆزى كۆرگەن ئادەملەرگە تەقلىدىي بولغان ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى ئىجاد قىلىپ چىقىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياننى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى پېرسوناژنىڭ قىياپىتى تاكى ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ قىياپىتىگە يېقىنلاشقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ناۋادا ئاپتور يۇقىرىدىكى تەسۋىرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ھامىدجاننىڭ تەسۋىرىنىڭ ئاخىرىغا «قوڭغۇر باش، سېرىق يۈزىدە تاقىلىۋەتكەن قۇناقتەك قىزغۇچ ساقاللىرى بار، كۆك كۆزلىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا يوشۇرۇپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى كىشىگە ئېشەك قۇرتىنىڭ پۇتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. يوغان بۇرۇنلىرى قىيسىيىپ قالغان غوجا تامدەك ئارانلا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ» دېگەنلەرنى قوشۇۋەتكەن بولسىچۇ؟ ئۇچاغدا كىتابلارنىڭ قايتا ئىجاد قىلىش ئاكتىپلىقى بوغۇلۇپ قېلىشى، ئىجاد قىلغاندىمۇ ئۆزى كۆرگەن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىشى مۇمكىن ئىدى. مېنىڭچە، يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بىر پېرسوناژنىڭ كىتابخان بىلەن شۇ پېتى كۆرۈشكىنىدىن كىتابخاننىڭ كاللىسىدا تېخىمۇ كۆپىيىپ، بىرسىنىڭ مىڭ، ئون مىڭ بولغىنى تۈزۈك بولسا كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى ئېشىپلا قالماستىن، ئىستېمال قىممىتىمۇ ئاشىدۇ.

خالىدە ئىسرايىلنىڭ پوۋېستىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك بىر قىسىم ئەسەرلەردەك كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن پېزاژ تەسۋىرىنى ئۇچرىتالمايمىز. تەسۋىرلەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇنلىرى بىر - ئىككى جۈملىدىن ئاشمايدۇ. بۇنىڭسىزمۇ كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىغا ئەسەر پېرسوناژلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بەدىئىي مۇھىت يارقىن گەۋدىلىنىدۇ. «رەڭدار قۇيۇن» نىڭ رەڭدارلىقىنىڭ بىرىنچى تەرىپى يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، تەسۋىرلەرنىڭ ئىخچاملىقىدا كۆرۈلىدۇ. خاتالاشمىسام، بۇ قاراشنى ماڭا ئوخشاش ئاددىي كىتابخانلارنىڭ تولىسى قوللىسا كېرەك. چۈنكى مەن داۋاملىق ئەسەرلەردىكى ئۇزۇن، قۇرۇق تەسۋىرلەرنى ۋاراقلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىتابخانلارنىڭ ئاشۇنداق تەسۋىرلەردىن بىزار بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى غەيۋەتلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن.

«رەڭدار قۇيۇن» نىڭ يەنە بىر رەڭدارلىقى نەدە؟ مېنىڭ شېمىشكە - پۇرچاق ساتىدىغان بىر ئاغىنەم مەن يېشەلمەي كېلىۋاتقان بۇ تۈگۈنگە ئىنتايىن توغرا جاۋاب بېرىپ، كاللامدىكى تۇماننى قوغلىۋەتتى. ئۇ غەزەپلىك تەلەپپۇزدا: «ھازىرقى ‹شىمىشكا› ئەدەبىياتى (ئەخلاق تېمىسى يورۇتۇلغان ئاشىق - مەشۇقلار مۇھەببىتى) دا يازغۇچى

دېگەن نېمىلەر كاللىسىغا كەلگەننى يېزىۋېرىپ، ئىككى ئادەمنى بىرگە كىنو ـ تىياتىر كۆرەلمەس، بىرگە كىتاب ئوقۇغىلى قويماس قىلىۋەتتى. ئاشۇمۇ ئەسەر بوپتىمۇ؟ ھېچكىم مۇھەببەت ـ نەپرەتنى، ئۇنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان دۆتلەردىن ئەمەس، بىراق بەزى يازغۇچى دېگەن نېمىلەر ئەسەر يازغاندا تولىمۇ بىلەرمەنلىك قىلىشىپ، ھەممىنى دەۋېتىشكە ئالدىرايدۇ. كىتابخانلىرىنىڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، خۇلاسىنى ئۆزلىرى چىقىرىۋېلىشىغا ئىمكان قالدۇرمايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر كىشىلەرگە ئەخلاق ئۆگىتىش ئورنىغا كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدۇ، راست گېپىمنى قىلسام، مۇشۇنداق ئەسەرلەردىن بىزار بولۇپ تېلېۋىزورنىمۇ يوقاتتىم، ژۇرناللارغىمۇ يېزىلمايدىغان بولدۇم» دېدى. بىز بۇنىڭ بۇ ئاددىي سۆزلىرىدىن قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقى بىر قىسىم ئەسەرلەردە يەنىلا ئىپادىلەش جەھەتتە قايتا ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇلمايۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كىتابخانلارنىڭ بىزارلىقىنى كۆرەلەيمىز. كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى تەقەززالىقىدىن بىخەۋەر، ئەقەللىيسى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ نېمىگە نەپرەتلىنىپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ھالدا ۋەقە قۇراشتۇرۇپ، ئەسەر يازىدىغان ئاپتورلارنىڭ مەيلى قانداق ئەسىرى بولسۇن، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا ئۆزىنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى يوقىتىدۇ، كىتابخانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدۇ، قىسقىسى ئۇلارنى قىلچىمۇ زوقلاندۇرالمايدۇ.

يازغۇچى خالىدە ئىسرايىلنىڭ «رەڭدار قۇيۇن» پوۋېستىنى ئىپادىلەش جەھەتتە يۈكسەك ئەخلاقىي مۇنبەر يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قارىشىنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز كىتابخانلىرىغا يېقىملىق تىللىرى بىلەن جاكارلىغان ئەسەر دېيىشكە ھەقلىقمىز. بۇ ئەسەردە ھوقۇق، ئىمتىياز دېگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئەخلاقىي رامكىلاردىن سەكرەپ چۈشۈپ، دىيانەت تونلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنى ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان بىر ئۈچۈم كىشىلەرنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھايۋانلارچە ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئەسەردە توغرىدىن توغرا، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا قويۇلغان مۇنداق دېتاللارنى قىلچىمۇ ئۇچرىتالمايمىز، ئەمما ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىدىكى بارلىق رەزىللىك، ئېپلاسلىقلارنى ئاپتورنىڭ بىزگە «بېخىل» لىق بىلەن ئېيتمىغان ئاشۇ قۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىن يارقىن كۆرۈۋالايمىز. يازغۇچىنىڭ بۇ «بېخىل» لىقى بىزنى تەبىئىي ھالدا قايتا ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل بىر زېمىنغا باشلاپ كىرىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى تونۇتىدۇ، رەڭدارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. بىز يەنە ئاشۇ قايتا ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىمكانىيەتلىك زېمىندا تۇرۇپ، ئۆزىمىز كۆرۈۋاتقان ئاشۇنداق ۋىجدانسىز ئەرلەر ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇق بىلەن خەلقنى دەپسەندە قىلىۋاتقان «مىجەزى خۇش خۇي، مۇلايىم» باشلىقلار بىلەن كەڭ ـ كۇشادە ئۇچرىشالايمىز. ئۇلارغا لەنەت ئوقلىرىنى ياغدۇرالايمىز. بىز بۇ قارىشىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئاپتورنىڭ ئاشۇنداق قۇرلىرىدىن بىرقانچىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقساق ئارتۇق كەتمەس:

«— ئاۋۇ كۆل رەڭ پەلتولۇقى — ئايالى، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى... — ئىشىك تەرەپتىكى ئورۇنلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان... ئايال بۇ سالاپەتلىك مېھمانلارنى ئەتراپتىكىلەرگە شۇنداق دەپ تونۇشتۇرۇۋېتىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مەنىلىك سوزۇپ توختىتىۋالدى».

www.uyghurkitap.com

ئەسىردە يۇقىرىقىدەك سىلىق، مەنىلىك ئىپادىلەش ۋاسىتىسىنى قوللانغان ئاپتور ئەسلىدە كەينىدىكى گەپنى پېرسوناژنىڭ تىلى بىلەن بېرىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى. ناۋادا شۇنداق ئىپادىلىگەن بولسا ئاشۇ سۆزنى قىلغان ئايالنىڭ خاراكتېرى تامامەن ئۆزگىرەتتى، خالاس. باشقىچە ئۆزگىرىش بولمايتتى. بىراق ئاپتور ئۆزى يارىتىۋاتقان پېرسوناژلىرىنى ئەخلاقىي نۇقتىدىن كۆزىتىپلا قالماستىن (چوڭ سورۇنلاردا بىر ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئاخىرقى سۆزنى دېگۈزۈش توغرا بولمىسا كېرەك)، مۇھىمى، كىتابخانلىرىنىڭ مەنىۋى تەقەززالىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا قايتا ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن. ھەرقانداق كىتابخان «ئۇنىڭ يېنىدىكىسى» نىڭ قانداق ئايالىقىنى ئىزاھاتسىزلا بىلىۋالالايدۇ.

ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ «ھامىدجان باشلىقنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلاندى...ئايشەمنىڭ خىزمەت مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى.» مانا بۇ قىسقا جۈملىدىن كىتابخان ھامىدجان ئائىلىسىنىڭ مۇرەككەپ قەدەملىرىنى دەرھال كۆز ئالدىغا ئەكېلەلەيدۇ.

ئەسەردىكى زىددىيەت تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھامىدجاننىڭ ئىدىيىسىدىمۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان يۇقىرىغا ئىنتىلىش، يامىشىش ئويى پەيدا بولىدۇ. ئاپتور بۇ يەرگە كەلگەندە ھامىدجاننىڭ رەزىل، پەسكەش ئىدىيىسىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «باشلىق يەنە ئاغرىپ قالدى، بۇ خەۋەرنى ھامىدجان ئايشەمنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە ئالدىراش-تېنەش كىرىپ يەتكۈزدى ۋە باشلىقنىڭ ئوكۇلىنى سېلىپ قويۇشتا تېخىمۇ ئەستايىدىل، مۇلايىم بولۇشنى تاپىلىدى، ھامىدجاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئايشەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇنچتەك بىر نەرسە پەيدا بولدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇ، ھامىدجانغا يالۋۇرغاندەك قاراپ، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ گەپ قىلمىدى.» ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ھامىدجان توغرىسىدا بىر پېرسوناژنىڭ تىلى بىلەن «تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يېقىندا باشلىقىمىز پېنسىيىگە چىقسا، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدىكەن» دەپ شەپە بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە دىئالوگ ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىدىن بىز ھامىدجاننىڭ ھەققىي قانداق ئۇسۇل بىلەن قولغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئاپتور ئۇ بۆلەكلەردە ئايشەمنىڭ ۋاسىتىلىك پائالىيىتىنى قىلچىمۇ كۆرسەتمەستىن، ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ ئالدىغا ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن، بۇنىڭدىكى سىر نېمىدە؟ بۇ ئېنىقكى، خالىدە ئىسرائىل ھەقىقىي بىر يازغۇچىغا خاس سەگەكلىك بىلەن ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەردىكى روھ، مۇھىت، خاھىشلارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئالالايدىغان ئىقتىدارىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلىگەن. بۇنىڭدىن بىز يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان پەزىلىتىنى، مول ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرگە، بىلىمگە، نۇقتىئىنەزەر، غايە ۋە ھېس-تۇيغۇلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ماقالىنىڭ مەقسىتى قايتا ئىجاد قىلىش ۋە زوقلىنىش بولغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن ئىدىيىۋىلىكى ئۈستىدە توختالمىدىم. ئەمما كىشىلەرنى قايتا ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتىگە باشلاپ، زوقلاندۇرغان ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى خېلى يۇقىرى بولمىغانلىقىدا شەك بولمىسا كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ھېزىم قاسىم

## ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم بىر قانچە مۇناسىۋەت

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئاساسىي ئېستېتىكىلىق بەدىئىي قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە بۇ بەدىئىي قانۇنىيەتلەر بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، قانداق ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش ۋە قانداق مېتودولوگىيىنى ئاساس قىلىش ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم، پرىنسىپال مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بىراق بۇ مەسىلىدە بەزى كىشىلەر «بىرلىككە كەلگەن ئىدېئولوگىيىنى بۇزۇپ تاشلاش»، «مېتودولوگىيە ۋە قانۇنىيەتنى كېرەك قىلماسلىق»، «رېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ پرىنسىپلىرىنى چېقىلغىلى بولمايدىغان پرىنسىپ دەپ قارىماسلىق» دېگەندەك بىر تەرەپلىمە ھەم خاتا قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چىنلىق، ئوبرازلاشتۇرۇش، تىپىكلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ مۇھىم ئۈچ ئاساسىي قانۇنىيەت ھەربىر يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە چوقۇم ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان ۋە جامائەت تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئەڭ ئومۇمىي ئېستېتىكىلىق بەدىئىي قانۇنىيەتلەر ئىدى. ھالبۇكى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە بىلىش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلغان بۇ ئەڭ مۇھىم ئۈچ قانۇنىيەت ۋە ئۇنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەدبىرلىرىنى «ھەر بىر ئادەم قايتىدىن بېكىتىپ چىقىش»، «باشقىدىن يېزىپ چىقىش»، «كونا خۇلاسىلەرنى تەكرارلىماسلىق» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە «بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ مېتود ۋە قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى يامىسى پىشىپ بولغان»، «كېرەككە كەلمەيدىغان»، «كونا ئەنئەنە» بولۇپ، «تارىخىي ئوبيېكتىقا ئايلىنىپ قالغان» نەرسىلەر ئىمىش، بۇ «كونىچە تەپەككۇر شەكىللىرى بۇزۇپ تاشلانمىسا»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈلمىسە»، ئۇ «ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىي خاراكتېرلىك تەتقىقات بولماي قالار» مىش. «ئەدەبىيات چېكىنىش، مەغلۇپ بولۇش تارىخىغا دۇچ كېلەر» مىش، شۇڭا بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە مېتودلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتالمىش «يازغۇچىنىڭ ئەمەلىي سۇبيېكتىلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان «ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىجادىيەت ماھارىتى» نى، «مەنىۋى سۇبيېكتىلىقى

دەپ ئاتالمىدىغان «يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى بىلەن ھېسسىي پائالىيەتلىرى»نى دەسسىتىش كېرەك ئىكەن. مۇشۇنداق قىلمىسا «يازغۇچى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ‹تۆۋەن› ئېڭىنىڭ يۈزلىنىشىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىپ، ھېس قىلغىلى بولىدىغان دائىرىدە تاسادىپ ئۈنۈمگە» ئېرىشەرمىش، «ئۇنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىمۇ ئالاھىدە بولار» مىش.

يېڭى دەۋر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا بۇ خىل غەلىتە نەزەرىيىلەر ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇلسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز يېتەكچى فاڭچېن جەھەتتە، شەكىل مەزمۇنىدىن ئايرىۋېتىلگەن شەكىل بىرلەمچىلىكى، ماددا تەپەككۇردىن ئايرىۋېتىلگەن روھ بىرلەمچىلىكى پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك چېكىنىش ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىدۇ، ئۇ ھالدا ئوبيېكتىپ بەدىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئورنىغا «يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى»، «ھېسسىي پائالىيىتى» دېگەنگە ئوخشاش بىر نېمىلەر دەسسىتىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن، ماركسىزملىق بىلىش ۋە ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىدىن ئايرىلغان يازغۇچىنىڭ «ئۆزىنى ئىجادىيەت رېئاللىقىغا ئايلاندۇرۇش»، يەنى يازغۇچى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ ئاساسىي بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈم، سىياسىي چەكلىمە، ئىجتىمائىي قائىدە - قانۇن، ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى، تۇيغۇ ۋە قىياسى بويىچە «ئەركىن ئىجاد قىلىش»، ئۆزىنىلا ئىپادىلەش، ئۆزىنى تاشقى دۇنيا، مەۋجۇدىيەت رېئاللىقىنىڭ ئورنىغا قويۇش، ئۆزىنى ھەممە نەرسە قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ماھىيەت ۋە مەزمۇن بىلەن تولغان، ھادىسە ماھىيەتتىن، شەكىل مەزمۇندىن ئۈستۈن قويۇلغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك خاتا تەشەببۇسلاردا يازغۇچىنىڭ روھى، سەنئەتتىكى بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇب سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، روھنىڭ ئاساسى بولغان مەۋجۇدىيەت، بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇبنىڭ مەنبەسى بولغان ماھىيەت، مەزمۇن پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىلغان.

ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى ئىنسان روھىي پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ قۇرۇق - قۇرۇق ئىنكاسلا بولماي، بەلكى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئوينايدىغان رولى، تەسىرىنىڭ غايەت زورلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ سۇبيېكتنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتىگە نىسبەتەن چەكلەش، بويسۇندۇرۇش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، ئۆزىدىلا يۈز بېرىدىغان ماھىيەتلىك كۈچلەرنى قېزىپ چىقىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ روھىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، خىيال ۋە قىياسنى دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئامىلى دەپ قارايدىغان ياكى رېئاللىقنىڭ يازغۇچى

مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغان بەدىئىي ئەسەرنى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتى، روھى، تۇيغۇسى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارايدىغان ئىدېئالىستىك سەپسەتىلەرگە ئۇزۇل-كېسىل قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى ماتېرىيالىستىك بىلىش نۇقتىئىنەزەرىدىن ئالغاندا، دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئامىللىرى قانداقتۇر روھ ياكى كىشىلەر ئادەتتە تۇيغۇ دەپ ئاتايدىغان «رەڭ، ئاۋاز، بېسىم، ماكان، زامان» ئەمەس بەلكى مەۋجۇدىيەت، جىسىم ياكى نەرسىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ھالدا سەنئەتنىڭ ھەقىقى ئامىلىمۇ قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقتۇر.

شۇڭا ئاتالمىش «يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتى»، «روھى» دېگەنلەر ھەرگىزمۇ سۇبيېكت ۋە روھنى قانداق چۈشەندۈرۈش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى رېئاللىق بىرلەمچىمۇ ياكى روھ، تۇيغۇ، تەپەككۇر بىرلەمچىمۇ؟ روھ تۇيغۇ، تەپەككۇر رېئاللىقنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئوبرازى، سۈرىتى، كۆپىيىسىمۇ ياكى رېئاللىق، مەۋجۇدىيەت يازغۇچىنىڭ روھي تۇيغۇسى، تەپەككۇرىنىڭ قوشۇلمىسىنىڭ «ئىدىيىۋى بەلگىسى» مۇ؟ رېئاللىقتىن يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، روھى، تۇيغۇسى ھاسىل بولامدۇ ياكى رېئاللىق يازغۇچى مېڭىسىدىن، ئىدىيىسىدىن، روھىدىن تۈزۈلەمدۇ؟ دېگەندەك ئوخشاش ئەڭ ئاساسى ۋە ئەڭ مۇھىم پەلسەپىۋى مەسىلىدۇر.

بەزى كىشىلەر «قايتىدىن بېكىتىپ چىقىش» باھانىسى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان رېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ چىنلىق، ئوبرازلاشتۇرۇش، تىپىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي قانۇنىيىتى ئوبيېكتىنىڭ سۇبيېكتتا بولغان چەكلىمىلىكى ۋە سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتىپ ئارقىلىق رول ئوينايدىغانلىقى، سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتنىڭ ئاكتىپ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسىدا ئىلمىي ئابستراكسىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئوبيېكتىپ خۇلاسە بولۇپ، ئۇ، ماركسىزملىق سەنئەت قارىشى ۋە ئىدىيىسىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان قانۇنىيەتلىك مەسىلىدۇر.

نەزەرىيە تەتقىقاتىدا دەل مۇشۇ جەھەتتە بارلىققا كەلگەن قېيمىش ۋە چېكىنىش ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زىيانلىق، يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدى. بىر قىسىم سەنئەتكارلار ئارىسىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتنەپ، تۇرمۇشنى ئۆز ئىدىيىسى، تۇيغۇسى ۋە كاللىسىدىن تۈزۈدىغان، رېئاللىقنى مەنسىتمەيدىغان، «مەن» نى چىقىش قىلغان، «مەن دېمەك رېئاللىق دېمەكتۇر، رېئاللىق دېمەك مەن دېمەكتۇر» دەيدىغان غەلىتە «ئىجادىيەت» مېتودى پەيدا بولدى ھەمدە ئۇلار غەلىتىلىك بىلەن داڭق چىقارماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن رېئاللىق ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمىدى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدا خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، دېمەكچى بولغان، ئەمما دېيەلمەيۋاتقان جىددىي، ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېخىمۇ دېيىلمىدى. مىللىيلىك ۋە خەلقچىللىق بوياپ كۆرسىتىلدى، مىللەت ۋە خەلققە ھاقارەت قىلىندى. «مەھەممەت ھەققىدە پاراڭ»، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆز قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «تۆت قۇلاق»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «سۇبھى»، «ئىزدىنىش»، «قىيانلىق دەريا»، «مۇزلىغان يۈرەك»، «ئۇچقۇر ئاياغ» «بوۋاي ۋە تاختا مۇشۇك»، «مەڭگۈلۈك ئەقىدىنىڭ ئىزدەنگۈچىسى» قاتارلىق «ئەسەرلەر»

www.uyghurkitap.com



ۋە «يېڭى شېئىر»، «گۇڭگا شېئىر» دەپ ئېلان قىلىنىۋاتقان «شېئىر» لارنىڭ مۇتلەق زور قىسمى شۇ خىلدىكى «ئەسەر» لەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا نېمە ئۈچۈن مۇنداق غەلىتە ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ ۋە بۇنداق غەلىتە بىرنېمىلەر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قەدىرلىك بولۇپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى بەزى نەزەرىيىچىلەرنىڭ ئورگانىك دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى، تۇيغۇسى، خام خىيالىغا باغلاپ قويغانلىقى ياكى ئىنسان مېڭىنىڭ تەسەۋۋۇرىدۇر، دەيدىغان ئىدېئالىستىك سەپسەتىنى «يېڭى ھەقىقەت» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت.

ھالبۇكى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئىنساننىڭ ماددىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ، ماددىي مۇناسىۋەت، ئەمەلىيەتتە، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەم ئۇنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈچتۇر. بەدىئىي ئەدەبىياتتا مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچنىڭ تۈگەللەنگەن ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەڭ مۇھىم ئىستېتىكىلىق بەدىئىي قانۇنىيەت ھېسابلىنىدىغان چىنلىق، ئوبرازلاشتۇرۇش، تىپىكلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئاساسىي قانۇنىيەت ئۆز مەنىسى ئېتىبارى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىگىمۇ تامامەن ئۇيغۇن. نۆۋەتتە بۇ ئۈچ قانۇنىيەتنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ قانداق ئاساسىي شەرتلەر ئاستىدا تەرەققىي قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە ۋە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ماركس ئاللىقاچان ئىنسانىيەت ئۆزىنى ۋە ئۆز تارىخىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشى، يەنى ئىنسانىيەت ئالدى بىلەن مول يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراق جاي ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىلىم - پەن، سەنئەت، دىن ۋەھاكازالار بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلىقىنى؛ ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ جۇغلىنىشى، بىر مىللەت ياكى بىر دەۋردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بەلگىلىك دەرىجىسى بەلگىلىك بىر ئاساسنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى؛ خەلقنىڭ دۆلەت، قانۇن، سەنئەت، دىن ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ مانا شۇ ئاساس بويىچە راۋاجلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

ئىنسانىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولغان بۇ ئالدىنقى شەرتلەر رېئاللىقنىڭ يازغۇچىنىڭ مېڭىسىدىكى ئوبرازى بولغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىغىمۇ تامامەن ئۇيغۇن.

خېلى زور بىر قىسىم «ئەسەر» لەردىكى ئاتالمىش «پېرسوناژ» ۋە «لىرىك قەھرىمان» لارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا ماركس كۆرسەتكەن بۇ ئالدىنقى شەرت ئىزنالىرىنى

كۆرگەنلىكى بولمايدىغانلىقىنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ «پېرسوناژ» لارنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە قۇرۇق خىيال سۈرىدىغان، ئەسلىمە ئىچىدىكى ئەسلىمە «جاڭگاللى»غا غەرق بولۇپ يۈرىدىغان «خىيالكەشلەر»، سىزىپ قويغان سىزىقتىن نېرى ئاتلىيالمايدىغانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغانلىقى؛ ئۆزلىرى «رېئاللىستىك ئەسەر» دەپ ئاتىۋالغان، ئەمگەك، ئۆزگەرتىش، خالىسلىق، مەردانىلىق، نوچىلىق، توي - نىكاھ، مۇھەببەت - ئائىلە، قىزىلكۆزلۈك، ئەسلىنى ئۇنتۇش، ئەمەلپەرەسلىك، ئاسىيلىق، تۈزكورلۇق، تەرەققىيات، بىرلىك، ئۆگىنىش، بېيىش، نەغمە، يېڭىچە ئىش قاتارلىقلارنى يېزىش مەقسەت قىلىنغان بىر قىسىم «ئەسەرلەر» دىكى ھەرقايسى سىنىپ، قاتلام، ساھەگە مەنسۇپ بولغان پېرسوناژلار ماركس كۆرسەتكەن بۇ ئەڭ ئاددىي، لېكىن ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ تىپىك شارائىتلارنى قىلچىمۇ مەنسىتمەيدىغان، نەزەرىگە ئالمايدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا كارى بولمىغان ھالدا تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىۋېتىدىغان، قورسىقى ئاچ، دۈمبىسى يالىڭاچ، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق تۇرسىمۇ گوياكى ئۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك مۇشەققەتلىك ئەمگەك، ئىلىم - پەن، سەنئەت، ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش، تەربىيىلەش بىلەن ھارماي شۇغۇللىنىدىغان كارامەتچىلەر؛ ئۇخلىمايدىغان، يېمەي - ئىچمەيدىغان ھۆرۈ - غىلمانلار، يات جىنسقا ھەۋەس قىلمايدىغان پاك پەرىشتىلەر، قىلچىمۇ خۇسۇسىيلىقى يوق ئەۋلىيا - ۋەلىيلەر، باتۇر، ئەزىمەت، كۈچتۈڭگۈر شاھىي مەردانىلار، ئەخلاق، ئادەمگەرچىلىك، ئار - نومۇس، غۇرۇر - ئىپتىخار، قانۇن - تۈزۈم، دىكتاتۇرىنى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان دىۋىلەر قىلىپ قويۇلغانلىقى ۋە داۋاملىق شۇنداق «مەردۇ - مەردان»، «پېرسوناژ» لارنىڭ ئۈزۈلمەي ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ۋە بىزار قىلىدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مۇستەبىتلىكى ئۇچىغا چىققان 70 - يىللاردا قورسىقىنى تويغۇزالمايۋاتقان، ئەر جىنسىدىن ئايال جىنسى كۆپ بولغان، قوشجەينەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىلۋەت جايدا، بىر تونۇمىسازنىڭ «تېخنىك» لىقىدا «ئون غۇلاچ يەرنىڭ تەكتىدە گۈلدۈرلەپ ئاقىدىغان» دەريانى توسۇپ تېرىقچىلىق قىلماقچى بولغان توختى چولاق رەھبەرلىكىدىكى بىر يېزا دېھقانلىرىنىڭ ناھىيە ھاكىمى باسىتىنىڭ قارشىلىقى ۋە ئۇنىڭ بەش قېتىملىق بۇيرۇقىنى «قەھرىمانلارچە» رەت قىلىپ، دەريانى توسۇش «جېڭى»دا غەلىبە قازانغانلىقىغا بېغىشلانغان «قىيانلىق دەريا»؛ مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا پىراكتىكا قىلىۋاتقان بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشكە ئېلىپ كېلىنگەن بىر جىنايەتچىگە كۆيۈپ قېلىپ، رېنتگېن قەغىزىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ھىيلىسى بىلەن بۇ جىنايەتچىنى تۈرمىدىن قويدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن نىجات تاپقانلىقىدىن ئىبارەت ساختا ۋەقەلىكلەرگە بېغىشلانغان «مۇزلىغان يۈرەك» قاتارلىق «ئەسەر» لەر ئىنسانىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھايات شارائىتلىرى نەزەرگە ئېلىنمىغان «ئەسەر» لەردۇر. 50 - يىللاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى يازماقچى بولغان مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق «ئەسىرى» بىزنى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ تىپىك سەلبىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ «ئەسەر» دە ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان» دېگەن بەتنام بىلەن يىراق بىر جايغا پالانغان مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يېڭىدىن نىكاھلىق بولۇپ، 20 كۈن ئۆتمەيلا كۆيۈپ ئېلىشقان مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگە، بارغان جايدا ئارپا ئۇنىدىن قىلىنغان سايۇزاڭبا (بىر خىل غىزا)غا

www.uyghurkitap.com

قورسىقىنىڭ ئىللىق - بىللا تويمايدىغانلىقىغا، بۇتخانىدىكى ياتقىنىڭ قىستا - قىستاڭ، ئىس تۈتەپ، بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغانلىقىغا، مەسىلە تاپشۇرۇش ۋەسۋەسىسىدە كۆز يۇمۇپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىغا، گۈزەل مەھبۇبىنى فاكۇلتېت رەھبىرىدىن كۈنلەپ تىت - تىت بولۇپ، بىئاراملىقتا ئىچى ئېچىشىپ، زەھەر يۇتۇۋالغاندەك جېنى ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقانلىقىغا، شۇنچە كەڭ ئالەمنىڭ تارلىشىپ، ئازادە نەپەس ئېلىشىنىڭمۇ قىيىن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، چىرىغى يوق ھېلىقى كونا بۇتخانىنىڭ بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇپ، تىل ئۆگىنىپ، خاتىرە يېزىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بارغانلىقى قاتارلىق «ئۇلۇغ» ئىشلار يېزىلغان، بۇ پېرسوناژ تۇرمۇشتا زادىلا خاتىرجەم بولالماي-ۋاتسا، قورسىقى ئاچ تۇرسا، تۇرالغۇ جايىنىڭ تايىنى بولمىسا، كاللىسى ۋەسۋەسە بىلەن توشۇپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ كىتاب ئوقۇيالىسۇن، خاتىرە يازالىسۇن، تىل ئۆگىنەلىسۇن، دائىم قىيىن مەسىلىلەر، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئۈستىدە توختىماي مۇنازىرىلىشىپ، كونا تاڭغۇت بۇتخانىسىنى قېنى قايناپ تۇرىدىغان «ياش مۇنازىرىچىلەر» نىڭ «ئىلىم مۇنبىرى» گە ئايلاندۇرۇۋېتەلىسۇن؟

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تۇرمۇش رېئاللىقى بۇزۇپ، ساختىلاشتۇرۇلۇپ، بىمە-نىلەشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلگەن، تۆۋەن ئاڭنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى بولغان «مۇھەب-بەت» دېگەن بىر نېمە سوزۇپ تارتىلغان، ساختا تەپسىلاتلار كۆرشى بىلەن تولغان، پېرسوناژنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى، ھەرىكىتى، ناخشىسى، ئۇسسۇلى پۈتۈنلەي سۈنئىي قۇراشتۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان، ھەتتا ھېچقانداق ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن، قورسىقىنى تويغۇزالماي ئېچىرقاپ يۈرگەن، تۆمۈرچى سوققان تۈنى-كە، قىلىچ، ئورغاق، قىڭراق، ئۆزلىرى سۇندۇرۇپ ياسىۋالغان تاياق، توقماق بىلەن قوراللانغان «تاغلىق باتۇرلار» دەپ ئاتالغان بىر قانچە كىشىلىك سالپا - ساياق «قوشۇن» نىڭ مۇنتىزىم دۆلەت ئاپپاراتى، مۇنتىزىم ئارمىيىسى، مۇنتىزىم قوغدىنىش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئەسلىھەلىرى بولغان پادىشاھ ئوردىسىغا خۇددى رامزانچىلاردەك «رامزان» ئېيتىپ بېسىپ كىرىپ، سۆلەتلىك پادىشاھنى «غايىپلىقتا ئۆتكەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن» دېگۈزۈپ، تىز پۈكتۈرۈپ، قوغلاندى يېتىمەكنىڭ پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن تويلاشقانلىقىغا بېغىشلانغان ساختا سەھنە ئەسىرى (كىنو سىنارىيىسى) — «غېرىب - سەنەم»؛ پارتىيىنىڭ 20 يىللىق خىزمەتلىرى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغان، ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتقان ئاساسىي قانۇن ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پارتىيىنىڭ ھەرخىل ئالاقىدار فاكچېن، سىياسەت، قارار، بەلگە-لىمىلىرى دەپسەندە قىلىنغان، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت شارائىتىدا، شىنجاڭنىڭ قايسىبىر قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقىقىدا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەت سىياسىتىدىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا بولغان، ئۆز ئالدىغا «پەي-غەمبەر پادىشاھ» بولۇۋالغان بىر گۈكشىنىڭ سادىر ئىسىملىك كىچىككىنە بىر پىستىكى-نىڭ قانۇن - تۈزۈمنى قايرىۋېتىپ، ئايالى نۇرنىسانىڭ سەمىگىمۇ سالماي، تامغا بېسىپ تەييارلاپ قويغان ئاجرىشىش خېتىنى قولىغا چاڭگاللىتىپ قويۇپ، ھامىلدارلىقىغا قارى-ماي ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ۋە قوغلاپ چىقىرىلىشتىن كېيىن ئايالنىڭ بې-شىغا چۈشۈشى ناتايىن بولغان، قىلچىمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ساختا دىشۋارچىلىق ۋە

رەنجى-ئەلەملەرنى يېزىشقا بېغىشلانغان «نۇرنىسا»؛ نىكاھ ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ قەدىمىي دېموكراتىك ئىدىيىلەر قىلچىمۇ بەدىئىي تۈس بولمىغان ئەڭ بىۋاسىتە سىياسىي ئارقىلىق تەپتارتماي تەرغىب قىلىنغان، ئەمما مۇشۇنداق بىۋاسىتە سىياسىي ئارقىلىقمۇ «ئەركىن نىكاھ» تەشۋىقاتىنى كېلىشتۈرۈپ تەشۋىق قىلالماي، تويدا چالا-پۇچۇق كۆرۈپ قالغان بىر قىزنى دەپ نەچچە يىلدىن بۇيان سۆرەپ يۈرگەن لايىقىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقتىن ئىبارەت كېلىشمىگەن ساختا ھادىسە خۇددى ئۆزىدەك ساختا تۇرمۇش سەھنىسىدە سوزۇپ تارتىلغان، مىللەت پسىخىكىسى ۋە مەدەنىيىتى، مىللەت روھى ۋە ئۆرپ-ئادىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان، ھاقارەتلىك «مىللىي تۇرمۇش» ۋەقەلىكلىرى يېزىلغان «رەنانىڭ تويى»؛ سۆيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە شەرت-شارائىتىدا ئۇچرىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان، ئەمما «قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ باغۋەنچىلىك قىلىش» تىن ئىبارەت توقۇپ چىقىرىلغان ساختا ھادىسىلەر ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان، بۇزۇلۇپ قالغان سۇ پومپىسىنى شۇ پومپىنى ياسىغان زاۋۇتنىڭ شۇ پومپىنى قۇراشتۇرغان ئىشچىسى كېلىپ رېمونت قىلىپ بېرىشتەك ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى تۈزۈم، قائىدە ۋە بەلگىلىمە سىرتىدىكى ساختا توقۇلمىلار ئىچىدە ياساپ چىقىرىلغان «بەڭباش، شوخ، يالقاۋ» ئىشچىنىڭ ئىنسان تۆۋەن ئېڭىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن ئەمگەكچان، ئەدەبلىك، ئېغىر-بېسىق، ئىلغار ئىشچى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىغا دائىر ھېچبىر تېماتىك ئىدىيە ئۆتكۈرلۈكى ۋە يېڭىلىقى بولمىغان بەزى ھادىسىلەرنى يېزىشقا بېغىشلانغان «بەخت ناخشىسى»؛ «ئارتىست بولمايدىغان قىز» دەپ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە «ئارتىست» بولىدىغان، ئەمما «ئارتىست بولۇش» جەريانىدىكى سوزۇپ-تارتىلغان ھەربىر ھادىسە مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىكى ماھىيەتلىك چىنلىقىغا قىلچىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئىشەنچىسىز، يالغانچىلىقلاردىن قۇراشتۇرۇلغان «ئارتىست بولمايدىغان قىز» قاتارلىق «ئەسەر» لەرمۇ «رېئالىزم» نى تەرغىب قىلىپ تۇرۇپ، رېئالىزم پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلغان، «ئادەم» دەپ تۇرۇپ، تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم يېزىلمىغان، «پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تارىخى» دەپ تۇرۇپ «پېرسوناژ خاراكتېرى تارىخى» نىڭ ئىزنالىرىنىمۇ چىقىرالمىغان، پسىخىكىسى، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇرى، ئوي-خىيالى، سۆزى، ھەرىكىتى، مېڭىش-تۇرۇشى ئىنسانغا ئوخشىمايدىغان، سەۋەبىيەتسىز ساختا باغلىنىشلار، زۆرۈرىيەتسىز تاسادىپىيلىقلار يېزىلغان بارلىق سەھنە ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئەسەرلەر» دۇر.

ماقۇل، «ئادەم تەشەببۇسكارلىق، پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئۆزىگە مۇھىت يارىتالايدۇ، شارائىتنى ئۆز ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرالايدۇ، پاسسىپ ھالدا مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، سەۋەب-نەتىجە زەنجىرىنىڭ ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ» مۇ دەيلى، ئۇنداقتا ئادەم قورسىقى ئاچ، ياتقان جايى كونا تام، تونۇر تۈۋى بولسىمۇ شۇنداق قىلالامدۇ؟ خەجلەيدىغان بىر تىيىن پۇلى يوق تۇرۇپ، ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىپ، «ئۆيى يوق» لۇقتىن ئىبارەت «مۇھىتى» ۋە «شارائىتى» نى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ مەسىلە تاپشۇر دەپ دەررە — قامچا، كالتەك بېشىدا ئويناپ تۇرسا «ئاھ گۈزىلىم» دەپ قوشاق توقۇيالامدۇ؟ كىشىلەر خىزمەتتە كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشمەكچى، ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى ۋە ئىسلاھاتتا غەلىبىگە ئېرىشمەكچى بولسا، يەنە «تەشەببۇسكارلىق، پائالىيەتچانلىق» بىلەن «ئۆزىگە مۇھىت ياراتماقچى»، «شارائىتنى

ئۆز ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرماقچى» بولسا، ئۆز ئىددىيىسىنى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە پائالىيەتچانلىقىنى تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىدىگە ئۇيغۇنلاشتۇرمىسىمۇ، خىزمەت ۋە ئىسلاھاتتا كۆڭلىدە پۈككەن ئۈنۈم، پىلاندىكى نەتىجىگە ئېرىشەلەمدۇ؟ ياق، ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەت داۋامىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولىدۇ.

ئادەمنىڭ «تەشەببۇسكار»، «پائالىيەتچان» بولىدىغانلىقى راست، ئەمما ئادەمنىڭ بۇ خىل «تەشەببۇسكار» ۋە «پائالىيەتچان» لىقى ئۇنىڭ ئۆز شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىكى «تەشەببۇسكارلىق» ۋە «پائالىيەتچان» لىقتۇر. شارائىتقا قارشى ھالدا مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان ھەرقانداق كۈچ شارائىتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. مانا بۇ ئىنسانىيەتە تارىخىنىڭ تەرەققىيات رېئاللىقى.

بىز تۇرمۇشتا «بىر ھارغان، بىر ئاچ قالغاندىن گەپ سورىما»، «يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇن»، «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالازغا ئورۇلۇپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش ئەقلىيە سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشتىن ئىبارەت ھېكمەت بار، «بۇغداي نېنى ياخشى، ئېيتقۇزىدۇ ناخشى» دېگەن سۆزدىمۇ قورساق توق بولغاندىلا ناخشىنى ئېيتقىلى، يەنى سەنئەت، ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ئىسپاتلانغان، ھالبۇكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە توختاۋسىز ھالدا بىرلا قېلىپتا داۋاملىق پەيدا بولۇۋاتقان «ئىپىك» ۋە «لىرىك قەھرىمانلار» نىڭ بۇ قانۇنىيەتلەرگە زادىلا بېقىنمايدىغان، قانۇنىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان پەۋقۇلئاددە «مالائىكىلەر» بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى كىشىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ.

بيۇروكراتلىق، شەخسىيەتچىلىك، چىرىكلىك، ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىش نۆۋەتتە پارتىيە ئىستىلىدا پەيدا بولغان ئىنتايىن يامان ئەھۋال، ئەلۋەتتە. بىراق ھەرقانداق چىرىك مۇستەبىت ئەمەلدارمۇ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پارتىيە ئىنتىزامى، قانۇن ـ تۈزۈمىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلغان ھالدا ئۆز زومىگەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، دۆلەت، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بۇلاپ، ئۈلۈشۈۋالالمايدۇ. بىراق پارتىيە ئىستىلىدا پەيدا بولغان بۇخىل ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىشتا بېغىشلانغان «ئەسەر» لەردىكى توقۇپ چىقىرىلغان «ھېكايە» لەر تولىمۇ ئەپسانىۋى تۈس ئالغان بولۇپ، كىشىنى قىلچىمۇ ئىشەندۈرەلمەيدۇ. «ئىسلاھات روھىغا ئىگە ھېكايە» دەپ ھېسابلانغان «خەير ـ خوش، توققۇز كۆڭلۈك ماكان»، «قىزىق ئىشلار»، «ئېھ، تۇپىلىق يول»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق «ئەسەر» لەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ماركس كەشىپ قىلغان ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولغان مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلەمچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ئېڭىنى بەلگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيەتنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە توغرا تەتبىقلاش نۆۋەتتىكى ئىجادىيەتتە لىرىك ۋە ئىپىك قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشتا سەل قارىلىۋاتقان سۇبيېكتىپ ئىرادىچىلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

۱

موپاسسان (فرانسىيە)

# مۇھەببەت: بىر ئوۋچىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۈچ بەت

مەن تېخى يېقىندا بىر گېزىتنىڭ قىزىقارلىق ئۇششاق ئىشلار سەھىپىسىدىن بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى ئوقۇدۇم. بىر ئەركەك بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارقىدىن ئۆزى ئۆلۈۋاپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئەركەكنىڭ ھېلىقى ئايالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ ئەركەكنىڭ ياكى ھېلىقى ئايالنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكىلا دىققەت قىلىۋىدىم، لېكىن بۇ مۇھەببەت مېنى قىزىقتۇرالمىدى: چۈنكى ئۇ روھىمىنى چۈشۈرۈۋەتتى، مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى، پىكرىمنى چېچىۋەتتى ياكى مېنى قۇرۇق خىيالغا پاتۇرۇپ قويدى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ياش ۋاقتىمىدىكى بىر ئىشنى، يەنى ئوۋچىلىققا ئالاقىدار ئاجايىپ بىر ئىشنى ئېسىمگە سالدى. شۇ قېتىم ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىمدە، مۇھەببەت ئىلاھى خۇددى ئاسمان بوشلۇقىدىكى كرېست خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى مۇرىتلىرىغا نامايان بولغىنىدەك ماڭا بىر مەرتىۋە نامايان بولغانىدى.

ئىپتىدائىي ئادەملەرگە خاس جىمىكى ئىقتىدار ۋە سەزگۈ مەندە تۇغۇلغانىدىن تارتىپلا بار ئىدى. لېكىن مەن يەنە مەدەنىيەتلىك ئادەملەردە بولىدىغان پەرىشانلىقنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغانىدىم. مەن ئوۋ ئوۋلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدىم، لېكىن يارىلانغان ياۋا ھايۋانلارنى، قۇشلارنىڭ پەيلىرىگە ياكى قولۇمغا يۇققان قاننى كۆرسەم، بىردىنلا يۈرىكىم تارتىشىپ، نەپسىم قىسىلىپ كېتەتتى.

بىر يىلى ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ قالغان كەچكۈز پەيتىدە بىر نەۋرە ئاكام كارل دې ئېۋىل مېنى تاڭ سەھەردە سازلىققا بىللە بېرىپ، ياۋا ئۆردەك ئوۋلاپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

بىر نەۋرە ئاكام قىرىدىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، خۇشخۇي، قوڭۇر چاچلىق، تولىمۇ ساغلام، پۈتۈن يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن ئادەم ئىدى. بۇ يېزا مۆتىۋەرى چاقچاقچى، شۇنداقلا ئازراق ئۆز بېشىمچىراق ئىدى. گورولىقلاردەك تولىمۇ پاراسەتلىك بۇ ئادەم ئادەتتىكى نەرسىلەرنى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيتتى. ئۇنىڭ باغلىق ھويلىسىمۇ، قەلئەلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۆيى قىيپاش ئويمانلىققا جايلاشقانىدى. كىچىككىنە بىر دەريا ئاشۇ قىيپاش ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريانىڭ ئۇياق - بۇيېقىدىكى

دۆڭلۈك قويۇق ئورمان بىلەن قاپ-
لىنىپ تۇراتتى، ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس
قالغان بۇ قەدىمىي ئورماندا خېلى نۇر-
غۇن قىممەتلىك دەرەخلەر ساقلىنىپ قال-
غانىدى. ئاندىن فرانسىيىنىڭ شۇ رايونىدا
ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان تولىمۇ قىم-
مەتلىك قۇشلارنىمۇ شۇ يەردىن تاپقىلى
بولاتتى. بەزىدە سارلارنىمۇ ئېتىۋالغىلى
بولاتتى. ئۆتكۈنچى قۇشلارغا كەلسەك،
ئېلىمىزنىڭ ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان
رايونلىرىغا كىرىشكە پېتىنالمايدىغان قۇش-
لار گويا ئىپتىدائىي ئورمان ساقلىنىپ
قالغان مۇشۇ كىچىككىنە بۇلۇڭدا كېچىسى
ۋاقتىنچە بولسىمۇ قونالغۇ قىلغۇدەك پاناھ
جاينىڭ بارلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلىدىغاندەك
ياكى ئۇنى بۇرۇندىنلا تونۇيدىغاندەك، دا-
ئىم ئاشۇ ئېگىز - ئېگىز كاۋچۇك دەرەخ-
لىرىگە قونۇپ ئارام ئېلىشاتتى.

قىيپاش ئويمانلىقتا چوڭ - چوڭ
ئوتلاقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقلى-
رىدىكى نۇرغۇن ئېرىق - ئۆستەڭلەر بۇ
ئوتلاقلارنى سۇغىرىپ تۇراتتى، ئاندىن
ئۇلار قاشالار ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئاي-
رىۋېتىلگەنىدى. يەنە ئازراق ئىلگىرىلى-
سىڭىز، ئىككى قىرغاقنىڭ ئارىلىقىدا قى-
سىلىپ ئاقىدىغان ھېلىقى كىچىك دەريا
بۇ يەرگە كەلگەندە يېيىلىپ، كەڭ كەت-
كەن سازلىقنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ سازلىق
مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئەڭ
ياخشى ئوۋ ئوۋلاش سورۇنى، بىر نەۋرە
ئاكامنىڭ بەكمۇ ئەتىۋارلايدىغان زېمىنى
ئىدى، ئۇ بۇ يەرنى ئوۋ ئوۋلاش چەك-
لەنگەن رايون سۈپىتىدە قوغداپ كېلى-
ۋاتاتتى. سازلىقتىكى قويۇق يېكەن بەئەي-
نى دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، بەزىدە شا-
ۋۇلداپ شاۋقۇن سېلىپ تۇراتتى. ئەنە
شۇ يېكەنلەرنىڭ ئارىسىدا تارغىنا سۇ
يولى بار ئىدى. قولۋاقنى ئۇزۇن خادا
بىلەن ئىتتىرىپ، ئەينەكتەك پارقىراپ
تۇرىدىغان ئاشۇ سۇ يۈزىدە ئاستا - ئاستا
ئۈزۈپ ماڭسىڭىز، سۇنىڭ چېتىدىكى يې-
كەنلەرنىڭ قىمىرلىغىنىنى سېزىپ قالغان
سەزگۈر بېلىقلار شۇئانلا سۇ بىلەن ئوت-
نىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋالىدۇ. پوكىنى ئاق،
بېشى قارا سۇ قۇشلىرىمۇ ئۈچلۈق باشلى-
رىنى سۇنىڭ ئىچىگە تىقىۋالىدۇ.

مەن كىچىكىمدىنلا سۇنى ياخشى كۆ-
رىمەن: شۇ قەدەر بىپايان، دولقۇنلۇق
بولغاچقا، بىردەم يېرىمدەم توختاپ تۇر-
مىسىمۇ، دېڭىزنى ياخشى كۆرىمەن؛ شۇ
قەدەر دىلرابا ھەم كېچە يۇ - كۈندۈز توخ-
تىماستىن ئېقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، دەريا
سۈيىنى ياخشى كۆرىمەن؛ مەن سازلىقلاردا
شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلارنى
ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ
يەرلەردە سۇدا ياشايدىغان نۇرغۇنلىغان
ئۇششاق ھايۋانلار پۈتۈن ئۆمرىنى تىنچ
ئۆتكۈزۈپ، ئەۋلادلىرىنى قالدۇرۇپ كېتى-
دۇ. سازلىق — مۇشۇ پلانىتىمىزدىكى ئۆزلۈ-
كىدىن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئون
سەككىز مىڭ ئالەم — ئۆز ئالدىغا بىر
دۇنيا، ئۇنىڭ مۇقىم ئۆز ئاھالىسى، ئۇياق-
بۇياققا ئۆتكۈچە چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆت-
كۈنچى مېھمانلىرى، ئۆز تىلى، ئۆزىنىڭ
شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ
ئۆزىگە لايىق سىرلىرى بار. ھېچقانداق
بىر يەر ئادەمنى كەڭ كەتكەن ئويمانلىق-
تىكى سازلىقتەك ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ،
خاتىرجەمسىزلەندۈرەلمەيدۇ، چۆچۈتەلمەي-
دۇ. سۇ بىلەن پۈركىنىپ تۇرىدىغان

ئاشۇ ئويمانلىقنى نېمە ئۈچۈن خىرە ۋەھىمە قاپلاپ تۇرىدۇ؟ يېكەنلەر شاۋقۇن سېلىپ تۇرغاچقىمۇ، ئېرىقتىكى ئوت بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغاچقىمۇ، كېچىدەك جىمجىتلىقتا چۆككەچكىمۇ، قويۇق تۇمان خۇددى پەردىدەك سۇنىڭ يۈزىنى يېپىپ تۇرغاچقىمۇ ياكى پەرق ئەتكۈسىز بىر ئاۋاز چىقىپ تۇرغاچقىمۇ؟ بۇ ئاۋاز شۇ قەدەر بوش، شۇ قەدەر مۇلايىم بولسىمۇ، ئاڭلىنىپلا قالسا، ئادەمنى زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىدىن، ھەتتا گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدىن بەكرەك قورقىتىدۇ. ئەجەبا، مانا شۇلار سازلىقنى خۇددى چۈشتە كۆرگەندىكىدەك بىر مەملىكەتكە — ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتقۇدەك مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، شۇ قەدەر سىرلىق، شۇ قەدەر خەتەرلىك قىلىۋەتكەنمىدۇ؟

ياق، پەقەت مۇشۇلا ئەمەس، سازلىقنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئاجايىپ تەرەپلىرى بار. ئۇ بەلكىم ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تەرەپلىرىدۇر! ھاياتلىق ئەنە شۇ پاتقاق ئارىلىشىپ كەتكەن سۇدا كۈن نۇرىغا تويۇنغان نەم تۇپراقنىڭ نەمدىشى ئارقىلىق بىخ ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟

مەن بىر نەۋرە ئاكامنىڭكىگە قاش قارايغان چاغدا يېتىپ باردىم. ھاۋا تاش يېرىلغۇدەك دەرىجىدە سوغۇق ئىدى.

كەچلىك تاماقنى كەڭتاشا بىر خانىدا يېدۇق. ئۆيدىكى ئىشكاپلارغا، تاملارغا، ھەتتا تورۇسقا لاچىن، قارچىغا، مۈشۈكياپىلاق، ياۋروپا بۆلبۇلى، كاككۇك، قۇرغۇي، تاز قارا، شۇڭقار دېگەندەك قۇشلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى ئېسىپ قويۇلغانىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان، بەزىلىرى دەرەخ شاخلىرىدا ئارام ئېلىۋاتقان ھالەتتە قاتۇرۇلغانىدى. بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆزىمۇ دېڭىز قاپلىنىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن خۇرۇم چاپان كىيىۋالغاچقا، شىمالدىكى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. تاماق ئارىلىقىدا ئۇ ماڭا ئەتە ئەتىگەندە ئوۋ ئوۋلىغاندا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى.

بىز ئۇ تاللاپ قويغان يوشۇرۇن كۆزىتىشكە باپ جايغا سائەت تۆت يېرىمدا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، سائەت ئۈچ يېرىمدا يولغا چىقماقچى بولدۇق. تاڭ ئالدىدىكى چىدىغۇسىز سوغۇق شامالدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇ شۇ يەردە مۇزدىن كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆي راسلاپ قويۇپتۇ. تاڭ ئالدىدىكى مۇنداق سوغۇق شامال ئادەمنىڭ تېرىسىنى خۇددى پولات ھەرىدەك تىلىۋېتىدۇ، پىچاقتەك يېرىۋېتىدۇ، زەھەرلىك تىكەندەك چاقىدۇ، قىسقاچتەك قىسىدۇ، يالقۇندەك چىمىلدىتىدۇ.

بىر نەۋرە ئاكام قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ:

— شۇ چاغقىچە مۇشۇنداق سوغۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، — دېدى ماڭا، — كەچ سائەت ئالتە بولا-بولماي، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ئون ئىككى گرادۇسقا چۈشۈپ كەتتى.

مەن تاماقنى يەپ بولۇپ، تام مەشتە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا يوتقانغا كىرىپ، ئۇيقۇغا كەتتىم.

سائەت ئۈچتە بىر نەۋرە ئاكام مېنى ئويغاتتى. بۇ قېتىم مەن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى كىيىۋالدىم، بىر

www.uyghurkitap.com

نەۋرە ئاكام كارل ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى كىيدى، بىز ئىككى ئىستاكاندىن قىزىق قەھۋە، بىرنەچچە رومكىدىن كۈچلۈك بىراندى ئىچىۋېلىپ يولغا چىقتۇق. ئوۋ ئوۋلىنىدىغان سورۇننىڭ كۆزەتچىسى بىلەن ئىككى ئىت ــ بورانكىن، پىئېرو بىز بىلەن بىللە يولغا چىقتى.

ئىشىكتىن چىقىشىمغا سوغۇق بىردىنلا جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن ئاخشام سوغۇق ھەقىقەتەن قاتتىق ئىدى. گويا ھاۋامۇ توڭلاپ قالغاندەك، ئۇنى تۇتقىلى، سىلىغىلى بولىدىغاندەك، مېڭىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا خۇددى تامغا سۈركىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئادەمنى بەكلا قىينايتتى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا شامالمۇ توڭلاپ قالغاندەك قىلاتتى. سوغۇق ئادەمنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ، يۈرەكلەرنى مۇزلىتىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتۇرسا، ئوت ـ چۆپ، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئۇچار قۇشلارنى نابۇت قىلاتتى، بەزى ئۇششاق قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدىن قاتتىق يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتى ـ دە، قەھرىتان سوغۇقتا بوغۇلۇپ جىم بولۇپ قالاتتى.

تولۇق تولۇشقا پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈكلا قالغان ئاي بىپايان ئاسماندا گويا جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ، ئولتۇرۇشقىمۇ ھالى قالمىغاندەك؛ خازان بولغان ھاۋا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، مىدىرلىغىلى قويماي، زورمۇ زور شۇ يەردىلا توختىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەر ئايدا غايىب بولۇشقا ئاز قالغان چېغىدا، پانىي دۇنياغا ئاخىرقى غەمكىن گۈڭگا نۇرلىرىنى چاچقىنىدەك، بىپايان زېمىنگە ھەسرەتلىك نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى.

كارل ئىككىمىز سەل ئېڭىشىپ، قولىمىزنى يانچۇقىمىزغا سېلىپ، مىلتىقلىرىمىزنى قولتۇقىمىزغا قىستۇرۇپ يانمۇ يان كېتىۋاتاتتۇق. مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەريا يۈزىدە تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆتۈكلىرىمىزنى تېشىدىن كىگىز بىلەن يۆگىۋالغانىدۇق، شۇڭلاشقا ماڭساق ئاۋاز چىقمايتتى. مەن ھاسىراپ كەتكەن ئىتلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ھور چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتىم.

بىز ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا سازلىقنىڭ چېتىگە يېتىپ بېرىپ، قۇرۇق ئوت بېسىپ كەتكەن چىغىر يولغا بۇرۇلدۇق. بۇ يول ئورماننىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئېلىپ باراتتى.

جەينەكلىرىمىز ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قۇرۇق يوپۇرماقلارغا تېگىشى بىلەن بوشقىنا شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، مانا شۇ چاغدا مەندە بىردىنلا كۈچلۈك، لېكىن غەيرىي بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. مۇنداق تۇيغۇ ئىلگىرى سازلىقلارغا كىرگەن چېغىمدا زادىلا پەيدا بولۇپ باقمىغانىدى. قۇرۇپ سارغىيىپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەرنى دەسسەپ كېتىۋاتقان بولساقمۇ، بۇ جاي ئۆلگەن، توڭلاپ ئۆلگەنىدى.

بىر چىغىر يول ئەگىلىدىغان جايدا، مەن بىردىن مۇزدىن قوپۇرۇپ چىقىرىلغان ھېلىقى ئۆينى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىزنىڭ سوغۇقتىن پاناھلىنىشىمىز ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. مەن ئۆينىڭ ئىچىگە كىردىم. ياۋا قۇشلار ئويغىنىپ ئەتراپنى ئايلانغاندەك بولغۇچە، بىزنىڭ يەنە بىر سائەت كۈتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى. مەن ئۆزۈم ئالغاچ كەلگەن يۇڭ ئەدىيالغا يۆگىنىۋالدىم. شۇنداق قىلسام، بىر ئاز ئىسسىنىشىم مۇمكىن ئىدى. ئارقىدىن ئوڭدا

يېپىتىپ، شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئايغا ئىكەنلىدىم؛ مۇزدىن قوپۇرۇلغان ئۆينىڭ سۇزۇك تاملىرىدىن قارىسىمىز، ئاي خۇددى ئۆت پۇت چىقارغاندەكلا كۆرۈنەتتى. لېكىن كۆك مۇزنىڭ ئاستىدا قالغان سازلىقتىن چىقىۋاتقان سوغۇق، مۇز تامدىن چىقىۋاتقان سوغۇق، يېرىقىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان سوغۇق سەۋەبىدىن ئىچ ـ ئىچىمگە ئىترەك ئۇلىشىپ، يۈرىكىمىشكە باشلىدىم. بۇنىڭدىن بىر نەۋرە ئاكام كارل ئەندىشە قىلىپ قالدى.

— بۈگۈن ھېچقانچە ئولجا ئالالمىساقمۇ مەيلى، — دېدى ئۇ، — لېكىن ساڭا زۇكام تېگىپ قالسا بولمايدۇ. ئوت ياقايلى.

ئۇ ئوۋچىلىق سورۇنىنىڭ كۆزەتچىسىگە ئوت ـ چۆپ يىغىپ كېلىشنى تاپشۇردى.

بىز مۇز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت ياقتۇق. ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىس چىقىپ كەتكۈدەك تۆشۈك بار ئىكەن. قىپقىزىل ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، كرىستالدەك سۇزۇك مۇز پارچىلىرىنى قىزىتىشقا باشلىغان چاغدا، مۇز پارچىلىرى خۇددى تەرلەۋاتقاندەك ئاستا ـ ئاستا، سەزگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېرىشكە باشلىدى. كارل تېخىچە ئالادا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ «بۇياققا چىقىپ قاراپ باققىنە!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن قاتتىق چۆچۈپ، شۇئان مۇز ئۆيدىن چىقتىم. مانا ئەمدى ئۇقتۇمكى، بىزنىڭ كونۇس شەكلىدە قوپۇرۇلغان مۇز ئۆيىمىز بەئەينى غايەت زور بىرلىليانتقا ئوخشايدىكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوغدەك قىپقىزىل يۈرىكى بار ئىكەن، بۇ يۈرەك سازلىقتىكى ئاشۇ مۇز دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاۋۇلداپ يېنىۋېتىپتۇ. بىز يەنە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىككى سايىنى كۆردۇق، ئۇ ئوتنىڭ يېنىدا ئوت سۇنۇپ تۇرغان ئىتلىرىمىزنىڭ سايىسى ئىدى.

لېكىن غەلىتە بىر ئاۋاز، ئاسماندا لەيلەپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر ئاۋاز باش ئۇستىمىزدىلا ياڭرىدى، بىز مۇز ئوچاقتىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقتا ياۋا قۇشلارنى كۆردۇق. مۇشۇنداق بىر قىشنىڭ تاڭ پەيتىدە، سۇبھى تاڭ نۇرى ئۇپۇقنى تېخى يورۇتمىغان بىر چاغدا، ھاياتلىقنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاش، بولۇپمۇ ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاۋازىنىلا ئاڭلاش، ئەنە شۇ ھاياتلىق چاقىرىقىنىڭ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن سوغۇق ھاۋانى تېزلا كېسىپ ئۆتۈپ، زېمىنىنىڭ ئۇ چېتىدە غايىپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇش نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر تەسىرلىك ـ ھە! تاڭ ئالدىدىكى مۇشۇنداق سوغۇق بىر پەيتتە قۇشلارنىڭ قانات قېقىشى بىلەن تەڭ ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاشۇ چاقىرىق ئاۋازى ماڭا گويا كۆڭۈلنىڭ مۇشۇ ئالەمدىن كېتىۋاتقان خورسىنىشىدەك تۇيۇلدى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار، — دېدى كارل، — تاڭ ئاتتى.

ھەقىقەتەن ئاسمان ئاقىرىشقا باشلاپ، توپ ـ توپ ياۋا ئۆردەكلەر تىزىلىپ سەپ بولۇپ، باش ئۇستىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، بىپايان ئاسماندا ئاستا ـ ئاستا غايىب بولماقتا ئىدى.

بىر يورۇپ، بىر قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان سەھەر ئاسمىنىنى بىر يورۇقلۇق يېرىپ تۇراتتى؛ كارل بىر پاي ئوق ئۈزدى، ئىككى ئىت ئۇچقاندەك چېپىپ ئالدى تەرەپكە كېتىشتى.

ئەنە شۇندىن كېيىن، ھەر بىر مىنۇتتا دېگۈدەك بەزىدە ئۇ، بەزىدە مەن ئوتلاقنىڭ ئۇستىدە بىرەر توپ قۇشنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپ قالسىلا، دەرھال

www.uyghurkitap.com

قارىغا ئېلىپ تۇردۇق. پېئېرو بىلەن بورانكىن ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ خۇشال چېپىشىپ، قىسپىقىزىل قانغا بويالغان ياۋا قۇشلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ قۇشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى بىزگە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

قۇياش كۆتۈرۈلدى، ھاۋا شۇ قەدەر ئوچۇق ئىدى. بىز بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق، دەل شۇ چاغدا ئىككى قۇش قاناتلىرىنى كېرىپ باش ئۈستىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. مەن ئوق ئۈزۈپ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئېتىپ چۈشۈردۈم، ئۇ پۇتۇمنىڭ يېنىغىلا چۈشتى. ئۇ پەيكىنى كۈمۈش رەڭ ئۆردەك ئىدى. مانا شۇ چاغدا بىز باش ئۈستىمىزدىكى كۆپكۆك ئاسماندىن كېلىۋاتقان بىر ئاۋازنى، ھېلىقى قۇشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق، تولىمۇ قىسقا، ئاجايىپ ھەسرەتلىك بۇ ئاۋاز توختىماي ئاڭلىنىۋەردى؛ ھېلىقى قۇش — مىلتىق ئوقىدىن ئامان قالغان ھېلىقى كىچىككىنە جانىۋار مېنىڭ قولۇمدىكى ھەمراھىنىڭ جەسىتىگە تىكىلگىنىچە باش ئۈستىمىزدىكى كۆپكۆك ئاسماندا ئايلىنىپ ئۇچماقتا ئىدى.

كارل زوڭ ئولتۇرۇپ، مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېلىپ، ھېلىقى قۇشقا تىكىلگىنىچە، ئۇنىڭ ئوق يەتكۈدەك يېقىن يەرگە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— سېنىڭ ئېتىپ چۈشۈرگىنىڭ چىشىسى، — دېدى ئۇ، — بۇ ئەركىكى ئۇنى تاشلاپ كەتمەيدۇ.

ئەركەك ئۆردەك دېگەندەكلا چىشىسىنى تاشلاپ كېتەلمىدى؛ ئۇ باش ئۈستىمىزدىن قايتا ـ قايتا ئايلىنىپ، تىنماي مۇڭلۇق سايرايتتى. ئەزەلدىن ھېچقانداق نالە ـ پەرياد ئاشۇ نالىچىلىك — ھەمراھىدىن جۇدا بولغان ئاسماندىكى بىچارە قۇشنىڭ ھەسرەتلىك نالىسىچىلىك يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرالمىغانىدى.

بەزىدە ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مىلتىق ئاغزىنىڭ خەۋپىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇزۇن سەپەرنى ئۆزى يالغۇز داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۆزىنىڭ جۇدا بولغان ھەمراھىنى ئىزدەپ قايتىپ كېلەتتى.

— قولۇڭدىكى چىشىسىنى يەرگە تاشلاپ قوي، — دېدى كارل ماڭا، — ئەركىكى بىردەمگىچە ئوق يەتكۈدەك ئارىلىققا كېلىدۇ.

ئەركەك ئۆردەك دېگەندەك خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ھايۋانات مۇھەببىتى ۋەجىدىن، ئۆزىنىڭ ھېلىلا مەن ئېتىپ چۈشۈرگەن جۈرىسىغا بولغان مەجنۇنلۇقى ۋەجىدىن، ئەمدى ئۇنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە باققۇچىلىكى قالمىغانىدى.

كارل ئوق ئۈزدى. كىمدۇر يېپىنى ئۈزۈۋەتكەن لەگلەكتەك قاپقارا بىر نەرسىنىڭ پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئارقىدىن ئۇنىڭ قۇرۇق ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. پېئېرو ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا بەردى.

مەن ئۇ ئىككىسىنى — ئۇلار ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەنىدى — بىللە خالتىمغا سالدىم... مەن شۇ كۈنى كەچتىلا پارىژغا قايتىپ كەتتىم.

«ھېكايىلەردىن زوق ئېلىش» ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى تومىدىن

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



# جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە

## ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى باھادىر ئەدىب

**1991 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نادىنە گوردىمېر توغرىسىدا**

1991 - يىلى 3 - ئۆكتەبىر كۈنى شىۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى جەنۇبىي ئافرىقىلىق 68 ياشلىق ئاق تەنلىك ئايال يازغۇچى نادىنە گوردىمېر (NADINE GORDIMER) نىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 6 - ئايال يازغۇچى بولۇپ قالدى.

بۇ خەۋەر ئۆزىنىڭ يېڭى ھېكايىلەر توپلىمىنى ئامېرىكىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ تەشۋىق قىلىۋاتقان گوردىمېرنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. گوردىمېر نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆپ قېتىم كۆرسىتىلگەنىدى. ئۇ «مەن ئۇزۇندىن بېرى نامزات بولۇپ تۇرۇۋەردىم، شۇڭا مۇكاپاتقا ئېرىشىشتىن ئۈمىدنى ئۈزگەنىدىم» دېدى. بۇ قېتىم ئۇ ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. ئۇ «بۇ قېتىمقى شان - شەرەپ يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىك ۋە ئاق تەنلىك يازغۇچىلارغا تەئەللۇق. مەن كۆپچىلىكنىڭ ۋەكىلى»، دېدى.

گوردىمېرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن ئۇنى تەبرىكلەشتى. گوردىمېرنىڭ ئامېرىكىدىكى تۇرالغۇ جايىنىڭ تېلېفونى ئۈزۈلمەي جىرىڭلاپ تۇردى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نېگر ئېپىسكوپى تۇتۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

گوردىمېر 1923 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يوھاننېسبورگ ئەتراپىدىكى كىچىك بازار سىپولىنىستا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى لىتۋالىق يەھۇدىي، ئانىسى ئەنگلىيىلىك بولۇپ، دادىسى ئۈنچە - مەرۋايىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى. گوردىمېر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا بالېت ئارتىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، لېكىن تېنى ئاجىز، كېسەلچان بولغاچقا، بۇ خىيالى ئەمەلگە ئاشمىغان. كىچىك گوردىمېر كىتابخۇمار ئىدى. ئۇ توققۇز يېشىدا بەزى شېئىرلارنى ۋە كىچىك چۆچەكلەرنى

www.uyghurkitap.com

يېزىشقا باشلاپ، شۇ يەردىكى گېزىتلەرنىڭ بالىلار ئەدەبىيات ئىستونىدا ئېلان قىلىپ تۇرغان. گوردىمېر 15 يېشىدا يوھاننىسبورگتىكى ھەپتىلىك گېزىتتە ئۆزىنىڭ «ئەتە كېلىمىڭ» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ كەلدى. 1948 - يىلى ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە تۇنجى ھېكايىلار توپلىمى — «يۈزمۇ يۈز» نەشر قىلىندى.

گوردىمېر ئىستېپداتلىق يازغۇچى. ئۇ تۇنجى ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان 10 رومان، 200 دىن ئارتۇق ھېكايە يېزىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىتاب نەشر قىلدۇردى. 1961 - يىلى «جۈمە كۈنىدىكى ئاياغ ئىزى» ناملىق ھېكايىسى ئەنگلىيىنىڭ شىمىس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق ئەللەردە كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. گوردىمېر پسىخىك پائالىيەتلەرنى تەسۋىرلەشكە ماھىر بولۇپ، تۇرمۇش دېتاللىرىنى بالىزاكچە ئىنچىكە كۆزىتىدۇ. ئۇ بۇ ئۇسلۇب ئارقىلىق جەنۇبىي ئامېرىكا جەمئىيىتىنى، تارىخنى ھەمدە رېئال تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، نۇرغۇنلىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن ھەمدە دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بولغان.

گوردىمېر دىققەت ئېتىبارىنى باشتىن - ئاخىر رېئال تۇرمۇشقا قاراتقان، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتلەر تېما قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ 1958 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ناتونۇش ئادەمنىڭ دۇنياسى» ناملىق رومانىدا[1] جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق غايىسىگە مەدھىيە ئوقۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى بۇ كىتابنى ئون يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت چەكلەپ قويغان. گوردىمېرنىڭ 1966 - يىلى نەشر قىلىنغان «زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كاپىتالىزم دۇنياسى» 1979 - يىلى نەشر قىلىنغان «بوگىنىڭ قىزى» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گوردىمېر ئىجادىيىتىدە رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەلكى بېشارەت رېئالىزمى دەپ ئاتالغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندى. ئۇ 1984 - يىلى يازغان «ژۇلىنىڭ قەۋمى» ناملىق ئەسىرىدە جەنۇبىي ئافرىقىدا كەلگۈسىدە ئومۇمىيۈزلۈك پارتلايدىغان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئۇرۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. 1987 - يىلى يازغان «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي» ناملىق ئەسىرىدە كەلگۈسىدە جەنۇبىي ئافرىقىدا قاراتەنلىكلەر ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان يېڭى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلىگەن. تەنقىدچىلەر

بۇ ئەسەرنى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسىرى دەپ قارىغان. ئامېرىكىنىڭ «دەۋر ھەپتىلىك گېزىتى» بۇ رومانىنى 1987 - يىلى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان بەش مۇنەۋۋەر كەسكىن رومانىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىدى.

گوردىمېر جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە قىلچە بوشاشماي قارشى تۇرۇپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان. ئۇ ئەسەر يېزىپلا قالماي، ناھايىتى نۇرغۇن قېتىم ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى بىكار قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغان ھەمدە غايىلىك، ئۈمىدلىك قارا تەنلىك يازغۇچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان. 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنىلا تەقىپ ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتىگە قارىماي سوتقا چىقىپ، ۋەتەن خائىنى، تېررورچى ئۇنسۇر دەپ ئەيىبلەنگەن 11 نەپەر قارا تەنلىك پائالىيەتچى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسىغا گۇۋاھچى بولۇپ، ئۇلارنى ئاقلىدى. گوردىمېرنىڭ ئۆزىمۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسى.

باھالاش كومىتېتى گوردىمېرنىڭ ئىجادىيىتىنى باھالىغاندا، گوردىمېر ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقتىن ئىبارەت ياۋۇز سىياسەتكە زەربە بەردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تارىخىي تەرەققىياتنى ئېنىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە بۇ مۇساپىنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ، كىتابلار قاتتىق تەكشۈرۈلۈۋاتقان ۋە خەلق زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان، ساقچىسى ئىنتايىن كۆپ بىر ئەلدە ئۇ باشتىن - ئاخىر ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى كۈرەش قىلغاچقا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئۇلۇغ ئەرباب بولۇپ قالدى، دەپ قارىدى. ھازىر جەنۇبىي ئافرىقىدا بەزىبىر جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. بەزى تەنقىدچىلەر جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە رېئاللىقنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش توغرا ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ياكى ئەكس ئەتتۈرەلمەسلىك گوردىمېرنىڭ ئالدىدىكى يېڭى سىناق، دەپ قارىماقتا.

(«ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1991 - يىلى 17 - ئۆكتەبىردىكى سانىدىن)

**كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى**

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 3 - قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەر

### مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى

| | |
|---|---|
| ئابدۇراخمان ئەبەي | شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن |
| خۇاڭ دېجۈڭ | ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىن |

### 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

| | | |
|---|---|---|
| چۆل ئوغلى | (پوۋېست) | نۇرمەھەممەت توختى |
| ئۇ نېمە؟ | (تېپىشماقلار توپلىمى) | توختاش بەكرى |
| بوۋام قۇشلار تىلىنى بىلىدۇ | (ھېكايە) | سەلەي قاسىم |
| مەن دۆت ئەمەس | (ھېكايە) | رۇقىيە تۇردۇش |
| بالىلار، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار | (ھېكايە) | ئابدۇراخمان ئابدۇغوپۇر |
| باغچە قوينىدا | (شېئىر) | ھەسەن تىلىۋالدى |
| چاشقانلارنىڭ قايغۇسى | (چۆچەك) | ئەخەت ھاشىم |
| بىر جۈپ بۇغىنىڭ سەرگۈزەشتىسى | (توپلام) | لۇي شەنجى |
| ئېزىپ قالغان جېن جېن | (چۆچەك) | نيۇ بەيگۇڭ |
| بوستان ھەققىدە چۆچەك | (سېكىل) | رۇچىڭ |
| خىيالچان بالا | (سېكىل) | چۇ جىن |
| چارۋا مەيدان ئۆسمۈرلىرى | (سېكىل) | جاڭ شياۋخۇا |
| يېشىل باغچە | (پوۋېست) | ئورازقان ئەخمەت |
| نۇرادىل ھەققىدە ھېكايە | (پوۋېست) | مالىك شاباقبېك |
| ئاق كەپتەر | (ھېكايە) | فۇ سۇگجى |
| خۇدا قارغىغان تاغمۇ؟ | (ھېكايە) | ئابدۇراخمان ئىسمائىل |

## 2 ـ دەرىجىلىك موكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

| | | |
|---|---|---|
| چۆجە خورازنىڭ دوست تېپىشى | (مەسەل) | ئۆلپەت جېلىل |
| ئاقمۇەت | (ھېكايە) | مەھەممەت ئىمىن |
| تـوغراق | (نەسىر) | ئىبادەت راخمان |
| سىرلىق تاغنىڭ سىرى | (چۆچەك) | ئېزىز ھەسەن |
| سىرنى يېشىمەن | (شېئىر) | ئابلىمىت قۇربان |
| بوۋامنىڭ ھېكايىسى | (باللادا) | تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن |
| ئېزىپ قالغاندا | (ھېكايە) | ئادىل ئابدۇراخمان |
| ئاق يولۋاس | (ھېكايە) | ئەخمەتمەھەممەت |
| سىرلىق يېشىل نۇر | (ھېكايە) | سۇلتان ھاشىم |
| ئالتۇن زەنجىرلىك مېدالىئون | (ھېكايە) | مەھەممەت شانىياز |
| جاپاكەش ئانا | (شـېئىر) | ئابلىكىم ھەسەن |
| گۆش يېمەيدىغان بالا | (ھېكايە) | يارمەھەممەت تۇرسۇن |
| مەن مۆكۈشمەك ئوينىدىم | (شېئىر) | مەمتىمىن بارى |
| ئۆزگىرىشچان كۆرۈنۈش | (ھېكايە) | شەن شۆ |
| ياىلاقتا بەخت ئىزلەپ كەلگەن قارلىغاچ | (ئەدەبىي ئاخبارات) | فىك شۇ |
| زەھەرلىك كۆز | (ھېكايە) | ما يەن |
| نومۇر بويىچە | (ھېكايە) | خۇدۇ |
| دادامنىڭ بالىلىقى | (ھېكايە) | ۋاڭ گاڭلۇڭ |
| بۆرىنى يەم بىلەن تۇتۇش | (ھېكايە) | شياۋ يۇ |
| قۇشلار بەزمىسى | (چـۆچەك) | لۇ لىڭخې |
| تەڭرىتاغدا گۈل تېرىش | (شېئىر) | سۈن جياجىن |
| ماجىرا | (ھېكايە) | پىڭ چېڭخۇي |
| ياتلىق بولۇش | (ھېكايە) | ۋۇ جاۋخۇڭ |
| قارا تاي | (ھېكايە) | ئورازقان قاناپىن |
| ئېلان قىلىنمىغان ماقالە | (ھېكايە) | ئەخمەتۇللا قالىي |
| بازارلىق | (توپلام) | سالى سادىۋاققاس |
| مايىسلار | (توپلام) | داۋۇتبېك ئازامات |
| بالا قەلبى | (توپلام) | بەتىش ئاقىن قىزى |
| ھېكايىچى | (ھېكايە) | تۆلەۋباي دوشىق |
| سەبىي قەلب | (ھېكايە) | بېلىگ دالاي |
| بەختىيار بالىلار | (شېئىر) | ت. بالدىر |
| باتۇر بالا | (باللادا) | توختىنىياز |

www.uyghurkitap.com

ئوردۇلانلىق سازەندە باللار (ئوچېرك) مارقان تۇقتاسىن

ئوغۇل قەلبى (ھېكايە) لى لىن

## مۇنەۋۋەر باللار ئەدەبىياتى مۇھەررىرلىرى

| | |
|---|---|
| سەمەت مەمتىلى | «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدىن |
| ھوشۇر ئەخمەت | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن |
| روزىمەھەممەت جۇمە | «تارىم» تەھرىر بۆلۈمىدىن |
| ۋاڭ جېك | «بوستان» تەھرىر بۆلۈمىدىن |
| ياڭ شياۋفېن | «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» دىن |
| ياڭ فۇلى | «خۇاشيا ئۆسمۈرلىرى» دىن |
| ئورازقان | «شوغىلا» تەھرىر بۆلۈمىدىن |
| جاناربېك ئاساۋكىن | «كىچىك بۈركۈت» تەھرىر بۆلۈمىدىن |
| باتبايار | «شىنجاڭ گېزىتى» موڭغۇل بۆلۈمىدىن |
| مۇسا ئىساق | «قىزىلسۇ گېزىتى» دىن |

## «تارىم» مۇكاپاتىغا ئەسەر قوبۇل قىلىنىدۇ

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق شانلىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىز بۇ يىل «تارىم» مۇكاپاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. «تارىم» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋر روھىغا ئىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدىكى رېئال تۇرمۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قىزغىن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ھەرقايسى سەپلەردە كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان شەخسلەرنىڭ تەسىرلىك ئوبرازى يارىتىلغان، كىشىلەرنىڭ يېڭىچە روھىي قىياپىتى، كۈرەش ئىرادىسى، غايىسى ئىپادىلەنگەن، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى، بەلگىلىك يېڭىلىق يارىتىلغان ئەسەرلەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

«تارىم» مۇكاپاتىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن بىر پوۋېست، بىر ھېكايە، بىر شېئىر، بىر ئەدەبىي ئاخبارات، بىر ئەدەبىي ئوبزور تاللىنىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



كەسپي يازغۇچىمىز تۇرسۇنئاي
هۇسيىن 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ
كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ياش
يازغۇچىلار ئۆمىكى تەركىبىدە سوۋېت
ئىتتىپاقىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

سۈرەتتە: ئۇ موسكۋا كرېمل

سارىيى ئالدىدا ۋە قىزىل مەيداندا.






باش مۇھەررىر: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئارسلان
مەسلىھەتچىلەر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

---

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. ئارسلان. ئابدۇروسۇل ئۆمەر. ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن. قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن. مەھمۇد زەيدى. ئىمىن تۇرسۇن. ئىمىن ئەخمەدى، زوردۇن سابىر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئتارىم

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1992 ـ يىل 1 ـ سان ( 371 ـ سان ) ، 42 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002 ـ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى : 830000